

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# گۈلنىڭ ئېچىلمىقى قىيىن

## ئىككىنچى قىسىم

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# گۈلنىڭ ئىچىدىكى تىكەن

( رومان )

## ئىككىنچى قىسىم

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىكىم ھەسەن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **دىليار تۇرسۇن**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **مۇراددىل ئابىت**

# گۈلنىڭ ئېچىلمىقى قىيىن

(رومان)

(2 ـ قىسىم)

ئاپتورى: **ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت**

*


شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230×880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 11.25
2012 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978－7－5371－9857－8
سانى: 3000－1
ئومۇمىي باھاسى: 60.00 يۈەن


بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

## ئىككىنچى قىسىم

ئون بىرىنچى باب گۈل ۋە تىكەن ........................ 409
ئون ئىككىنچى باب خەير، گۈلپەرى ...................... 450
ئون ئۈچىنچى باب تۇرمۇش داۋانلىرىدا ................... 521
ئون تۆتىنچى باب چىن ھېسسىيات، ئەمما ............... 585
ئون بەشىنچى باب ھاياتلىق گۈلگە ئوخشايدۇ ........ 614
ئون ئالتىنچى باب يىگىت بېشى ئېگىلدى .............. 663
ئون يەتتىنچى باب گۈل پەسلى ........................... 707

# ئون بىرىنچى باب

## گۈل ۋە تىكەن

قايناق ھېسسىياتلارنىڭ سېھرىي كۈچىدە شېرىن ئەللەيلىنىپ، تۈيا - تۈيمايلا يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ 2002 - يىلنىڭ تۇنجى كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى.

ئەتىگەنلىك ناشتىنى تەييارلاپ قويغان سائادەت ئالىم بىلەن رابىيەنى نەچچە رەت چاقىرغان بولسىمۇ، كېچىچە يېڭى يىلنى تەبرىكلەش زىياپىتىگە قاتناشقان ئۇ ئىككىسى ھېچ ئورنىدىن تۇراي دېمەيۋاتاتتى. سائادەت بولسا ئاخشام ئۆزى ئولتۇرغان ئولتۇرۇشتا پەيشۇرغان مەسلىھەتى بويىچە ئۇلارغا بىر گەپنى دېيىشكە كۆڭلى تېنەۋاتاتتى.

سائادەت قايتا - قايتا چاقىرىۋەرگەچكە ئۇلار ئاخىرى سائەت توققۇزلار بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. چارچاش ۋە ئۇيقۇسى قانماسلىق سەۋەبىدىن ئۇلار زورغا ناشتا قىلىشتى.

ئۇيقۇسى ئاستا - ئاستا ئېچىلغان ئالىم سائەتكە قاراپ سەل تېنەپ قالدى. ئۇ چوكىسىنى قويۇپ چېچىنى

يۈيۈپ، كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلدى. يېڭى يىل ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدىن پەرھاتمۇ كەلگەن بولغاچقا، ئۇلار بۇگۇن سائەت ئونلار بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ ئاخشامقى ئولتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغانىدى.

— يەنە ئالدىراپ نەگە؟— سورىدى سائادەت.

— پەرھاتنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولغانىدۇق،— دېدى ئالىم ئىشىككە مېڭىپ.

— توختا، ساڭا دەيدىغان مۇھىم ئىش بار،— دېدى سائادەت جىددىي تەلەپپۇزدا. بۇنىڭ بىلەن ئالىم توختاشقا مەجبۇر بولدى. رابىيە ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ئولتۇر،— دەپ بۇيرۇدى سائادەت ئالىمنى. ئالىم بىرىپ ئاپىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— ئىشتاتىڭ ھەل بولۇپ خىزمىتىڭدىنمۇ خاتىرجەم بولدۇڭ،— دېدى سائادەت خۇددى بىر مۇرەككەپ سۆھبەتنى باشلىماقچى بولغاندەك ئالدىرىماي سۆزلەپ،— يېشىڭلارمۇ بىر يەرگە باردى. ئەمدى تۇرمۇش ئىشلىرىڭلارنى ئويلاشمىساڭلار بولمايدۇ. بۇ ھەقتە مەن بۇرۇن رابىيەگىمۇ ئېيتقان.

بۇنى ئاڭلىغان رابىيەنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولۇپ چوكىسىنى ئاستا قويدى.

— ئالىم، ئاتاڭ بىلەن ئىككىمىز ئۇزۇندىن بۇيان سېنىڭ تۇرمۇش ئىشىڭنى ئويلىشىپ كېلىۋاتىمىز. مانا

ئەمدى پۈرسەتمۇ كەلدى. شۇڭا سېنىڭ تۇرمۇش ئىشىڭنى چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ.

— نېمىگە ئالدىرايسىلەر، — دېدى ئالىم بۇ تېمىدىكى سۆھبەتتىن ئۆزىنى ئەپقېچىپ، — مېنىڭ ئۆيلاپ قويغان يېرىم بار.

سائادەت ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى، ئاندىن بېشىنى چايقىدى:

— بىزنىڭمۇ ئۆيلاپ قويغان يېرىمىز بار.

— بولدىلا، ئاپا، — دېدى ئالىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ كۈندىمۇ شۇ گەپنى دەپ يۈرەمسەن.

— ئولتۇر! — قاتتىق ئاۋازدا بۇيرۇدى سائادەت. ئاپىسىنىڭ بۇنداق ئاچچىقىنى كەمدىن - كەم كۆرىدىغان ئالىم يەنە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

— ئاتاڭ ئىككىمىز بۇ ھەقتە شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان باش قاتۇرۇپ، كۆپ ئويلىنىپ، ئەمدى بىر قارارغا كەلگەن تۇرساق، سەن ھېچنېمىنى ئاڭلاپ باقمايلا ئۇنداق - مۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ بىز يەنىلا ساڭا ياخشى بولسۇن دەۋاتىمىزغۇ. شۇنچە ئىغىرىڭنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان يەردە ئەمدى كېلىپ ساڭا يامان بولىدىغان ئىشنى سايە قىلىمىزمۇ؟ بىز ھەممىمىزگە ئوبدان بولىدىغان ئىشنىڭ كويىدا يۈرسەك، سەن قوپۇپ گېپىمىزنى چورتلا قايرىۋەتسەڭ بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى؟

— ئاپا، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەرنى چۈشىنىمەن، — دېدى ئالىم يېلىنىش تەلەپپۇزىدا، — سىلەر ئەلۋەتتە

تۇرمۇشۇمنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئويلايسىلەر. مەن بۇنى بىلىمەن، لېكىن...― ئالىم بىردەم تۇرۇۋۇەتكەندىن كېيىن ئويلىغىنىنى پوسۇقىدە دەۋەتتى،― لېكىن ماڭا لايىق ئادەمنى ئۆزۈم تاللىشىم كېرەك ـ تە.

― بىزمىچۇ، ساڭا تازا لايىق كېلىدىغىنىنى تاللايمىز دەۋاتىمىز.

― ئاپا، بۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭ قانداق بولىدۇ؟ هازىرقى تۇرمۇشنى بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟

― بىز كۆرمىگەن تۇرمۇشمۇ ئۇ؟ سىلەر «كۆڭۈل، كۆڭۈل» دەپ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ تۈتامى يوق ئىشلارنى قىلىسىلەر. ئاخىرى بېرىپ چوڭلارغا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تاپقان. بۇ گەپلىرىم ساڭا هازىر بىئەپ بىلىنگەن بىلەن كېيىن «ئاپام توغرا دەپتىكەن» دەپ قالىسەن.

رابىيە بۇ سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدىكىن، دەپ جىددىيلىشىپ ئولتۇراتتى.

― ئاپا، بىز ۋەدىلىشىپ بولغان. ئەمدى بولغاندا سىلەرنىڭ گېپىڭلەرگە كىرىپ... ئاپا، بولدى، ئەمدى بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشمايلى. ۋاقتى كەلگەندە مەن ئۆزۈم ئېيتىمەن.

― «ۋاقتى كەلگەندە» دەپ... ۋاقتى كەلگەندە بىزنى كۆزنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇرسۇن دەمسەن؟ گەپ بولسا ئالدىنئالا دېيىشەيلى.

― ئاپا، مەن ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى خالىمايمەن.

رابىيە ئاكىسىنىڭ بۇ گېپىدىن سۆيۈندى ھەم ئاكىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدى. بۇرۇن قانداق ئالىم ئىدى ـ ھە ئۇ!؟ ھېلى بىر قىزنىڭ كەينىدىن «چىرايلىقكەن» دەپ چاپسا، ھېلى بىر قىزنى «ئوماقكەن» كەينىدىن يۈگۈرەيتتى، ئارقىدىنلا يەنە بىر قىزنى «بەك مودا ئىكەن» دەپ ئۇ قىز بىلەن تونۇشۇشنىڭ كويىغا چۈشەتتى. شۇنداق قىلىپ بەزىدە ئىككى قىزغا تەڭ قانات سۆرەيتتى. بەزىدە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ قالغان رابىيە ئاكىسىنىڭ ئۇجمە كۆڭۈللۈكى تۈپەيلى بەزى قىزلارنىڭ ئالدىدا نومۇستىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ھەقىقىي يىگىتلەردەك گەپ قىلىۋاتىدۇ.

سائادەت ئالىمنىڭ قاتتىقلىقىنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن ئاچچىقلاندى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى:

ــ ياپىر، سەن كەپسىزنى مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغان قىلىۋەتكەن كىم قىز ئۇ؟

ــ ساڭا دېگىنىم بىلەنمۇ سەن بەرىبىر تونۇمايسەن.

ــ ھە، بوپتۇ. ئۇ قىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ئالىم بەزى ئىشلارغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغان كوچا يىگىتلىرىگە خاس تەلەپپۇز بىلەن ئۇدۇللا ئېيتتى:

ــ ئۆتكەن يىل ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ھازىر بىكار. ئالدىمىزدا خىزمەت تاپماقچى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان رابىيە «ئاپلا!» دەپ قالدى. دېگەندەك، بۇ گەپنى ئاڭلىغان سائادەت ھەيرانلىقتا

ئۇلتۇرۇپلا قالدى. ئارقىدىن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ سورىدى:
— ئائىلىسىچۇ؟
رابىيە ئالدىرىماسلىق تۇغرۇلۇق شۇنچە ئىشارەت قىلسىمۇ ئالىم دەۋەردى:
— ئاتىسى تۇگەپ كەتكەن، ئاپىسى باغ - ئورمان باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ.
— توۋا! — دەپ ياقىسىنى تۇتتى سائادەت. ئۇ ئالىمغا چەكچىيىپ قاراپلا قالغانىدى.
— ئاپا، ئۇنداق بولغان بىلەن گۈلپەرى ناھايىتى ئىقتىدارلىق قىز، — دېدى رابىيە كەيپىياتنى تەڭشەش ئۈچۈن.
ئەمما، سائادەت ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلمىدى.
— ئالىم، سەن... سەن... سەن زادى نېمىنى ئويلاپ بۇ گەپنى دەۋاتقانسەن؟ — سائادەت ئەلەملىك كۈلدى، — ماقۇل، ئۇ قىز نەدىن خىزمەت تاپىدۇ؟
— مەن ياردەم قىلىمەن. بولمىسا سىلەر بارغۇ؟
— ئالىم! — سائادەت ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىرىۋەتتى، — مەن ساڭا دەپ قويااي، بۇ گەپنى ئاتاڭ ئاڭلايدىغان بولسا... بىزنى ئايىساڭ بولمامدۇ؟
ئالىم بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئاچچىقتىن سائادەتنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتكەنىدى.
— سەن شۇنداقمۇ قىزنى تاپامسەن؟ — دېدى ئۇ، — نېمىشقا ئەتراپلىق ئويلاپ باقمايسەن؟ نېمىشقا كاللاڭنى ئىشلەتمەيسەن؟ سەن نېمىشقا ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن؟

— چۈشەنمەيدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟ — دېدى جەھلى قاتقان ئالىممۇ، — سەن ئۇلارنى بىزگە ماس كەلمەيدۇ دەۋاتىسەنغۇ.
— مانا بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا خۇپسەنلىك بىلەن ئىش قىلىسەن؟
— ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بىزگە ماس كەلمىگەن بىلەن قىز ماس كەلسىلا بولمامدۇ؟
— ئالىم! مېنى تېرىكتۇرمە! — سائادەت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — بۇنىڭ دەپ تۇرغان گېپىنى! بىز نېمە خىياللار بىلەن يۈرىمىز؟ «ھە» دەپ قويۇپ بەرسەك تاپقان يېرىنى ئۇنىڭ. يا خىزمىتى يوق، ئائىلىسىنىڭ ھالى بولسا شۇ... مەن قۇدام دەپ شۇلارنى سۆرەپ يۈرسەم... ۋاي ئۆلەي... قېنى بىر قول - ئىلكىدە بار باي ئائىلە بولغان بولسىمىغۇ...
ئاپىسىنىڭ ئاخىرقى گېپى بىلەن رابىيەنىڭ كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇپ كەتكەندەك بولدى ۋە يېنىك تىنىپ قويدى. باياتىندىن بېرى ئۇ ئاكىسى ئۇچۇن غەم يەپ ئولتۇرغان بىلەن ئۆزى ھەققىدىكى ئەندىشە يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغانىدى.
— ئاپا، خەقنى بىر نېمە دەپ كەتمە، مەنمۇ ئاددىي بىر شوپۇرغۇ.
رابىيە ئاكىسىغا ھەيرانلا قالدى: شۇ تاپتا رابىيەنىڭ نەزىرىدە ئاكىسى باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. خېلىغىچە قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ كەتكەن سائادەت:
— ئالىم، سەن تولا مېنىڭ ئاغزىمنى ئاچما! — دېدى

ئېغىر تىنىپ، — بۇ گەپ ئاتاڭنىڭ قۇلىقىغا يەتمىسۇن. ئۇقىزاتىن بۇيان ئاتاڭ ئىككىمىز مۇشۇ ئىشنى ئويلاپ كېلىۋاتىمىز. بىز جىق كېڭىشىپ ئاخىرى بىرلىككە كەلدۇق.

ئەمما، ئالىم جىممىدە ئولتۇرۇۋەردى. رابىيە ئاپىسىنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قالدى.

— سەن تولا نېرى - بېرى دېمەي ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈپ باق. بىزمۇ ساڭا بوش يەردىن تاپمىدۇق. تۇتسا سېپى، ئاتىسا ئېتى بار ئادەملەر. ئۇ قىزنىڭ ئاتىسى تاللىق يېزىسىنىڭ باشلىقى، ئۆزىمىزمۇ ئۇلار بىلەن ياخشى ئاغىنىدارچىلىق قىلىشىمىز. قارا، مۇشۇنداق ئائىلە بىزگە ماس كېلىدۇ.

ئالىمنىڭ تۇرقىدىن بۇلارغا قىزىقمىغاندەك ئىدى.

— قىزنى كۆرۈپ باق، ئۇنداق ئېسىل قىز شەھەردە بىر، ھە، راست، رابىيە، — سائادەت رابىيەگە بۇرۇلدى، — سەن بىلىسەن، ئۇ سىلەرنىڭ ئىدارىدىكى شېرىنگۇل.

— نېمە! — رابىيە ھەيرانلا قالدى، — بىزنىڭ شېرىنگۇلما؟ شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن ئۇسسۇلچى قىز، ئۇسسۇلنى كارامەت كاتتا ئوينايدۇ. ئۇ ئاجايىپ چىرايلىق قىز. «كۈمۈش لېنتا» دېگەن داڭلىق شىركەتنىڭ ئوبراز ۋەكىلى. شۇلارنىڭ ئىككى ئېلانىغا چىققان.

ھەيرانلا قالغان رابىيە ۋالاقلاپلا كەتتى. ئاندىن يادىغا نېمىدۇر كەلگەندەك بولۇپ پەسكويغا چۈشتى. ئويلىمىغان

يەردىن ئالىمنىڭ چىرايىدا قىزىقىش ئالامەتلىرى پەيدا بولۇۋېدى، رابىيەنىڭ يۈرىكى تىترەپ كەتتى. شۇ تاپتا: «ئەگەر ئاكام شېرىنگۈل بىلەن... ئۇ چاغدا گۈلپەرى ئەركىن ئادەمگە ئايلانسا، ئۆمەرجان...» دېگەن ۋەھىمىلىك ئوي رابىيەنىڭ ئۈستىگە شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلگەندى. شۇڭا ئۇ بايا دېگەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى.

رابىيەنىڭ گەپلىرى بىلەن سائادەتنىڭ چىرايىدا غالىبلىق ئىپادىسى پەيدا بولدى:

— هازىر بىز چوڭلار مەسلىهەتنى پىشۇرۇپ بولدۇق. ئالىم، ئالدى بىلەن سەن شېرىنگۈل بىلەن كۆرۈشۈپ باق، ئاندىن بىر نېمە دېگىن.

— بولدى، كۆرۈشەي، ئاپا،— دېدى ئالىم بوش ئاۋازدا. سائادەت ئالىمنىڭ تەلەپپۇزىدىكى ئۆزگىرىشنى سەزدى ۋە مىيىقىدا كۈلدى:

— ئۇنداق بولسا رابىيە باشلاپ چىقسا كۆرۈپ باق. ئاتا - ئانىسى شېرىنگۈلگە هازىرچە ئۇقتۇرمايدىغان بولغان. رابىيە، سىز چاندۇرماي ئورۇنلاشتۇرۇڭ. قالغان ئىشقا ئاتىڭىز بىلەن ئىككىمىز بار.

رابىيە مەيۈس هالدا بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ تۇرقىدىن شۇنى پەرەز قىلىپ بولدىكى، ئاكىسىدىكى بايىقى ئىپادىلەر ۋاقىتلىقلا ئىكەن. مانا چىرايلىق قىزنىڭ گېپى چىقىۋىدى، بىردىنلا ئەسلىگە قايتتى، بايىقى كەسكىنلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

ئالىم: «كۆرۈپ باقسام كۆرۈپ باقتىم، لېكىن نىمىلا بولغان بىلەن گۈلپەرىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن» دەپ ئويلاپ ئۆيدىن چىقتى.

شېرىنگۈل سەۋەبلىك ئۆز ئىشىدىن ۋايىم يەپ قالغان رابىيە ئاكىسىنىڭ كەينىدىن چىقىپ ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن: «ئۆمەرجان بىلەن شۇنداق ياخشى ئۆتۈۋاتساق، ئۇنىڭ ئۇستىگە دوستلار، ھەتتا گۈلپەرىمۇ ئوقۇپ بولغان تۇرسا، ئۆمەرجان ئۇنداق قىلىپ يۈرمەس... ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنى شېرىنگۈل بىلەن كۆرۈشۈشتىن توسۇسام ئاپام بىلىپ قالسا مېنىڭ ئىشىمغىمۇ چاتاق سالمىسۇن» دەپ ئويلاپ بولدى قىلدى. شۇنداقتىمۇ، رابىيەنىڭ سۆيگۈگە تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرىكىگە دەرد ـ ئەلەم سايە تاشلىغاندەك بولدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆمەرنىڭ ئۆزىنى ئىزدىمەسلىكى رابىيەنىڭ ئىچىگە جىن سېلىپ قويدى. دەسلەپتە ئۇ: «بەلكىم ئۆمەرجاننىڭ سودا ئىشى ئالدىراش بولۇپ كەتكەندۇ؟ بولۇپمۇ يېڭى يىل كەلگەن مۇشۇنداق كۈنلەردە رېستورانلار بەك بېسىق بولۇپ كېتىدۇ» دەپ بەزلەپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بەزلەشلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن رابىيەنىڭ ئىچى تىتىلداپ پەقەت ئولتۇرالمىدى. خۇددى شۇ تاپتا مەلۇم بىر مۇدھىش كۈچ ئۆمەرنى ئۇنىڭدىن بارغانچە يىراقلىتىپ كېتىپ بارغاندەك بىلىنىپ بەك

خاتىرجەمسىزلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمەرگە چاقىرغۇ قىلدى. سەل ئۆتۈپ تېلېفون قايتتى.

— ۋەي، ئۆمەرجان، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ تېلېفون قىلايمۇ دېمەيسىز؟ يوقلا بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟...

— تىنچلىقمۇ، رابىيە؟ مەن شۇ تاپتا بىر سودىگەر بىلەن ھەمكارلىشىپ سودا قىلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتاتتىم. ئىشىم تۈگىگەندە ئايرىم تېلېفون قىلاي. سەل تۇرۇپ كۆرۈشەيلى — ھە. خوش ئەمىسە.

تېلېفون ئۈزۈلدى.

رابىيە تۇرۇپكىنى تۇتقانچە تۇرۇپ قالدى. ئۆمەرنىڭ سۆزىنى ئويلاپ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى. چۈنكى، رابىيە نەچچە كۈندىن بۇيان يېگىنىشەھەردىكى بىر تېرە سودىگىرىنىڭ ئۇنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۆمەر ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ سودا قىلىش ئىشىدا ئىككىلىنىپ قالغان بولغاچقا، رابىيەگىمۇ مەسلىھەت سالغانىدى. بۇ كىچىك ئىش بولمىغاچقا ئۆزئارا كېلىشىپ بولغۇچە ۋاقىت كېتىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا، رابىيە ئۆمەرنىڭ بايىقى گېپىگە ئىشەندى ۋە: «ئۆمەرجان سەل تۇرۇپ ماڭا تېلېفون قىلىدۇ. بىز كۆرۈشىمىز. مانا ھەممە ئىشىمىز شۇنچە ئېنىق تۇرسا، يەنە نېمىدىن ئەندىشە قىلاي» دەپ خۇشال بولدى.

※ ※ ※

قىش كۈنى بولغاچقا باغچىنىڭ ئالدى چۆلدەرەپ

قالغانىدى. باغچىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدى بوش بولۇپ، ئالىمنىڭ ماشىنىسى توختىتىلغانىدى.

— بايا ئۆمەرجانغا گەپنى ئېنىق قىلىپ، ئەمدى رېستوراندا ناخشا ئېيتمايدىغان بولۇپ يېنىپ كەلدىم،— دېدى گۈلپەرى.

— نېمانچە سوزۇۋەتتىڭىز بۇ ئىشنى؟— دېدى ئالىم نارازى بولغاندەك،— سىز بۇ ئىشقا قوشۇلغىلىمۇ نېكەم. «مۇقىم بىر خىزمەت تاپىدىغان بولدۇم» دېسىڭىزلا بولىدىغان ئىشقۇ ئۇ؟

گۈلپەرى ئالىمنىڭ خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى:

— خاپا بولماڭە، ئالىم. شۇ تاپتا ئۆمەرجان باشقا بىر چوڭ سودىنىڭ كويىدا پالاقلاپ يۈرىدۇ. رېستورانغا قارايدىغانغا ۋاقتى يوق. شۇنداق تۇرسا مەن جىددىي پەيتتە كېتىمەن دېسەم، ئۇنىڭ مۇۋاپىق ناخشىچى تېپىشىغا چولىسى تېگەمدۇ؟ ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئۆمەرجانمۇ ئەينى ۋاقىتتا بىزگە ياخشىلىق قىلغان. ئەمدى ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنى قىيىنچىلىقتا قويساق...

— سىز ئۇنچىلىك باش قاتۇرمىسىڭىزمۇ ئۆزى بىر ئامال قىلار ئىدىغۇ؟ ئامالى كۆپ ئۇنىڭ.

— شۇنداق بولسىمۇ، بىزدىن نېمە كېتەتتى، ئالىم، ئۆيدە بىكار تۇرغاندىن بىرنەچچە ۋاقىت ئارتۇق ناخشا ئېيتىپ قويدۇم شۇ. ئۆمەرجانغا رەھمەت ئېيتىپ قويغىنىمىز بولسۇن.

— ياق، ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن...

— بولدىلا، ئالىم، ئۆمەرجانغا ياردەم قىلغىنىمىز ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزگە ياردەم قىلغىنىمىزغۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىم رابىيەنى يادىغا ئېلىپ جىم بولدى، ئەمما گۇلپەرى بولسا خۇددى ئۆزى بىلەن ئۆمەرجان ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتتىن ئالىم خەۋەر تېپىپ قېلىپ مۇشۇنداق سوراقلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

گۇلپەرى ھېلىقى ۋاقىتتىن — ئالىم بىلەن ئىككىسى گۇلپەرىنىڭ رېستوراندا ناخشا ئېيتىشىدىن توختاش توغرۇلۇق دېيىشكەندىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆمەرجاننىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— ئۆمەرجان، مەن ئەمدى رېستوراندا ناخشا ئېيتىشتىن توختاپ قالايمىكىن، دەيمەن.

ئۆمەر ئەجەبلەندى:

— نېمىشقا؟ سىزگە بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە نېمىشقا توختاپ قالماقچى بولدىڭىز؟ بىزدىن رازى بولمىغان يەرلىرىڭىز بارمۇ؟

— ئۇنداق ئىش يوق، ئۆمەرجان. مەن پەقەت بىرەر ئىدارىدە ئىشلەپ باقاي دېگەن.

— مېنىڭچە، سىزنىڭ بىرەر ئىدارىگە ئورۇنلىشىشىڭىز تامامەن مۇمكىن،— دېدى ئۆمەر ئويلىنىپ،— لېكىن سىز رېستوراندا ئۆز ئىقتىدارىڭىزنى شۇنداق ياخشى جارى قىلدۇرۇۋاتىسىزغۇ؟

— كەچ كۈندۈزگە ئوخشاشمايدىكەن. ئادەم كۈندۈزگە ئادەتلىنىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا ھەر كەچلىكى ئىشلەۋەرسە ئادەم چارچاپ قالىدىكەن.

— ئۇنداق بولسا ھەپتىدە ئىككى ئاخشام دەم ئېلىپ، بەش كۈن ناخشا ئېيتىڭ.

— رەھمەت، ئۆمەرجان.

— ئۇنداق بولسا ئۈچ ئاخشام دەم ئېلىڭ.

— مۇنداق ئويلىماڭ، ئۆمەرجان، مەن مۇھەممەت ئالماشتۇرۇپ باقاي دېگەن.

— مەن چۈشەندىم، — دېدى ئۆمەر ئۇھ تارتىپ، — ئۇنداقتا قاچان توختاي دەيسىز؟

— مۇمكىن بولسا بۈگۈندىن باشلاپ...

بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر خېلىغىچە جىمىپ كەتتى.

— گۈلپەرى، سىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيدىغان يەردە ئەمەس. مۇشۇ كۈنلەردە كۆڭلۈم بەك پاراكەندە. رابىيە بىلەن يۈرۈۋاتقىنىم بىلەن بۇ ئىش ماڭا خۇشاللىق ئەمەس، بەلكى بېسىم بولۇۋاتىدۇ. مەن رابىيەنى رەت قىلالماي قالدىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام توغرا قىلغاندەكمۇ قىلىمەن، خاتا قىلغاندەكمۇ قىلىمەن...

— ئۇنداق دېمەڭ، ئۆمەرجان، رابىيە بىلەن ئوبدان ئۆتۈڭ. ئۇ شۇنداق ياخشى قىز.

— ئەمما، گۈلپەرى، سىز ئاللىقاچان بىلىپ بولدىڭىز. گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ: سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سىز بىلىسىز. مەن رابىيە بىلەن كۈنبويى بىللە يۈرگەننىگە قارىغاندا، سىزنى رېستوراندا

كۆندە بىر قېتىم كۆرۈۋالسام كۆڭلۈم توق بولۇپ قالىدۇ.

گۈلپەرىنىڭ بۇ ھەقتە سۆزلەشكۈسى كەلمىدى:

— ئۆمەرجان، بۇ ھەقتە سۆزلەشمەيلى. سىز رابىيەنى قەدىرلەڭ.

— قەدىرلەشنى قەدىرلەيمەن، لېكىن قانچىلىك قەدىرلىگەن بىلەن مۇھەببەت باشقا نەرسە ئىكەن. گۈلپەرى، بىر - بىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۆتۈپ كەلدۇق. سىزدىن ئۆتۈنۈشۈم: سىز يەنە بىر مەزگىل ئىشلەپ بەرگەن بولسىڭىز. مەن باشقا بىر سودىنىمۇ قىلىپ باقاي دېگەن، شۇ سودىغا خاتىرجەم كىرىشىۋالغان بولسام. ئەگەر سىز كېتىپ قالسىڭىز زېھنىم چېچىلىپ كېتىشى مۇمكىن. مەن سىزگە ھەرگىز ئاۋارىچىلىك سالمايمەن. پەقەت كۈندە سىزنى كۆرۈپ، ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرسام بولدى.

ئۆمەرنىڭ مەقسىتىنىڭ سودا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ۋاقىتنى ئۇزارتىش ئىكەنلىكىنى سەزگەن گۈلپەرى سەل ئىككىلىنىپ قالدى:

— بۇنىڭدا قانداق بولار؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۆزۈمنى تۇختىتىۋېلىپ ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالسام سىزنى چىرايلىق ئۇزىتىپ قويىمەن، ئاندىن رابىيە بىلەن توي قىلىپ باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن.

ئۆمەرنىڭ تەلەپپۇزىدىكى ئۈمىدسىزلىكنى سەزگەن گۈلپەرىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە،

ئۆمەرنىڭ گەپلىرىدىن گۈلپەرىگە بولغان كۆڭۈل تارتىشىشى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. گۈلپەرى شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىكى، ئۆمەرنىڭ ھازىرقى دىلغۇل ۋاقتىدا گۈلپەرى پەش قىقىپ كېتىدىغان بولسا ئۆمەر بەلكىم ئۈمىدسىزلىك، ئازاب، مەھرۇملۇق دەستىدىن تۇگىشىپ كېتىشى، باشقا تۇرمۇش ھەلەكچىلىكلىرىگە ئانچە قىزىقمايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەزەلدىن ئۆمەرنى قانداقتۇر بىر نۇقتىدىن يۇكسەك ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن، ھەتتا شۇ نائېنىق نۇقتىدىن بىرنەچچە قېتىم ئالىمنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ غەلىتە تۇيغۇ ئىچىدە قالغان گۈلپەرى ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆمەردىكى مەمنۇنلۇقنى، مۇھەببەتكە تولغان كۆزنى كۆرۈپ يۈرىكى پۇلاڭلاپ كەتتى.

شۇ كۆزنىڭ سېھرىدىن گۈلپەرى رېستوراندا يەنە بىر مەزگىل تۇرۇۋەتتى ۋە بۇ سۆھبەتنى ئالىمدىن يوشۇردى. شۇنداقلا شۇ كۆزنىڭ سېھرى تۈپەيلى ئالىمغا تۇنجى قېتىم يالغان ئېيتتى.

— بوپتۇ، نېمىلا بولسا بۇ ئىشنى تۈگىتىۋالغىنىڭىز ياخشى بوپتۇ.

بۇنىڭدىن كۆڭلى خاتىرجەم بولغان گۈلپەرى ئىككىلىنىپرەك سورىدى:

— سىزچۇ، خىزمەت ئۇقۇشۇپ باقتىڭىزمۇ؟

ئالىم شۇ ھامان ئاپىسىنىڭ شىرىنگۈل توغرۇلۇق

دېگەن گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ تىلى ئېغىرلىغاندەك بولدى:

— پەيتىنى ساقلاۋاتىمەن. ئەگەر پەيتى كەلسە بىر دەمدىلا ئوڭشىۋېتىمەن. ئاتام شەھەر باشلىقى تۇرۇپ شۇنچىلىك ئىشنى قىلالمىسا... سىز ھېلىقى مەركەزدە ئوقۇۋاتقان تۇرۇڭ. بولۇپمۇ كومپيۇتېر دېگەننى ئوبدان ئۆگىنىڭ.

— ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇ - بۇ ئىشلارنى باھانە قىلىپ تەربىيەلەش مەركىزىگە ئىزچىل بارالمىدىم. ئەمدى باشقا ئىشىممۇ بولمىغاندىكىن، كۆپرەك ئۆگىنىپ بۇرۇنقى بوش كەتكەن ۋاقىتلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرمىسام بولمايدۇ.

شۇ ۋاقىتتا ئالىمنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى.

— رابىيە ئىكەن،— دېدى ئالىم ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ،— «جىددىي ئىش بار» دەپتۇ. نېمە ئىشى باركىن؟ تېلېفون قايتۇرۇپ باقاي. ئالدىمىزدا تېلېفونخانا باردەك قىلىۋىدى.

ئۇ ماشىنىسىنى بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا توختىتىپ چۈشۈپ كەتتى. گۈلپەرىنىڭ خىيالىغا ئۆمەر كىرىۋالدى. ئۇلار ئاچە كۆپ ئارىلاشماي تۇرۇپلا ئۆمەر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. گۈلپەرىچۇ؟ «لەززەت تورتخانىسى»دا تۇنجى قېتىم يالغۇز سىردىشىپلا ئۆمەرگە نىسبەتەن يېقىنلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئىنساننىڭ ھېس - تۇيغۇسى نېمىدېگەن قىزىق - ھە؟!

ئازدىن كېيىن قايتىپ چىققان ئالىم:

— رابىيە «گۈلباغ يېزىسىدىكى بىر ساۋاقداشىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويي. مۇھىم ئىشىم بار» دەۋاتىدۇ، — دېدى يالغان ئېيتىپ.

— ئۇنداق بولسا بېرىۋېرىڭ. مەن ئۆيگە قايتاي.

— بىللە بارايلى.

— بولدى، بېرىپ ماتېرىياللارنى تەييارلاپ چۈشتىن كېيىن تەربىيەلەش مەركىزىگە باراي.

— بولىدۇ، ئەمىسە مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي.

ئالىم تۆت كوچا دوقمۇشىغا بارغاندا رابىيە بىر دوستى بىلەن ساقلاپ تۇرغانىكەن.

رابىيەلەر ماشىنىغا چىققاندا ئالىم كەينىگە بۇرۇلۇپ سىڭلىسىنىڭ دوستىغا سالام قىلدى، ئەمما ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇ قىز شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدى. كۆزلىرى خۇمارلىق، تېرىسى سۈزۈك، چېچىنىڭ پاسونى يۈز كېپىنىگە شۇنداق ماسلاشقان، كىيىملىرى ئېسىل ۋە يارىشىملىق، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن قىزلارغا خاس خۇش ھىد كېلىپ تۇرىدۇ. ئالىم بۇنداق چىرايلىق قىزنى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ، دەپ پەقەت ئويلىمىغان ئىدى. «قارىغاندا، بۇ قىز ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئوخشايدۇ. ئادەم بالىسى مۇنداقمۇ چىرايلىق بولامدۇ؟ بۇنداق قىزنىڭ يىگىتى تازا پەخىرلىنىپ يۈرىدىغاندۇ ـ ھە؟» دەپ ئويلاپ كەتتى ئالىم. شۇنىڭ بىلەن ئالىمنىڭ خىيالى بۆلۈندى. ئۇ گۈلباغ يېزىسىغا كېتىۋېتىپ ماشىنىنى ئادەتتىكە خىلاپ ھالدا ئاستا ھەيدىدى ھەمدە يول بويى ئارقىنى

كۆرسىتىدىغان ئەينەككە قاراپ قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا قاراپ ماڭدى. ئەمما، قىرىشقاندەك رابىيە ئۇ قىز بىلەن پىچىرلىشىپ دېگۇدەك ئۆز گېپىنى قىلىشىپ ماڭدى، ئالىمغا تونۇشتۇرۇپ قويۇشنىمۇ ئويلىمىدى. بۇنىڭدىن ئالىمنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭغىچە ئۇلار بارار جايىغا يېتىپ كەلدى.

قىزلار ماشىنىدىن چۈشتى. ئالىمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن، ھۆسن ـ جامالدا كامالىغا يەتكەن ئۇ پەرى تاتلىق زۇۋانى بىلەن:

ــ رەھمەت سىزگە، ئالىمجان،ــ دەپ ئالىمنىڭ دىمىقىدا خۇش پۇرىقىنى قالدۇرۇپ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن نېرى كەتتى. ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتىغىنىدىن ئالىم يايراپ كەتتى. «ئۇ قىز ئىسمىمنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟ يا يىگىتلەرنىڭ بېشى بولۇپ يۈرگىنىمنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئەستا، بۇ قىز زادى كىمدۇ؟» ئالىم شۇنداق جىلە بولۇپ تۇرغاندا رابىيە قىيا ئوچۇق تۇرغان دېرىزىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ ئالىمنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالىم سىڭلىسىغا ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلاي دەپ تەمشىلىۋىدى، رابىيە سىرلىق كۈلدى ۋە:

ــ ئاپام دېگەن شېرىنگۈل شۇ،ــ دەپ قويۇپ دوستىنىڭ يېنىغا كەتتى. ئالىم بويىنىنى تولغاپ نېرىدا بىر خىل لاتاپەت بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان شېرىنگۈلگە دىققىتىنى يىغىپ قارىدى.

ئىككى قىز قىشنىڭ سوغۇقىدا دۈگدىيىپ قالغاندەك

تۇرغان يوغان بىر تۇپ ئۇجمە دەرىخى بار ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئالىم بولسا ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپلا قالدى. بولۇپمۇ شىرىنگۈلنىڭ ھۆسن ـ جامالى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى. ئالىم ماشىنىسىنى چەتكىرەك توختاتتى. ئۇ خىيالغا پېتىپ قالدى. بىر تال تاماكا ئېلىپ لېۋىگە قىستۇرغىنىچە ئوت يېقىشنى ئۇنتۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ناز بىلەن كۈلۈپ تۇرغان بىر چىراي ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. ئالىم بېشىنى سىلكىۋېتىپ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى. «بۇ شىرىنگۈل دېگەن قىزنى بۇرۇن ئەجەب كۆرۈپ باقماپتىمەن دېسە،ــ دەپ ئويلىدى ئۇ تاماكىسىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ،ــ توۋا، كىچىككىنە بۇ شەھەردە ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىممۇ ئۇچرىشىپ قالمىغىنىمىز نېمىسى؟ يا مېنى شىرىنگۈل بىلەن كېچىكىپ ئۇچراشتۇرۇش تەقدىرنىڭ مېنىڭ بىلەن ئويناشقىنىمىكىن؟ شىرىنگۈل بەك چىرايلىق قىز ئىكەن. مۇشۇنداق چىرايلىق قىز بىلەن پاراڭلىشىش، مۇڭدىشىشمۇ كىشىگە ھۇزۇر. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ نېمانچە يېقىملىق! ئۇسسۇلنى قانچىلىك چىرايلىق ئوينار ـ ھە!؟...» چاقىرغۇسى سايراپ ئۇنىڭ خىيالى بۆلۈندى. ئۇ چاقىرغۇسىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، چاقىرغۇ قىلغان كىشى گۈلپەرى ئىدى!

ئالىم خۇددى يامان خىيالى ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. بۇ ئەتراپتا بىرەرمۇ دۇكان كۆرۈنمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراپ

قالغان ئالىم ماشىنىسىنى قوزغىدى. ئالىمدىكى ھودۇقۇش بېسىلمايۋاتاتتى. ئۇ نېمىشقا شۇنداق خىياللارنى قىلىپ كەتكەنلىكىگە ھەيرانلا قالدى. «مەن نېمە بولدۇم؟ نېمە ئۇ خىياللارنى قىلىپ يۈرىمەن؟ — دەپ كۆلگۈسى كەلدى ئالىمنىڭ، — مەن گۈلپەرى بىلەن ئىككىمىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان خىياللارنى قىلسام بولمايدۇ. ھازىر ئۇ مېنىڭ تەلىپىم بويىچە رېستوراندىنمۇ يالتايدى. ئەمدى خاتىرجەم كومپيۇتېر ئۆگەنگەچ خىزمەتكە چۈشۈشنى كۈتمىسە بولمايدۇ. مەنمۇ ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭ ئىشىنى ھەل قىلمىسام بولمايدۇ. ئىشىمىز مۇشۇنداق جىددىي تۇرسا، مەن بۇ يەردە باشقا بىرەيلەننىڭ خىيالىنى قىلىپ ئولتۇرىمەنغۇ؟ ئالىم، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، سەن ئەينى ۋاقىتتا گۈلپەرىگە ئېرىشكۈچە ئۆزۈڭگە قانداق ۋەدە بەرگەن؟ بولدى، باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغىن، سېنىڭ بەختىڭ گۈلپەرى بىلەن بىللە!» ئالىم شەھەرگە بۇرۇلىدىغان دوقمۇشتىكى دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ماشىنىسىنى توختاتتى. ئۇنىڭدا شۇ تاپتا بىر خىل قايتماس قەتئىيلىك ئويغانغانىدى.

ئالىم گۈلپەرىنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى باستى:

— ۋەي، گۈلپەرىمۇ؟ ئۆيدىكىلەر تىنچلىقتۇ؟

— ئالىم، بىر ئىش بىلەن سىزگە تېلېفون قىلغان. مەن ئەينى ۋاقىتتا ئاپامغا خېلى كۆپ خىزمەت ئىشلەپ

رېستورانغا بارغان. ئەمدى توختاپ قالغىنىمنى قانداق چۈشەندۈرەرمەن؟

— «مۇقىم خىزمەت قىلسام بولغۇدەك، خىزمەتمۇ چىقىپ قالدىغاندەك تۇرىدۇ» دەڭ. ئاپىڭىز خاتىرجەم بولۇپ تۇرسۇن.

— ئەستا، ئاپام «نېمانچە ئالدىرايسىز؟ خىزمەت ئىشى ھەل بولغاندا يالتايسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟» دېسە، نېمە دەيمەن؟

— خەنزۇ تىلى بىلەن كومپيۇتېرنى پىششىق ئۆگەنمىسەم بولمىغۇدەك، شۇڭا زېھنىمنى شۇلارنى ئۆگىنىشكە قارىتىمەن، دېمەمسىز.

— ئاپام مېنىڭ كۈندۈزى تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىۋاتقانلىقىمنى بىلىدىغان تۇرسا.

— يائاللا، گۈلپەرى، رېستورانغا قايتىپ بېرىڭ بولمىسا.

— ئالىم، نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ مەن رېستورانغا قايتىپ باراي دېگىنىم يوق. ئاپامغا چۈشەندۈرۈشۈمگە ياردەم قىلىڭ، دەۋاتىمەن.

— ياخشى ئىشلار ئۈچۈن بەزىدە يالغان ئېيتسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ، «كۈندۈزى بېسىپ ئۆگەنسەم، ئاخشىمى ناخشا ئېيتسام بەك چارچاپ كېتىدىكەنمەن» دېسىڭىز مېنىڭچە بۇ بەك ئورۇنلۇق گەپ.

— شۇنداق دېسەمغۇ بولاتتى...

— يەنە مىكى - مىكى دەيسىزغۇ؟ شۇنداق گەپلەر بىلەن ئاپىڭىزنى خاتىرجەم قىلىپ تۇرۇڭ. ئۇنىڭغىچە

خىزمىتىڭىزنى ھەل قىلىمىز، ئارقىدىنلا تويىمىزنىڭ تەييارلىقىغا چۈشىمىز. ئۇنىڭغىچە ئاپىڭىز ئېغىز ئاچالمايلا قالىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈلپەرىنىڭ چىرايىغا خۇشلۇق ئالامەتلىرى تېپىپ چىقتى. بىراق، ئۇ بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك، يەنى «ئالىم توي قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويسا قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىمەن، ئاغزىمغا گەپمۇ كەلمەي قالىدۇ، خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولىمەن» دېگەندەك ھال ئۇنىڭدا پەيدا بولمىدى. پەقەت ئۇ ئادەتتىكىچە خۇشاللا بولالىدى. يا بۇ گەپ ھاياجانلىق، رەسمىي سورۇندا ئەمەس، پاراڭلىشىش جەريانىدا، يەنە كېلىپ تېلېفوندا دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداقمىكىن؟

— ئاپىڭىزغا ئامال بار چىرايلىق چۈشەندۈرۈڭ.

— سىز ئاپامنى بىلمەيسىز، ئالىم، ئاپام بەك ئەنسىرىگەك، بىر ئىشلارنى چۈشىنىپ بىلىۋالمىغۇچە، ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزمىگۈچە خاتىرجەم بولالمايدۇ. شۇڭا مەن ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ۋە پىلانىنى ئاپامغا ئېيتايمىكىن دەيمەن.

گۈلپەرى پالان دېگۈچە پۇستان دەپ پىلىموتتەك سۆزلەۋاتقان ئالىمنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىلى تۇتۇلۇپلا قالدى. ئۇ: «گۈلپەرى بۇ گەپنى ئۆزىدىن بۇرۇن ئالدىراپ دەيدۇ» دەپ پەقەت ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ بىر نەرسە دېمەكچى بولدى - يۇ، لېكىن بىرنەرسە گېلىنى سىقىۋېلىپ ئۇنى سۆزلىگىلى قويمىدى.

— بولامدۇ، ئالىم؟ بىز بەربىر توي قىلىدىغان بولغاندىكىن.

ئالىم خۇددى بۇ سوئالغا جاۋاب بەرسە مەلۇم نەرسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ھودۇقتى. بۇرۇن ئۇ گۈلپەرىنى تېزرەك توي قىلىشقا ئالدىرىتىشنى ئويلاپلا كەلگەنىدى. بۇ ھەقتە گۈلپەرى ئاكتىپلىق بىلەن ئېغىز ئېچىۋاتسا، قېنى ئەمدى ئۇنىڭدىكى ئۇ تىنىتىش؟

نېمىشقىدۇر ئالىمنىڭ گۈلپەرى بىلەن بولۇۋاتقان بۇ سۆھبەتنى تېزرەك ئاخىرلاشتۇرغۇسى كەلدى:

— گۈلپەرى، گېپىڭىز ئورۇنلۇق، لېكىن بۇ دېگەن ناھايىتى مۇھىم ھەم چوڭ ئىش. شۇڭا تېلېفوندا قارار قىلىشمايلى ھەم ئالدىراپ بىر قارارغا كەلمەيلى. ئوبدانراق پاراڭلىشىپ، ئەتراپلىق ئويلىشىپ ئېپىدە بىر ئىش قىلمايمىزمۇ؟

— ھېچنېمە بولماس...

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، گۈلپەرى، سىز ئاپىڭىزغا ئۇ ئىشنى دېگەن ئىكەنسىز، مەنمۇ ئۆيدىكىلەرگە دېيىشىم كېرەك. ئىككىمىز ھازىر ئۆز ئادەم، ئوتتۇرىدىكى ئىشنى بىلىسىز. مېنىڭ بۇ ئىشنى ئۆيدىكىلەرگە دېيىشىم ئۇچۇن يەنە ئازراق ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ جەھەتتە مېنى چۈشىنىسىز، گۈلپەرى. قالغان گەپنى كۆرۈشكەندە ياخشىراق دېيىشەيلى، بولامدۇ؟

گۈلپەرى بۇ گەپكە تازا قوشۇلغۇسى يوقتەك ماقۇللۇق بىلدۇردى:

— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا تېزرەك بولارسىز.
— ماقۇل.
ئالىم تۇرۇپكىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئىتتىك قويۇۋەتتى. دۇكاندار ئالىم بەرگەن پۇلنى پارچىلىغىچە ئالىم خىيالغا چۆكۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۆزىدە كۈچىيىۋاتقان چۈشىنىكسىز تۇيغۇلار تۈپەيلى ئىچىنى تىتىشاپ قالدى. دۇكاندار پارچە پۇلنى ئېلىپ كەلدى. ئالىم:
— قايتۇرماي تۇرۇڭ،— دەۋەتتى ۋە تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ بىر نومۇرغا چاقىرغۇ قىلدى. ئۇ تېلېفوننى ساقلاپ بىتاقەت بولدى ۋە بىرئاز ۋاقىت ئۆتتۈۋىدى، «نېمە قىلىۋاتىدۇ بۇ رابىيە؟» دەپ تاماكا تۇتاشتۇردى، ئەمما تاماكىسىنى ئىككى شوراپ تاماكىنى بىمەززە ھېس قىلىپ يەرگە تاشلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. ئۇ چاقىرغۇسىغا قاراپ سېلىم «كۈچۈك» ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ دەرھال تېلېفون قايتۇردى.
— ئاداش، سەمىلەر كېلىپتۇ،— دېدى سېلىم تەمكىن بىر تەلەپپۇزدا،— ئۇلار قومۇلغا بىر تاشنى ساتقىلى ئېلىپ مېڭىپتىكەن. بىز بىلەن كۆرۈشكەچ مېڭىش ئۈچۈن توختاپتۇ.
ئالىم گەپنىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشەندى.
— بولىدۇ، مەن ھازىرلا باراي.
— ئالىم، سىلەرنىڭ ئۇ نېمەڭلار ھازىر قىسلاپ كېتىپتۇ. كۆپرەك ئېلىۋالامسەن ـ يە؟

ئالىم سىلىمنىڭ «كۆپرەك پۇل ئالغاچ كەل» دېگەن گېپىنى دەرھال چۈشەندى، ئەمما ئۇنىڭدىن خۇش بولدى.
سەمىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئالىمنىڭ تومۇرلىرىدا بىرنەرسە قىمىرلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىڭلىسىنىڭ تېلېفون قايتۇرمىغىنىغا تېخىمۇ تاقەتسىزلەندى ۋە بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلى بىلەن ئاغىنىلىرىگە ئارىيەتكە بېرىپ تۇرغان پۇللىرىنىڭ ھېسابىنى ئېلىشقا باشلىدى.
ئۇغۇ دائىم شۇنداق: سەمىلەر كەلگەندە ياكى ئۇ سەمىلەرنىڭ يېنىغا ئۈرۈمچىگە چىققاندا مۇشۇنداق ئويلايتتى. ئۆزىدىن قەرز ئېلىۋالغىلى ئۇزاق بولۇپ كەتكەن ئاغىنىلىرىگە قاتتىق گەپ قىلىپ پۇلنى سۈيلەشنى ئويلايتتى.
ئالىم ھېلىقى چاغدا ئۈرۈمچىدە سەمىلەر بىلەن يېڭىدىن تونۇشقاندا «ئەركەكلەرنىڭ ئەركىكى»، «يىگىتلەرنىڭ بېشى» بولۇشتەك پەخىرلىك ئورنى سەۋەبلىك خىروئىننى مەردانىلىق بىلەن بىر قېتىم چەككەن بولدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن «ئەركەكلەرنىڭ ئەركىكى» قىلىدىغان بۇ ئوقەت سىلىم «كۈچۈك»كە «ياراشمىغان» بىلەن، ئالىمغا «يارىشىپ» قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئالىم ئۈرۈمچىگە چىقىپ سەمىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە ياكى سەمىلەر كەلگەندە، قومۇلغا ماڭغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭغا يول ئالغاندا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردى، ئۇلپەتلىشىپ تۇردى، دوستانىلىقلىرىنى ئىپادىلىشىپ تۇردى،

مەردانىلىقلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ تۇردى. شۇلارنىڭ نەتىجىسىدە مانا ئەمدى ئالىم بۇرۇنقىدەك ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چېكىشنىڭ ئورنىغا ئىزدەپ يۈرۈپ ياكى مەقسەتلىك ھالدا ئۆرۈمچىگە چىقىپ چېكىدىغان بولدى. ئالدىنقى ئايدىن باشلاپ بولسا پۇلغا چېكىدىغان بولدى. شۇندىلا ئۇ بۇ ئوقەتنىڭ يانچۇقنى قۇرۇقدايدىغانلىقىنى بىلدى. ئەمما نېمە ئامال؟ خۇمار تۇتقاندىكى ئازابى ئۇنى قىيناپتتى، ھۇزۇرى ئۇنى يەنە چىللايتتى. كىچىكىدىن راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە چوڭ بولغان، جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىق دېگەننى كۆرۈپ باقمىغان ئالىم خىروئىننىڭ دەسلەپكى ئاجىز خۇمارىنىڭ قىيىنىشىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پۇللار سەمىلەر تەرەپكە ئاستا ـ ئاستا ئېقىشقا باشلىدى. شۇ جەرياندا ئالىم سەمىلەرنىڭ تاش سودىسىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ «سودا»نىمۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدى، ئەمما بۇنى بىلگىنىدە ئالىم كېچىككەن ئىدى. پۇلغۇ ئۇنىڭ بوينىنى قىسىندۇرالمىدى. ئالىم مائاشىنى تولۇق ئالىدۇ، كادىر ئىشتاتلىق شوپۇر بولغاچقا مائاشى يۇقىرى، دىرېكتور نېمىنى ئويلايدۇ، ئۇنىڭغا پات ـ پاتلا مۇكاپات پۇلى بېرىپ تۇرىدۇ. يەپ ـ ئىچىشى، ئوينىشى، كىيىشى بىكاردىن، شەھەردىكى بىر رېستوران، بىرنەچچە كاتتا تېز تاماقخانىلارغا كىرىپ يەيدىغاننى يەپ، ئالىدىغاننى ئېلىپ كېتىۋېرىدۇ، ئۇنى پاختا سودىگەرلىرى قوغلاپ يۈرۈپ تۆلەپ قويىدۇ ياكى بەزىدە دىرېكتورنىڭ «ئۇكام

ئالـمجان، ئاغىنىلىرىڭىز كۆپ، قىينىلىپ قالمىغانسىز، ھېساباتلىرىڭىز بولسا ئەكېلىڭ» دېگەن گېپى بىلەن ئۇ ھېساباتلارمۇ توگەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۇرىكىنى تېخىمۇ تۇم قىلغان يېرى، ئۇنى دىرېكتور ئەتىۋارلاۋاتقان بولغاچقىمۇ، شۇنداقلا ئۇ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئوغلى بولغاچقىمۇ، ئۇنىڭ گېپى ھەرقايسى پاختا زاۋۇتلارغا دىرېكتورنىڭ بۇيرۇقىدەكلا ئۆتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كەينىدە تۇتاملاپ پۇل كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان پاختا، چىگىت سودىگەرلىرى جىق. بىرلىرى ئېلىش ئۈچۈن، بىرلىرى سېتىش ئۈچۈن. ئىشقىلىپ، ئۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سودىسى پۈتىدۇ، ھېلىقى تۇتام ـ تۇتام پۇللار ئۇنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بانكىدىكى پۇلى ئاتمىش مىڭ يۈەنگە بېرىپ قالدى. تېخى ھازىرغىچە ئۇنداق پۇلنىڭ كىرىشى پەقەت ئاستىلاپ قالغىنى يوق، شۇڭا ئۇ پۇلدىن خاتىرجەم.

چاتاق يېرى، ئۇ پۇلنى كۆتۈرۈپ چىققان ھامان خىروئىننى ئالىدىغان يەر تاپالماي ئاۋارە ئىدى. سەمىلەر بولسا ھەر قېتىمدا ئاز ـ ئازدىن بېرىپ ئۇنى يەنە ئۈرۈمچىگە ماڭدۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇ جىلە بولاتتى. ساتىدىغان يەرنى ئىزدەپ باقاي دېسە، بىرەر چاتاق چىقىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا، بايا سېلىمىنىڭ دېگەن گېپى ئۇنىڭغا خۇشياققانىدى.

ئالىم ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا تېلېفون كەلدى.

— نېمە تېلېفون قايتۇرمايسەن؟ — دېدى ئالىم ئامال بار خاپا بولغانلىقىنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن.

— خەقنىڭ ئۆيىدە ئېپىنى تېپىپ تېلېفون قايتۇرسام تېلېفون ئالدىراش ئىكەن. ھە، نېمە ئىش؟

— قايتىدىغان چېغىڭلاردا سىلەرنى ئالغىلى كېلەيمۇ؟ — ئالىمنىڭ كۆز ئالدىغا شېرىنگۈلنىڭ تاتلىق جىلمىيىپ تۇرغان چىرايى كېلىۋېلىپ ئۇنىڭ ئاۋازى مۇلايىملاشتى.

— ئۇنداقتا ئەھۋالغا قاراپ چاقىرغۇ قىلىمىز.

— چوقۇم چاقىرغۇ قىل جۇمۇ.

— بولىدۇ.

خۇشال بولۇپ كەتكەن ئالىم سەممەلەرنىڭ يېنىغا ماڭدى.

※ ※ ※

تۇرۇپكىنى قويغان گۈلپەرى ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بايا ئۇ ئالىم بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئاپىسىغا دېيىشنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭدا ئاجايىپ قىزغىن بىر ھال پەيدا بولغانىدى. ئۇ بۇ خىيالىدىن ھەم خىجىل بولۇپ، ھەم تاتلىق ھېسقا چۆمۈلۈپ ھاياجاندا ئالىمغا چاقىرغۇ قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ئالىمنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن پەسكويغا چۈشتى. دەسلەپتە ئۇنىڭ ئالىمغا ئاچچىقى كەلدى. كېيىن ئويلاپ باقسا ئالىمنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق يېرى بار. شۇڭا گۈلپەرى: «ئالىممۇ

توغرا ئېيتىدۇ، كىچىك بىر ئىشنى باھانە قىلىپلا ئۆمۈرلۈك ئىشىمىزنى ئالدىراپلا ئاپامغا دېسەم قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ بايا قىزىپ كېتىپ نېرى ـ بېرىسىنى تازا ياخشى ئويلاشماپتىمەن. تۈزۈك خىزمەتنىڭ پېشىنى تۇتماي تۇرۇپ تۇينىڭ گېپىنى قىلسام ئاپام قانداق ئويلاپ قالار؟ ئۇنداقتا مەن ئاپامنىڭ نەزىرىدە توي قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەن قىز بولۇپ قالمايمەنمۇ؟ تاس قاپتىمەن تازا سەت ئىشتىن بىرنى قىلغىلى. يەنىلا ئالىم ئەتراپلىق ئويلايدىكەن. مېنىڭ سەتلىشىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن گەپنى ئەگىتىپ شۇنچە گەپلەرنى قىلىپتۇ ـ دە. ئۇ مېنى ھەقىقەتەن ئاياىدىكەن. خۇدايىم مېنىڭ غېمىمنى يەپ ئالىمغا ئۇچراشتۇرۇپ قويۇپتۇ» دەپ ئويلاپ يېنىك بولۇپ قالدى ۋە تاشقىرىقى ئۆيگە چىقتى.

ئۇ ئۆيدە خەلچەم بىلەن گۈلنۇر قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن بولۇپ، شۇ تاپتا گۈلنۇر ئۆزىنىڭ ئوقۇشى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى.

گۈلنۇر تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا بارغاندىن كېيىن بەك ئېچىلىپ كەتتى: زېھنى ئۆتكۈرلەشتى، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان بولدى، يېشى چوڭايغاچقا يېڭى، ئېسىل، مودا كىيىملەرنىڭ جېدىلىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىشنىڭ ئورنىغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۆگىنىشكە بېرىلدى. ئەتىسى ئەتىگەن شىنجاڭ ۋاقتى سائەت ئالتىدە مەكتەپكە كەتسە، چۈشلۈكى كېلىدۇ، كەچلىكى بولسا يەنە مەكتەپكە بېرىپ كەچلىك

ئۆگىنىشكە قاتنىشىدۇ. ھەتتا شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئوقۇيدۇ. ئۇ مانا مۇشۇنداق جىددىيچىلىك ئىچىدە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ بىر ئازمۇ ۋايسىمايدۇ. ھە دەپ ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇش، ئۆگىنىشنىڭ كۆڭۈللۈكلىكىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى رىقابىتىنى، ئوقۇتۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىقىنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىملىك ئىكەنلىكىنى، جاپاكەشلىكىنى تىنماي سۆزلەيدۇ.

گۈلنۇر يەنە سۆزلىمەكچى بولدى ــ يۇ، سائەتكە قاراپ ئورنىدىن تۇردى:

ــ مەن ماڭاي. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دەرستىن بۇرۇن سىنىپ مەسئۇلىمىز تەشكىللىگەن خەنزۇ تىلىدا ماقالە يېزىش كۇرۇژېكىغا تىزىملىماقچى. سىلەرگە پاراڭ قىلىپ بېرىمەن، دەپ تاس قاپتىمەن كېچىكىپ قالغىلى.

گۈلنۇر مېڭىپ كەتتى.

ــ گۈلنۇر مۇشۇنداقلا ئۆگىنىدىغان بولسا ئىچكىرىدىكى داڭلىق مەكتەپلەرگە چوقۇم ئۆتىدۇ،ــ دېدى گۈلپەرى سىڭلىسىدىن سۆيۈنۈپ.

ــ شۇنداق بولسۇن، ئىلاھىم!ــ دېدى خەلچەم رازىمەنلىك بىلەن.

گۈلپەرى ئايىسىنىڭ خۇشال، روھىنىڭ ئۇستۈنلۈكىنى كۆرۈپ، رېستوراندىن يالتايغان ئىشنى دېيىشنىڭ مۇۋاپىق پەيتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كەينىگە سۈرۈپ ئامالنىڭ يوقىدا دېگەندىن، بالدۇرراق دېسە بەلكىم ئايىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشى ھەققىدە ئويلانغاچ

تۇرار. ئۇنغىچە ئالىمنىڭ دېگىنى بويىچە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى دېسە...

— ئاپا،— دېدى گۈلپەرى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشىپ،— سىزگە دېمەيلا بىر ئىشنى قىلىپ قويدۇم.

— نېمە ئىشنى، قىزىم؟— ھەيران بولدى خەلچەم.

— مەن رېستوراندا ناخشا ئېيتىشتىن يالتىيىپ قالدىم.

— ھوي، نېمىشقا ئەمدى؟— خەلچەم تېخىمۇ ھەيران قالدى. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە گۈلپەرى ئويلىنىپ ئولتۇرمىدى.

— ئاپا، مەن كۆپ ئويلاندىم. مەن ئۇ يەردە قاچانغۇچە ناخشا ئېيتالايمەن؟ رېستوراننىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى نەگە بارىدۇ؟ شۇڭا مەن رېستوراندا ناخشا ئېيتىشنى قوشۇمچە قىلسام بولغۇدەك. ھازىر دۆلەت جەمئىيەتتىن ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىپ مەمۇر ۋە كەسپىي خادىم قوبۇل قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا مەن خەنزۇ تىلى بىلەن كومپيۇتېر ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ ئالىي مەكتەپ دىپلومى ئالاي دەۋاتىمەن.

گۈلپەرى ئاپىسىدا ئىشەنچ پەيدا قىلاي دېدىمۇ، ئۆزىنىڭ ئوي، پىلانلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەۋەتتى. خەلچەم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن:

— بۇنداق جىق ئىشقا يېتىشەلەمسىز، قىزىم؟— دەپ سورىدى.

— ئەمدى قاتتىق تىرىشىمەن، — دېدى گۈلپەرى قەتئىيلىك بىلەن، — ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرسەم بەك قولايلىق ئىكەن، چۈنكى ئۇنىڭدا ھەممە دەرسنى ئۆگىنىدىغان ئىش يوق. بىر پەننى ئۆگەنسەملا بولىدۇ. شۇ بىر پەننىڭ تارماقلىرىغا ئىمتىھان بېرىدىغان بولغاچقا ئانچە ئېغىرمۇ كەلمەيدۇ.

— ئۇ گېپىڭىزمىغۇ ئورۇنلۇق.

— ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىپ خەنزۇ تىلى بىلەن كومپيۇتېر ئۆگىنىپ، قالغان ۋاقىتتا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلسام...

— بوپتۇ، قىزىم، ئۆزىڭىزگە ئېغىر كېلىپ قالمىسىلا ئۆگىنىڭ.

— لېكىن، ئاپا، ئىشلىرىمنى ئىزىغا سېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە رېستورانىغا قايتىپ ناخشا ئېيتىپ تۇرۇش خىيالىم بار. چۈنكى، مەن قاچانلا بولسا ئىقتىدارىمغا تايىنىپ پۇل تاپمىسام بولمايدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان خەلچەم كۆزىگە ياش ئالدى:

— رەھمەت، قىزىم...

شۇنىڭ بىلەن گۈلپەرى ئۇزۇندىن بۇيان تاشلىنىپ قالغان دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى رەتلەشكە باشلىدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تىل - ئەدەبىياتقا ئائىت ماتېرىياللىرىنى ئايرىۋالدى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىشكە ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى تاللىغانىدى.

※ ※ ※

ئالىم سەمىلەرنىڭ يېنىدىن خۇشال ھالدا چىقتى. دەرۋەقە، بۇ قېتىم سەمىلەر ئۇنىڭغا «دوستلۇقىنى يەتكۈزۈپ» ئۇ نەرسىدىن خېلى كۆپ ئەكەلگەنىدى.

ئالىم ماشىنىسىنى ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ توختاتتى. ئۇ ھەرقانچە ئويلىماي دېسىمۇ، ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئۇندەش ئۇنى رابىيەنىڭ چاقىرغۇسىنى ساقلاشقا دەۋەت قىلىۋاتاتتى.

ئۇ ئەمدى بىر تال تاماكا چىقىرىپ تۇرۇۋىدى، چاقىرغۇسى سايرىدى. ئۇ «رابىيەدىن كەلدى» دەپ جەزملەشتۈرۈپ، خۇشاللىق بىلەن چاقىرغۇسغا قارىدى، ئەمما ئۇ رابىيە ئەمەس ئىدى.

ئۇ بۇنىڭدىن قاپىقىنى تۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن دەرھال شىپاخانا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى دۇكانغا ماڭدى. چۈنكى، چاقىرغۇ قىلغان كىشى تۇرسۇن «كۇچا» دەپ ئاتىلىدىغان چىگىت سودىگىرى ئىدى. ئوتتۇرا بوي، يېشى تېخى قىرىققا بارمىغان، كۆزى سېرىق كەلگەن بۇ يىگىت ئۇنىڭ يېقىن چۆپىقىتى بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى يۆلىشەتتى. شۇڭىمۇ ئۇ ھە دەپ ئالىمنى ئىزدەپ تۇراتتى، مەركىزىي بازارنىڭ كەينىدىكى خېلى چوڭ، زامانىۋى جۇۋازخانىسىغا چىگىتلەر كۆچۈلدىكىدەك باھادا ئۈزۈلمەي توشۇلۇپ تۇراتتى.

ئالىم تېلېفون قايتۇردى.

— ۋەي، ئالىمجانمۇ؟ قانداق ئەھۋالىڭلار؟
— ياخشى، سىلىنىڭچۇ؟
— سىلىنىڭ سايىلىرىدە ياخشى كېتىپ بارىمىز. ھازىر ئازراق ۋاقىتلىرى بولسا سىلىگە بېرىدىغان كىچىككىنە نەرسە بار ئىدى. كېلەلەمىلا؟
— بولىدۇ، باراي، نەدە سىلى؟
— «ئاق تىلەك مېھمانخانىسى»دا.
ئالىم بىردەمدىلا بەخت يولىدىكى «ئاق تىلەك مېھمانخانىسى»غا باردى ۋە تۇرسۇن «كۇچا» دائىم تۇرۇۋاتقان ياتاققا كىردى.
تۇرسۇن «كۇچا» ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى.
— ئالدىراش ئوخشىمامىلا؟ — سورىدى تۇرسۇن «كۇچا».
— ھەئە. ھازىرمۇ بىر ئىشقا ئالدىراپ تۇرىمەن.
— ئۇنداق بولسا سىلىنى تۇتماي، — تۇرسۇن «كۇچا» شۇنداق دەپ «موتورولا» ماركىلىق يان تېلېفون ساندۇقىنى ئۇنىڭغا سۇندى، — بۇ ئاددىي بولسىمۇ سىلىگە كۆڭلۈم. سىلى دېگەن يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەم. تېلېفون قىلىمەن، دەپ دۇكانلاردا يۈرسىلە بولمايدۇ. مۇنداق تېلېفونلار سىلىنىڭ سالاپەتلىرىگە يارىشىدۇ.
ئالىم يان تېلېفوننى قولىغا ئالدى. كىچىك، قاپقىقى بار، قارا رەڭلىك بۇ تېلېفون ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. دىرېكتورنىڭ چەيدودەك چوڭلۇقتىكى يان تېلېفونىغا قارىغاندا بۇ يان تېلېفون چىرايلىق ۋە قولاي ئىدى. ئالىمنىڭ پۇلى كۆپەيگەندىن كېيىن مۇشۇنداق يان

تېلېفوندىن بىرنى ئېلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن پۇلنى چۆنتىكىدىن چىقىرىشقا چىدىماي كېلىۋاتقان ئىدى. تەييارغا ھەييار بولۇپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەمگە يېنىدىن تىيىن چىقىرىشمۇ ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

— شۇنچە ئېسىل سوۋغات بىلەن مېنى خىجىل قىلىپ قويدىڭىز جۇمۇ، — دەپ قويدى ئالىم.

— ئالىمجان، ئەپلىشىپ قېلىۋىدى، كارتىسىنىمۇ بېجىرىپ قويغانىدىم.

بۇنى ئاڭلىغان ئالىمنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى:

— رەھمەت، بۇنىڭ ھەشقاللاسىنى قاچانمۇ قايتۇرۇپ بولارمەن ئەمدى؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ يۈزىمىزنى قىلىپ مۇشۇ تېلېفوننى ئىشلەتسىلە، شۇنىڭ ئۆزى بىزگە كۇپايە.

— شۇنداقتىمۇ مەن بۇنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. خوش، مەن بىر ئاز ئالدىراشتىم. مەن ماڭاي.

— خوش، ئالىمجان.

ئالىم غەربىي ئايلانما يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ماشىنىنى توختىتىپ، تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ — چۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى، ئاندىن سىناپ باققۇسى كېلىپ، شىركەتنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون قىلدى. تېلېفون ئۇلاندى. قارشى تەرەپ تۇرۇپكىنى ئېلىپ «ۋەي» دېۋىدى، ئالىم تېلېفوننى دەرھال ئۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا مەمنۇنلۇق كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

ئالىم دەرھال رابىيەگە چاقىرغۇ قىلدى. تېلېفون قايتتى.

رابىيە ئاۋازىنى ياساپ «ۋەي» دېۋىدى، ئالىم:
— قاچان ماڭىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.
— ۋاي، سەنمىدىڭ؟ كىمنىڭ يان تېلېفونى بۇ؟
— مېنىڭ.
— قاچان ئالدىڭ؟
— بايا.
— قانچە پۇلغا؟
— ۋاي - ۋۇي، بۇ گەپنى قوي، دېگىنە، قاچان ماڭىسىلەر؟
بۇ سوئال بىلەن رابىيەنىڭ ئاۋازى تۆۋەنلەپ كەتتى:
— ھېلى ماڭىماقچى.
— ئەمىسە نېمىشقا چاقىرغۇ قىلمايسەن؟
ئەمدى رابىيە خۇشياقمىغاندەك ئېيتتى:
— ئەمدى قىلاي دەپ تۇرغان.
— ھازىر باراي.
ئالىم رابىيەدىكى گاڭگىراشتىن خەۋەرسىز بولغاچقا: «نېمە مېنىڭدىن قېچىپ يۈرىدۇ بۇ؟» دەپ غودۇڭشىپ قويۇپ ماشىنىسىنى ئورنىدىن قوزغىدى. يول بويىدا سىڭلىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان شېرىنگۈلنى كۆرۈش بىلەن ئالىمدىكى خاپىلىق تۇمانلىرى تارقىلىپ كەتتى. شېرىنگۈل ئالىمغا قاراپ تاتلىق كۈلۈپ قويۇپ ماشىنىغا چىقتى.
— بىردەمدە نەدىن تاپتىڭ ئۇ يان تېلېفوننى؟ — دېدى رابىيە، — ئەكېلە، كۆرۈپ باقاي.
ئالىم تەمكىن ھالدا يان تېلېفوننى رابىيەگە سۇندى.

ئىككى قىز يان تېلېفوننى قىزىقىپ كۆردى.

— بەك چىرايلىق تېلېفون ئىكەن،— دېدى شېرىنگۈل تۈنجى قېتىم رەسمىي ئېغىز ئېچىپ. بۇنىڭدىن ئالىمنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلدى.

— قىممەتتۇ - ھە؟— دېدى رابىيە ئالىمغا گۇمان بىلەن قاراپ،— ئاتام ئېلىپ بەردىمۇ؟

— ئاتام نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇرۇمچىدە يىغىندا تۇرسا،— دېدى ئالىم ئۆزىنى سالماق تۇتۇشقا تىرىشىپ،— ئۆزۈم ئالدىم.

— بىرەر يەرگە تېلېفون قىلىپ بۇ يېڭى تېلېفوننى سىناپ باقايلى،— دېدى رابىيە،— نەگە ئۇرساق بولار؟ ئاپامغا ئۇرۇپ باقايمىكىن - يە؟ ھە، راست، ئاكا، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلسا پۇل جىق كېتەمدۇ؟

— بۇنى سورىغۇچە تېلېفون ئۇرىدىغان ئىشىڭ بولسا ئۇرىۋەرمەمسەن.

— شېرىنگۈل، بايىقى چاقىرغۇنى مۇشۇ تېلېفوندا قايتۇرىڭە بولمىسا.

— ياق، بولدى،— دېدى شېرىنگۈل خىجىل بولۇپ،— سەل تۇرۇپ قايتۇرساممۇ بولىدۇ.

— ئۇرىۋېرىڭ،— دېدى ئالىم. رابىيە يان تېلېفوننى شېرىنگۈلگە تۇتقۇزۇپ قويدى. شېرىنگۈل نومۇرلارنى ئېھتىيات بىلەن باستى، ئاندىن ئالىمدىن سورىدى:

— يېشىل كۇنۇپكىسىنى باسسەممۇ؟

— ھەئە.

شېرىنگۈلنىڭ تېلېفونى ئۇلاندى:

— ۋەي، نىياز رېژىسسورمۇ، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ئۆزۈممۇ ياخشى كېتىپ بارىمەن. نېمە ئىشتى؟ ھە، بەك ياخشى بوپتۇ. بولىدۇ، كېيىنكى جۈمە ئۇرۇمچىگە چىقاي. رەھمەت سىزگە!

— نېمە ئىش ئىكەن؟ بەك خۇشال بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ — سورىدى رابىيە.

— شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ رېژىسسورى نىياز ئاكاش ئىكەن. نورۇزلۇق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى قىلماقچى ئىكەن. ماڭا بىر ئۇسسۇل نومۇرى بېرىپتۇ. كېيىنكى ھەپتە نومۇرنى كۆرگىلى چىقىدىكەنمەن.

— ۋاھ، نېمىدېگەن ياخشى.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئالىم.

— مەنمۇ بىللە چىقايچۇ، ئاكا، بىزنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرە.

— بولىدۇ.

— بولدى، رەھمەت، ئالىمجاننى ئاۋارە قىلمايلى.

— چاتاق يوق.

ئۇلار شۇ پاراڭ بىلەن شەھەرگە كەلدى.

— شېرىنگۈل، ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويىمەنمۇ؟

— بولىدۇ.

— ئۆيىڭىز نەدە؟

— ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ يېنىدىكى بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋېتىمەن.

ئالىم ماشىنىنى ئۆمەكنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ توختاتتى:

— گۇاڭمىڭ گورۇھى ئۆي سالىمىز، دەپ يولنى بۇزۇۋەتتى. سەن مۇشۇ يەردە چۇشۇپ قال. مەن شېرىنگۇلنى ئاپىرىپ قوياي.

بۇ گەپ بىلەن رابىيەنىڭ بايىقى قىزغىنلىقى تۇگەپ ئوماق چىرايىغا غەم بۇلۇتلىرى سايە تاشلىدى. خۇددى ئەندىشىلىك ئىشى يادىغا يېتىپ قالغاندەك سالپايغان ھالدا ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

— خوش، رابىيە.

— خوش.

— بۇگۇن سىزنى تازا ئاۋارە قىلىۋەتتۇق - ھە، ئالىمجان؟ — دېدى شېرىنگۇل ماشىنىدىن چۇشۇشكە تەمشىلىپ.

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى ئالىم گەپدانلىق قىلىپ، — سىزدەك كاتتا ئۇسسۇلچىغا خىزمەت قىلىش مەن ئۇچۇن شەرەپ.

— ئۇنداق دەپ مېنى خىجىل قىلماڭ. سىزگە رەھمەت!

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنى لازىم قىلىدىغان ئىشىڭىز بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭ.

بۇ گەپتىن شېرىنگۇل ۋىلىقلاپ كۇلۇپ كەتتى:

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز. مانا، ئىش بولسا بىۋاستە ئىزدەيدىغانغا يان تېلېفون نومۇرىڭىزنىمۇ بىلىۋالدىم.

— شېرىنگۇل، چوقۇم تېلېفون قىلىڭ، ئىزدەپ تۇرۇڭ.

— تولا ئىزدىسەم زېرىكىپ قالمىسىڭىزلا بولدىغۇ.

— قېنى، ئىزدەپ سىناپ باقمامسىز؟

— دەپ قويدۇم،— دېدى شېرىنگۈل دوق قىلغاندەك،— نەدە قىز بالا يىگىتلەرنى باشتا ئىزدىگەن بار.

ئالىم دەرھال ھەربىيچە سالام بەردى:

— خوپ، باشلىق! چۈشەندىم!

شېرىنگۈل يەنە كۈلۈپ كەتتى.

— ئالىمجان، پۇرسەت بولسا كۆرۈشەرمىز.

شېرىنگۈل كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئالىم ئېڭىكىنى سىلىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. «قىزىق ئىش بولدى دېسە بۇگۈن. دېگەنىبىلەن شېرىنگۈل يېقىشلىق، ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگۈدەك قىز ئىكەن. ئۇنىڭ كۈلۈشىلا بىر پارچە ئوت ئىكەن، ئوت!» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئاندىن گۈلپەرىنى ئېسىگە ئالدى ۋە پەسكويغا چۈشتى: «گۈلپەرىنىڭ خىزمەت ئىشىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ كىمگە دەپ باقسام بولار؟ ھەي، ئەمدى كىمنىڭ ئالدىدا چىراي سارغايتىپ يۈرەرمەن؟ ئەستا... بولدىلا، بولمىغان يەرگە كەلگەندە بىرەر زاۋۇتقا ئەكىرىپ قويارمەن. ئاندىن پەيتىنى تېپىپ ئىشچى ئىشتاتىدىن بىرنى ھەل قىلارمىز...»

ئۆزىنى بىردىنلا ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلغان ئالىم ماشىنىسىنى تولىمۇ تەستە ئورنىدىن قوزغىدى.

# ئون ئىككىنچى باب

## خەير، گۈلپەرى

ئۆمەر ئاخىرى رابىيە بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. نىكاھ ئىشىدا ھازىر ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن مۇۋاپىق يول يوق ئىدى. بىر بولسا مۇھەببەت، نىكاھ دېگەنلەرنى يادىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاپ ئەس ـ يادىنى سودىسىغا قارىتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۆمەر بۇنى ئانچە مۇۋاپىق تاپمىدى. ئۇ ئانچە ـ مۇنچە ئوقەتكە كىرىشىپ قولى پۇل كۆرۈۋىدى، ئاتىسى ئۇنى توي قىلىشقا قىستىدى. بىراق، ئۆمەر تېخىمۇ ھالىلىنىش ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن كەينىگە سۈرۈۋىدى، ئۈچ يىل بۇرۇن ئاتىسى ئۇنىڭ توينى كۆرەلمەي ئارمان بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدى. مانا، ئاپىسىنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە باردى. ئايرىم قالغانلىرىدا ئاپىسىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئىككى تەلىپىنى قايتا ـ قايتا جېكىلەيدۇ: بىرى، ھەج تاۋاپ قىلىش؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ توي قىلىشى. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بېرىۋىدى، ئاپىسىنى سەئۇدى ئەرەبىستانغا يول سېلىشقا تەييارلىنىپ قويدى. خۇدايىم

تىنچ ـ ئامانلىق بەرسە، ئاپىسىنى ئوڭۆشلۇق ھەج سەپىرىگە يولغا سالسا، ئاپىسى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى ئۇلۇغ قۇربان ھېيت كۈنى ھەج تاۋاپ يوسۇنلىرىنى لايىقىدا ئادا قىلىپ قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەرنىڭ زىممىسىدىكى بىر قەرزى ئادا بولىدۇ. لېكىن، نىكاھ ئىشى دېگەنگە پۇل بولغانغىلا بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن.

رابىيەنىڭ گېپىگە ۋە ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئالىم بىلەن گۈلپەرى توي قىلىدىكەن. شۇنداق تۇرسا، ئۆمەر ئەمدى رابىيەنى قولدىن چىقىرىپ قويسا بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ؟ شۇڭا ئۇ ئاخشام رابىيە بىلەن ئۇزاق سۆزلىشىپ، ئۆمەرنىڭ ئاپىسى ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلسىلا كىچىك چايغا كىرىشكە بىرلىككە كېلىشتى.

شۇ تاپتا ئۆمەر ئىشخانىسىدا شۇ خىيال بىلەن ئولتۇراتتى: «توي ئىشىمۇ بىر ھېسابتا پۈتكەن بولدى. شۇڭا ئەمدى مەن ئۇ ئىشنى قويۇپ، ئالدىمدىكى سودا ئىشىمغا بەكرەك باش قاتۇراي. بۇ سومىمىسى بەك چوڭ ئىش ئىكەن. بىرەر چاتىقى چىقماس ـ ھە؟ پايدىسىغۇ تازا بار ئىكەن. ئون ـ يىگىرمە كۈننىڭ ئىچىدە رېستوراننىڭ يېرىم يىللىق پايدىسىنى ئالىدىكەنمەن. بىرەر پايدىسى بولمىسا ھاجىكام بۇ ئىشقا كىرىشمەس ئىدى، مېنىمۇ دالالەت قىلماس ئىدى. ھاجىكام ئىشەنچلىك ئادەم، سودىغىمۇ پىشقان، ئاسانلىقچە زىيانغا دەسسىمەيدۇ. لېكىن سودا دېگەننى بىرنەرسە دەپ

بولمايدۇ ـ دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا بۇ ئاز پۇلنىڭ گېپى ئەمەس... يا رېستوراندىن كىرىۋاتقان پۇلغا شۈكۈر قىلىپ، قولىقىم تىنىچ يۈرەيمىكىن؟...»

ئۆتكەن يىل يىل ئاخىرىسىدا ئۆمەرگە بىر كوي چۈشتى، بىر ۋەسۋەسە يېپىشتى. يېڭىشەھەر رايونىدا ھامۇت ھاجىم دەيدىغان بىر سودىگەر بار ئىدى. ئۇ ئاساسلىقى ئاتا مىراس جۇۋاز ماڭدۇرۇۋاتقان كىشى بولۇپ، شۇ ھۈنەرنىڭ خاسىيىتىدىن روناق تاپقان، كېيىن قوشۇمچە تېرە سودىسى قىلىپمۇ قولى خېلى كۆپ پۇل كۆرگەن كىشى ئىدى. نەچچە يىل بۇرۇن ئايالى بىلەن ئىككىسى ھەج تاۋاپ قىلىپ كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت نەزىرىدىكى مۆتىۋەر سودىگەرگە ئايلانغانىدى.

شۇ مۆتىۋەر كىشى ــ ھامۇت ھاجىم يېڭى يىل كېلەي دېگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولدى.

ــ ئۇكام ئۆمەرجان،ــ دېدى ئۇ كىشى سىلىق، ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزلەپ،ــ ياخشى بىر سودىنىڭ ئېپى بولۇپ قېلىۋىدى، ئۆزۈم يېتىشىدىغانغا كۆزۈم يەتمەي، بىرەرسىنى يانداشتۇرۇۋالاي دېگەنىدىم. يادىمغا سىز يەتتىڭىز. شۇنىڭ بىلەن يېنىڭىزغا كېلىشىم.

ئۆمەر ھامۇت ھاجىمنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ كىشىنىڭ سودا يولىنىڭ ئوچۇقلۇقىغا ھەۋەس قىلاتتى. شۇڭا مۇشۇنداق بىر تەلەيلىك، ئامەتلىك ئادەمنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كېلىشى ئۇنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

ــ نېمە سودا ئىدى؟ــ سورىدى ئۆمەر خۇشاللىق بىلەن.

— ئۈرۈمچىدە شۈكۈر ھاجىم ئىسىملىك بىر سودىگەر تونۇشۇم بولىدىغان، ئۇ كىشى بىلەن ھەج سەپىرىدە قەشقەر تاموژنىسىدا تونۇشۇپ قالغانىدىم. پاراڭچى، چىقىشقاق ئادەم ئىدى. تاموژنىدىن ئۆتۈپ ئايرىلغانچە مەككە - مۇكەررەمدىمۇ ئۇچراتمىدىم. شۇ كىشى ئۆتكەن يىلى مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىچكىرىدىكى بىر تېرە سودىگىرى بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى، شۇ سودىگەرنىڭ ھازىر ئۈرۈمچىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا جىددىي تېرە لازىملىقىنى، ئەگەر تېرە بۇ يەردە ئەرزان بولسا مەن بىلەن بىللە ئېلىپ ئۇ لاۋبەنگە ساتقۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئەلۋەتتە، بۇ يەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ تېرە باھاسىدا پەرق بار - دە. شۇنىڭ بىلەن كېلىشتۇق.

ئۆمەر: «يەنىلا ئىشنى چوڭ تۇتقان ئادەمگە سودىنىڭ ئوبدىنى ئۇچرايدىكەن» دەپ ئويلىدى.

— شۇ كۈنىلا شۈكۈر ھاجىم ماڭا يۈز مىڭ يۈەن پۇل بېرىپ، قالغىنىنى يېنىمدىن چىقىرىشىمنى، تېز تۇتۇش قىلىشىمنى، تېرە يىغىلىپ بولغاندا خەۋەر قىلىشىمنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا تېرىلەرنى يىغىپ خەۋەر قىلدىم. لاۋبەن كېلىپ پۇلنى ساناپ تېرىلەرنى ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەش - ئون كۈندىلا قولۇم ئوبدانلا پۇل كۆرۈپ قالدى.

ئۆمەر ھامۇت ھاجىمنىڭ شۇنچە پۇللۇق سودىنى ئەپلىك پۈتكۈزگىنىگە يەنە ھەۋەس قىلدى.

ھامۇت ھاجىم سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شۈكۈر ھاجىم نەچچە كۈن بۇرۇن يەنە كەپتۇ. ئۇ: «ھاجىم، مەن كۆپ تىكتىكلاپ بىزدىن تېرە ئالغان لاۋبەنلەرنىڭ تېرىلەرنى نەگە ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. شاڭخەيگە ئاپىرىدىكەن، بىزنىڭ تېرىلەرنى تۆۋەندىن يىغىپ ئۇلارغا ساتقىنىمىز ئۇلارنىڭ قولىغا نۇرغۇن پۇلنى تۇتقۇزغىنىمىز ئىكەن. ئۇنىڭدىن كۆرە، يىغىپ، تەييار قىلىپ قويغان تېرىنى ئۆزىمىزلا شاڭخەيگە يۆتكىمەيمىزمۇ؟ يۇرەكلىرىنى توق تۇتسىلا، بىرەر مىليونلۇق تېرە يۆتكەپ باقايلى» دەپ ئۈچ يۈز مىڭ كوينى ئالدىمغا قويدى. قالغىنىنى مەن تەييارلايدىكەنمەن.

چوڭ سودا بىلەن چوڭ سومىلىق پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆمەرنىڭ يۈرىكى تىترەپ كەتتى ۋە: «ھاجىم بۇ گەپلەرنى ماڭا دەپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىنىپ قالدى، لېكىن ئەدەپ يۈزىسىدىن جىم ئولتۇردى.

— سىز بىلمەيسىز، ئۇكام، مەن يېڭىياچە بىر جۇۋازخانا قۇرۇش ئۈچۈن ئىش باشلاپ قويغانىدىم. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىقتىساد كېتىدىكەن، شۇڭا شۈكۈر ھاجىم دېگەن ئۇنچە جىق پۇلنى چىقىرالمايدىكەنمەن، لېكىن قاراپ باقسام بۇ سودىنىڭ پايدىسى ئوبدانلا. شۇڭا بۇ سودىدىن مېھرىمنى ئۈزەلمىدىم. ئەمما زە، پۇل كەملىك قىلغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇيان - بۇيان ئويلاپ يەنە بىر شېرىك تېپىشنى ئويلاندىم. ئوبدان دەڭسەپ باقسام بۇ كاتتا ئىشقا سىز لايىق ئىكەنسىز.

گەپنىڭ ئاخىرىنىڭ مۇنداق چىقىدىغانلىقىنى پەقەت

كۆتمىگەن ئۆمەر جايىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. ھاموت ھاجىملاردەك سودىدا پىشقان، يول تاپقان، قول ـ ئىلكىدە بار كىشىلەر بىلەن شېرىكلىشىپ سودا قىلىش سودا يولىدا تەمتىلەپ كېتىۋاتقان ئۆمەر ئۈچۈن بىر ئامەت! ئۆمەردە بۇ خۇشلۇق بولغان بىلەن يەنە قانداقتۇر دېلىغۇللۇق سەۋەبىدىن بۇ خۇشلۇقى زور بېسىمغا ئۇچراۋاتقاندەك بولدى.

— مۇشۇ ئىشقا تاۋىڭىز قانداق، ئۇكام؟ — ھاموت ھاجىم ئۇنىڭ ئالدىدا مۆتىۋەرلەرگە خاس سالاپەت ۋە سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— ئەمدى مەن... بۇ ئىشنىڭ ئېپى ـ جېپىنى ئۇقمىسام دەيمىنا؟

— ئۇكام، سودا دېگەننى مەجبۇرلاپ قىلىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى ھاموت ھاجىم ئالدىرىماي سۆزلەپ، — سىز يېشىڭىزنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي يېڭى، چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتىسىز. سىزدە مۇشۇ زاماننىڭ ياشلىرىغا ئوخشاشمايدىغان تەۋەككۈلچىلىكمۇ بار ئىكەن. بۇ تەرەپلىرىڭىز مېنىڭ ياش ۋاقىتلىرىمغا ئوخشايدىكەن. شۇڭا مەن بۇ ئىشتا سىزنى دالالەت قىلىۋاتىمەن.

— مەن بىر ئويلىنىپ باقسام.

— ئەلۋەتتە، ياخشى ئويلىنىڭ. بايا دېدىم، سودا دېگەندە بىر بولسا ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. بىر بولسا «يا بايدىن چىقارمەن، يا سايرامدىن» دەيدىغان قورقماس ئىدىيە بولۇشى كېرەك.

— سىلىچە، مەن قانداق قىلسام بولار؟ — ئۆمەر ئېھتىيات بىلەن سورىدى.
— بۇ تەرىپىگە بىر نېمە دېيەلمەيمەن، مەن پەقەت سىزگە تەكلىپ بېرىپ باقاي دەپ كەلدىم. قاتنىشىش — قاتناشماسلىق ئۆز ئىختىيارىڭىزدا. ئەگەر خالىسىڭىز ئۈچ يۈز مىڭ يۈەننى تەييار قىلىڭ، مەنمۇ تەييار قىلىمەن.
— بۇ سودا قاچان بولار؟
— قۇربان ھېيتتىن كېيىن بولۇپ قالار، شۇڭا پۇلنى شۇ چاغقىچە تەييار قىلسىڭىز بولىدۇ، لېكىن ئالدى بىلەن ئويدان ئويلىنىڭ، ئۆزىڭىزنى دەڭسەڭ، ئاندىن ماڭا جاۋاب بېرىڭ. بىرلىككە كېلىپ بولساق ئىشىمىزنى جىم - جىملا قىلىۋېرىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ داۋراڭ سالىدىغانمۇ ئىش ئەمەس.
— بولىدۇ، ھاجىكا، مەن نەچچە كۈنگىچە جاۋابىنى بېرىمەن.
— خوش، ئۇكام، تېزرەك تۇتارسىز، ناۋادا ئەپلەشمىگۈدەك يېرى بولسا ۋاقتىدا ئۇچۇر بېرىۋەتسىڭىز، مەن باشقا بىر ئامال قىلارمەن. لېكىن ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، ئۇكام، مەن يېنىڭىزغا سىزگە ئىشىنىپ كەلدىم، شۇڭا بۇ ئىشنى قىلىڭ ياكى قىلماڭ، ئېغىزىڭىزنى چىڭ تۇتۇڭ.
ھامۇت ھاجىم سالاپەت بىلەن مېڭىپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر بۇ ئىش ئۈستىدە كۆپ باش

قاتۇردى. پۇلنىڭ ئىشىدىن ئانچە غەم قىلىپ كەتمىدى. رېستوران قەرزىنى ئۇدۇللۇق قايتۇرۇپ ماڭغاندىن باشقا يەنە بىر ئاز پۇلمۇ ئېشىنىپ بولغانىدى. ئۇ رېستورانىنى ئاچقۇچە قەرز بەرگەن بانكىغا بېرىۋىدى، ئۇلار چەكلىك مۇددەت ئىچىدە قايتۇرۇش شەرتى ئاستىدا يەنە قەرز پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇڭا هازىر ئۇنىڭ بېشى قېتىۋاتقىنى بۇ سودىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش دەرىجىسى، كاپالىتى ئىدى. باشتا دېگەندەك ھامۇت هاجىم ئىشەنچلىك. ئەمما، قارشى تەرەپچۇ؟ شۇكۇر هاجىممۇ ئىشەنچلىكتۇ؟ لېكىن سودىنىڭ زىيانغا مېڭىش ـ ماڭماسلىقى، بىخەتەر بولۇش ـ بولماسلىقى ئىشەنچلىكمۇ؟ ئەنە، هامۇت هاجىممۇ سودا يولى بويىچە گەپ قىلىپ ئىختىيارنى ئۆزىگە قويۇپ بەردى... ئۆمەر مۇشۇنداق دىلىغۇللۇق ئىچىدە بىر كۈن قەتئىيەتكە كەلسە، ئەتىسى قوپۇپ قورقۇپ يېنىۋېلىپ، چۈشتىن بۇرۇن «زىيان بولسا ئۇنچىلىك بولۇپ كەتمەس، تېخى مۇشۇنىڭ بىلەن چوڭ سودىنىڭ ئېپىگە كىرىۋالىمەنمۇ تېخى» دەپ چۈشتىن كېيىنلىكى هاجىمنىڭ هوزۇرىغا بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسا، چۈشتىن كېيىن يېرىم يولدا: «ياكى ئورنىغا كەلمەيدىغان زىيان بولۇپ كېتەرمۇ ـ يە؟» دەپ قورقۇپ كەينىگە ياناتتى.

مۇشۇنداق ۋاقىتتا رابىيە «ئاكاملار تويىنى تېز قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئۆزلىرىنىڭ تويىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئۇنىڭ بېشىنى تازا ئاغرىتتى. هېلىمۇ

تەلىيىگە ئۇنىڭ ئاپىسى ھەج سەپىرى قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بولمىسا بۇ رابىيە ئۇنى نېمە كويلارغا سالىدىكىنتاڭ؟ ئاخشام ئۇنىڭ بىلەن كىچىك چاينىڭ پىلانىدا بىرلىككە كېلىشىپ، توي ئىشىنى ئازراق بولسىمۇ كاللىسىدىن نېرى قىلىپ، بۇ سودىنى قىلىپ بېقىش تەرىپىدىن چىقىپ ئويلىنىشقا باشلىدى. ھاجىمغا جاۋاب بېرىدىغان ۋاقىت قىستاپ قالغان بولغاچقا، ۋاقتىدا بىر قارارغا كەلمىسە بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئىككى تايىن بولۇپ ئولتۇرۇۋەرسە ھاجىمنى ئويغا سېلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، پىشقان سودىگەرلەر، چوڭ سودا قىلىدىغانلار ئازراق زىياننىڭ كۆزىگە قاراپ قالىدىغانلارنى ياقتۇرۇپمۇ كەتمەيتتى. ئەنە ھاجىممۇ ئۇنى شۇنىڭغا رىغبەتلەندۇرۇپ، «سىزمۇ مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدىكىگە ئوخشاش چوڭ سودىلارنى قىلىدىكەنسىز، قورقماي تەۋەككۈل قىلالايدىكەنسىز» دەۋاتامدۇ!

شۇ ئويلار بىلەن كۆڭلىنى توختاتقان ئۆمەر مەبلەغلىرىنى ھېسابلاپ بېقىش ئۈچۈن ئەمدىلا قولىغا قەلەم ئېلىۋىدى، ئىشخانىنىڭ ئىشىكى بىسوراق ئېچىلىپ بارات كىرىپ كەلدى.

— ۋاي، قانداق ئەھۋالىڭ، ئاداش؟ — بارات قىزغىنلىق بىلەن قولىنى سۇندى. ئۆمەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى. ئۇ ئۆزىدىكى ئېغىر غەمنى، ئويىنى يوشۇراي دەپمۇ يوشۇرالمىدى. بارات بىرلا قاراپ ئۇنىڭ ھالىنى بىلىۋالدى.

— نېمە بولدۇڭ، ئۆمەر؟ غەمگە چۆكۈپلا قاپسەنغۇ؟
— ھېچنېمە بولمىدى،— دېدى ئۆمەر كۈلۈشكە تىرىشىپ.
— «ھېچنېمە بولمىدى» دېگىنىڭ بىلەن چىرايىڭدىن ھەممە نېمە مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرسا.
— ئادەم بەزىدە خىيالغا چۆكۈپمۇ قالىدىكەن.
— ھەرقاچان تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنىڭ كويىغا چۈشكەنسەن؟ پۇلنىڭ كويى يامان.
ئەمما، ئۆمەر باراتنىڭ بۇ گېپىگە ئىپادە بىلدۈرمەي ئىشىككە ماڭدى:
— ساڭا قىزىق چاي ئەكىرسۇن.
— بولدى، بولدى،— بارات ئۇنى توختاتتى،— مەن يېنىڭغا كىچىككىنە بىر ئىش بىلەن كەلگەنىدىم. بىردەمدىلا ماڭىمەن.
ئۆمەر جايىدا ئولتۇردى ۋە سورىدى:
— نېمە ئىشتى، ئاداش؟
— مۇنداق ئىش،— دېدى بارات ئاۋازىغا جىددىي تۈس بېرىپ،— بىر تونۇشۇم بار ئىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە خىزمىتىنى يۆتكەپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئۈچ مو ئۈزۈملۈكى بار ئىدى. ئۈرۈمچىگە كەتسە ئۈزۈملۈككە ئىشلەش ئەپسىز بولىدىكەن. شۇڭا ئۇلار ئۈزۈملۈكنى كۆتۈرە بېرىۋەتمەكچى ئىكەن. ئاداش، مەن ئۇلارنىڭ ئۈزۈملۈكىنى ياخشى بىلىمەن. ئۇبدانلا مېۋىگە كىرىپ قالغان ئۈزۈملۈك ئىدى، شۇڭا شۇ يەرنى ئۆزۈملا كۆتۈرە ئالاي دېدىم.

ئاغزى تاتلىق، مۇناسىۋەتكە ماھىر بۇ باراتنىڭ مۇقىم خىزمىتى بولمىسىمۇ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنىڭ ئىپى ـ جىپىنى قىلىپ يۈرۈپ بىر ئوبدان ياشاپ كېتىۋاتقىنىغا ئۆمەر قايىل ئىدى. شۇڭا ئۇ باراتنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇش بولدى:

— ياخشى قىپسەن، ئاداش. يەر دېگەن ئىشلىگەن ئادەمنى يەرگە قاراتمايدۇ. چاققانلىقىڭ يەنە ئەسقېتىپتۇ. سەن بۇنچىلىك ئىشلارغا يېتىشىپ كېتەلەيسەن. ئاغىنىلەر ئىچىدە سېنىڭ مۇشۇ يېرىڭ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ. مۇشۇنداق مېڭىۋېرىدىغان بولساڭ، ئەتە ـ ئۆگۈن چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىۋېتىشىڭ تۇرغانلا گەپ.

لېكىن، باراتنىڭ بۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنگۈسى كەلمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆمەرنىڭ گېپىگە «ھە» دەپ بېشىنى لىڭشىتقىنى بىلەن بىر گەپنى دېيىشكە تەمشىلىپ تۇراتتى.

— يەرگە ئىشلەپ باقمايتىكەنمەن، كۆرۈپ باقاي دېدىم.

— ۋاي، بارات، ئاز ئۆتمەي بۇ ئىشنىمۇ بوزەك قىلىۋالىسەن. ھە، ئۇ ئىشقا توختام يېزىشتىڭلارمۇ؟

شۇنچە قىزغىن سۆزلەۋاتقان بارات بىردىنلا پەسكويغا چۈشتى.

— شۇنىڭغا كەلدىم ئاداش، — دېدى بارات، — بىر تۇمەن كويدەك پۇل كېمىيىپ قالغاندى. ئاغىنىلەرنى بىر قۇر خىيال قىلىپ، ئۇلارنى ئاۋارە قىلماي دەپ ئۇدۇللا سېنىڭ يېنىڭغا كېلىشىم. شۇڭا ماڭا بىر تۇمەن كوي ياردەم قىلىپ تۇرغان بولساڭ.

بۇ گەپ بىلەن ئۆمەرنىڭ بېشىدا چاقماق چاققاندەك بولدى. شۇڭا دەرھال بىرنېمە دېيەلمەي بىرپەس جىم تۇرۇپ قالدى.

— ئۇزۇم پىشقۇچە ساقلاتمايمەن. ئون - يىگىرمە كۈندىن كېيىن ناھىيەدىكى مەكتەپلەرگە ئۆتكۈزگەن پارتا - ئورۇندۇقلارنىڭ پۇلى كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا قايتۇرۇۋېتىمەن.

«دوستۇم، سېنى قايتۇرالمايدۇ، دەپ ئەنسىرەۋاتقىنىم يوق.» ئۆمەر شۇنى ئويىدىن ئۆتكۈزۈپ تەڭقىسلىقتا قالدى. چۈنكى، بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ئۇ ھازىر مەبلەغكە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. رېستوراننىڭ سودىسى ياخشى بولغىنى بىلەن ھەر ئايدا بانكىغا بىرمۇنچە قەرز قايتۇرۇۋاتىدۇ، رېستوراننىڭ بېزەكلىرىنى تولۇقلاشنى پىلان قىلىۋاتىدۇ. مۇھىمى، ئۇ ھامۇت ھاجىمغا ماقۇللۇق بېرىشكە ئاران كۆڭلىنى توختاتتى. ئۇنىڭغا مەبلەغ تەييارلاش كېرەك. گەرچە بانكا يەنە قەرز بېرىشكە ئۇنىغان بىلەن قاچان بېرىدۇ؟ قانچىلىك بېرىدۇ؟ بۇ ئېنىق ئەمەس. ئەگەر قەرز رەسمىيىتى ۋاقتىدا بېجىرىلىپ تۈگىمىسە ئۆمەرمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ چىراي سارغايتىشى كېرەك. ناۋادا بانكا تەرەپ ئۆمەر دېگەن سوممىدا قەرز بېرەلمەي قالسا، كەم يېرىنى يەنە ئۆمەر تولۇقلىمىسا بولمايدۇ. شۇڭا باراتنىڭ ئىشىدا ئۇنىڭ بېشى قاتتى. بېرەي دېسە بايىقى قىيىنچىلىق، بەرمەي دېسە ئاغىنىسى ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلاپ ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ.

خېلىغىچە ئۆمەردىن سادا بولمىغاندىن كېيىن بارات تاماكا چىقىرىپ ئۈن ـ تىنسىز چېكىشكە باشلىدى. باراتنىڭ ئۈمىدسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئۆمەر سەۋەب كۆرسىتىپ قاراپ تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدى.

— بارات، بايا دېگىنىڭ توغرا، ئاداش. مەن پۇلنىڭ كويىدا غەمگە پېتىپ ئولتۇرغانىدىم. لېكىن رېستوران غېمى ئەمەس. مەن ئالدىمىزدا بىرەيلەن بىلەن شېرىكلىشىپ چوڭ بىر سودا قىلىشنىڭ پىلانى بىلەن يۇرۇۋاتقانىدىم. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىقتىساد كېتىدىكەن. قولۇمدىكى پۇل ئۇنىڭغا يەتمەيدىكەن. شۇڭا مەنمۇ بىر ئامالىنى قىلاي، دەپ ئولتۇرۇپتىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باراتنىڭ تاماكىسىنىڭ سۇزگۇچىنى چىشلىدى.

— لېكىن، شۇنداق دەپ سەن بىر ئىش قىلىمەن دېسەڭ قاراپ تۇرسام بولمايدۇ، — ئۆمەر تارتمىنى ئېچىپ يۇز كويلۇق پۇل بىلەن قاتلانغان ئۈچ قاتلاق پۇل ئالدى، — سەن مېنىڭ جىددىي ئەھۋالىمغا ئۇدۇل كېلىپ قالدىڭ، بۇنىڭدىن بۇرۇن بولغان بولسا ياكى قىلماقچى بولغان سودامنىڭ ئاخىرى چىققان بولسا چاتاق يوق ئىدى. شۇڭا خاپا بولما، ئاداش. ئاز بولسىمۇ بۇ ئۈچ مىڭ كوينى ئېلىپ تۇر، بىراق ئالدىراپ قايتۇرىمەن دېمەي، ئىشلىرىڭنى خاتىرجەم قىلىۋەر.

تاماكىسىنىڭ سۇزگۇچىنى چىشلەپ ئۇزۇۋېتەي دەپ قالغان بارات ئۇستىلىق بىلەن چىرايىغا كۇلكە يۇگۇرتتى:

— رەھمەت، ئاداش، مۇشۇ كۈنلەردە بەزىلەرنىڭ قولىدىن ئۈچ يۈز كويمۇ چىقمايدىغان بولۇپ كەتتى، ھېلىمۇ رەھمەت، سوداڭ ئوڭۇشلۇق بولسۇن، ئەمىسە مەن ماڭاي، ئاداش.

بارات پۇلنى ئېلىپ ئورنىدىن قوپتى.

— ھوي، سەن يات ئادەمدەك ئىشىكنى دەپ بولۇپلا ماڭامسەن؟ توختا. ئەمدى سەن ماڭا مېھمان، ئاغىنىلەرنى چاقىرساڭ بىرەر دەم ئولتۇرايلى، مەنمۇ زېرىكىپ قالدىم.

— رەھمەت، ئاداش. ئۈزۈملۈكنى قولۇمغا ئېلىۋالسام شۇنىڭ تەبرىكىگە مەن چاي بېرەي. شۇ چاغدا ئولتۇرايلى.

— ئۇنداق بولسا، چاقىرىشنى ئۇنتۇپ قالما.

— بولىدۇ.

بارات چىقىپ كەتتى. ئۆمەر خېلىدىن بۇيان ئاغىنىلىرىگە پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن باراتنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىدى. شۇڭا ئۆمەر دەسلەپتە ئۇنىڭ دېگىنىدەك ياردەم قىلالمىغىنىغا سەل ئەپسۇسلاندى. كېيىن: «ماڭىمۇ نېمە ئامال؟ ئۇنىڭغا ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. شۇڭا ئۇمۇ ئۇنچە بەك خاپا ئويلاپ كەتمەس. بۇ سودا تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا چوڭراق بىر ياردەم قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىۋالارمەن، چۈنكى ئۇنى كېيىن چوڭ ئىشلارنى قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئىقتىساد لازىم بولىدۇ» دەپ ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. ئۇ رابىيە ئىدى. نېمىشقىكىن، رابىيە بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىسا ياكى رابىيەدىن تېلېفون كەلسە ئۆمەردە بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولاتتى. بۇنداق چاغدا ئۆمەر دەرھال تېلېفون قىلمىسا رابىيەنىڭ ئاچچىقى كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغان بولغاچقا دەرھال تېلېفون قىلدى.

— ئۆمەرجان، نەدە؟

— رېستوراندا.

— بەك ئالدىراشمۇ؟

— ياخشى.

— چىقالامسىز؟

— نېمە ئىش؟

— ئاكامنىڭ ئىشىنى ئۇقتىڭىزمۇ؟

رابىيەنىڭ بۇ گېپى بىلەن خۇددى ئالىم بىلەن گۇلپەرنىڭ توي خەۋىرى بولىدىغاندەك ئۆمەرنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. ئۆمەر ئۆزىدىكى بۇ غەلىتە سېزىمگە ھەيران قالدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ ئېھتىيات بىلەن سورىدى:

— ئاكىڭىزغا نېمە ئىش بوپتۇ؟

— نەچچە كۈن بۇرۇن ئاكام بىر يان تېلېفون ئالدى.

ئۆمەرنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى نورماللاشقاندەك بولدى.

— مۇبارەك بولسۇن!— دېدى ئۇ.

— مەن سىزنى مۇبارەكلەڭ دېمىدىم،— دېدى رابىيە نارازى بولۇپ،— بۇگۈن ئولتۇرۇپ ئويلاپ باقسام،

سىزمۇ يان تېلېفون ئالسىڭىز بولغۇدەك. قانداق دېدىم، ئۆمەرجان؟ سىز دېگەن شەھەرىمىزدىكى كاتتا رېستورانچى، نامىڭىز خەقنىڭ ئاغزىدا، يۇرۇش ـ تۇرۇشىڭىز خەقنىڭ نەزىرىدە. شۇنداق تۇرسا، سىزدە يان تېلېفون بولمىسا قەتئىي بولمىغۇدەك. مەن سىزگە بۇرۇنلا دېگەنغۇ، نام ـ ئابرۇيىڭىزغا يارىشا سالاپىتىڭىز بىلەن يۈرمىسىڭىز بولمايدۇ. چاققان چىقىڭ، مەن هازىر شەھەرلىك باسما زاۋۇتىنىڭ يېنىدىكى يان تېلېفون ساتىدىغان دۇكاندا. هازىرلا مېڭىڭ.

رابىيەنىڭ دەسلەپكى مەسلىهەت يوسۇنىدىكى گېپى ئاخىرى بېرىپ بۇيرۇققا ئايلىنىپ كەتتى.

قانداق ئىشكىن، ئۆمەر ئۆزىدىكى بىر خىل پاسسىپ بولغان قورقۇچ پىسخىكىسى تۈپەيلى تۇرمۇشتا رابىيەنىڭ سىزغان سىزىقى بويىچە مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇنىڭدىن دېمى سىقىلىپ، بېسىم هېس قىلغان ئۆمەرنىڭ بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشقۇسى كېلەتتى، لېكىن يەنە ئامالسىزلىق هېس قىلاتتى. ئىككىسى رەسمىي ئارىلىشىپ توي قىلىدىغىنى ئېنىق بولغاندىن كېيىن رابىيە: «تاشقى كۆرۈنۈشۈڭىزگە ئەهمىيەت بەرمەيدىكەنسىز، نېمە سىزنىڭ كىيگەن كىيىملىرىڭىز؟» دەپ قاقشاپ يۈرۈپ ئۆمەرنى قىممەت باهالىق كىيىم كىيىشكە ئادەتلەندۈردى. «سىزدەك بىر لاۋبەن موتوسىكلىت مىنىپ يۈرسە ئادەمنىڭ نومۇسى كېلىدىكەن. هازىرچە ماشىنا بولمىغاندىكىن، يا پىيادە مېڭىڭ، يا تاكسى بىلەن مېڭىڭ» دەپ يۈرۈپ ئۆمەرنى

موتوسكلىت مىنىمەس قىلدى. ئەمما، بۇنداق مەجبۇرلاشلار ئاخىرى بېرىپ ئۆمەرنىڭ جەھلىنى قاتۇردى. دەرۋەقە، بىر كۈنى رابىيە ئۇنىڭ چاچ پاسونىنى ئۆزگەرتىش توغرۇلۇق گەپ قىلغىنىدا، ئۆمەر قاپىقىنى تۈرۈپ بىر ئېغىز گەپ بىلەن رابىيەنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالمىۋىدى، رابىيە گاڭگىراپ قالدى ـ يۇ، قايتا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالمىدى.

ــ نېمىگە ھاڭۋېقىپ قالدىڭىز؟ چاققان بولۇڭ. ئاكامنىڭكىدىن قىممەتنى ئالىمىز جۇمۇڭ.

ــ ماقۇل، ھازىر باراي.

ئۆمەر بويىنىدىن باغلىنىپ سۆرەلگەندەك ئىشخانىسىدىن چىقتى.

※ ※ ※

رابىيە سەگەكلىك بىلەن ئاكىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سېزىپ يەتتى. ئاكىسىنىڭ شېرىنگۈلگە قىزىقىپ قالغانلىقىنى، بىر ھەپتىدىن بۇيان شېرىنگۈلگە چاقىرغۇ قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭغا قانائەت قىلماي كۆرۈشكۈسى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇردى. بۇنىڭغا قاراپ رابىيە: «ئاكامنىڭ خۇيى ئۆزگەرمىگۇدەك. ئەگەر ئاكام مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا كېيىنچە شېرىنگۈلنىڭ ھالىغمۇ ۋاي. شۇڭا خۇدايىم ئاكامغا ئىنساب بەرسۇن» دەپ ئويلىدى. بىراق، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەندىشىسى شېرىنگۈلنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدە ئەمەس،

بەلكى ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىدا ئىدى. چۈنكى، ھازىر ئاپىسى كۈندە رابىيەنى «شېرىنگۈل بىلەن ئالىمنى قاچان ھەقىقىي كۆرۈشتۈرىسىز؟» دەپ قىستايدۇ. رابىيە بولسا «ئاكام بىلەن شېرىنگۈل كېلىشىپ قالسا گۈلپەرى بىلەن ئۆمەرجان چاتاق سالماس» دېگەن ئەندىشىدە قىينىلىدۇ. شۇڭا تۇرۇپ: «يا خىش قېلىپتىن چىقماستا شېرىنگۈل بىلەن ئاكامنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىۋېتەمىكىن؟» دەپمۇ ئويلايدۇ. ئارقىدىنلا بۇ ئويىدىنمۇ يانىدۇ. چۈنكى ئەگەر شۇنداق بولۇپ قېلىپ چېنىپ قالسا ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭ ئىشىغا چات كىرىۋېلىشى ئېنىق. بۇنى ئاپىسىنىڭ دارىتما گەپلىرىدىن ئۇ تۇيۇپ تۇرىدۇ. قايسى كۈنى بىرەيلەننىڭ تويى توغرۇلۇق پاراڭ بولۇۋېتىپ ئاپىسى: «ھازىر چۆنتىكى قورۇق لاۋبەنلەرمۇ جىق» دەۋاتامدۇ. دېمەك، ئاپىسى ئۆمەرجان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇققان. شۇڭا رابىيە ئاكىسى بىلەن شېرىنگۈلنىڭ ئىشىنى بۇزۇشتا قاتتىق ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدۇ. بەزىدە رابىيە ئۆمەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئويلىشىپ: «ھازىر ئۆمەرجان گېپىمدىن چىقمايدۇ، ئىشلىرىنى ماڭا مەسلىھەت سالىدۇ، ئۆمەرجان بىلەن كۈندە دېگۈدەك بىللە بولىمىز، توي قىلىدىغانغىمۇ پۈتۈشۈپ بولدۇق. بەلكىم بىر ۋاقلاردىكى ئىپادىسى ئۇنىڭ گۈلپەرىگە بولغان مۇنداقلا بىر قىزىقىشى بولۇشى مۇمكىن؟ ئەگەر ئاكام گۈلپەرى بىلەن توي قىلمىسا دېسە، مەن ئۆمەرجاننىڭ گېپىنى قىلسام،

ئاتام بىلەن ئاپام ھەرگىز ئىككى باش ئاغرىقىنى تېپىۋېلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ھەم ئاپامغا ياخشى كۆرۈنۈش، ھەم كېيىنكى باش ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا دوستۇم گۈلپەرىگە ئۆۋالچىلىق قىلىپ قويماسلىقىم ئۈچۈن ئاكام بىلەن شېرىنگۈلنىڭ ئىشىنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرەي. ئۆمەرجاندىن ئارتۇقچە ئەندىشە قىلىپ كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالماي يەنە» دېگەن قارارغا كەلدى.

— ئاپا، شېرىنگۈل بۈگۈن كەچتە كۆرۈشىدىغانغا قوشۇلدى.

بۇنى ئاڭلىغان سائادەت كۈلدى:

— بۈگۈن كەچكە بېكىتتىڭلارمۇ؟ ياخشى بوپتۇ. مۇشۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىر ياقلىق قىلىۋېتەيلى. ئاكىڭىزغا قاتتىق جېكىلەڭ، بويۇن تولغاپ تۇرۇۋالمىسۇن. بولمىسا، ئۆزۈم گەپ قىلىمەن.

— غەم قىلماڭ، ئاپا. ئاكام ھازىر ئاكتىپ.

رابىيە مېھمانخانا ئۆيگە چىقتى.

— ئاكا، شېرىنگۈل بىلەن بۈگۈن كەچ سائەت ئالتىدە كۆرۈشىدىغان بولدۇق.

— نەدە؟— دېدى ئالىم ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقان بىلەن ئاۋازىدىكى تىترەك ئۇنىڭ ھاياجىنىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

— قىزىق گەپ بولدى، نەدە كۆرۈشىدىغىنىڭنى ئۆزۈڭ بىلمەمسەن،— دېدى رابىيە قوپاللىق بىلەن.

رابىيە گەرچە يۇقىرىقى قارارغا كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز ئەندىشىسى تۇپەيلى شېرىنگۈل بىلەن ئاكىسىنىڭ ئىشىغا ئىچ - ئىچىدىن قوشۇلغۇسى يوق ئىدى.

— نېمە ماڭا ئۇنداق گەپ قىلىسەن؟ — دېدى ئالىم سىڭلىسىنىڭ نارازىلىقىنى چۈشىنىپ، — ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاپام مەجبۇرلاۋاتسا. «ئاپامنىڭ كۆڭلىنى» دەپ كۆرۈشۈپ قوياي دەۋاتىمەن. كۆرۈشكەنگە بىر ئىش بولۇپ كەتمىگەندىكىن.

بۇ گەپكە رابىيە دىمىقىنى قېقىپ قويدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. چاقىرغۇسىغا قارىغان رابىيەنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى، چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلدى. شۇڭا ئۇ ئاكىسىغا يامان گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا تېلېفوننىڭ يېنىغا باردى.

— ھەئە، ئۆيدە. بولىدۇ، مۇھىم ئىش ئىكەن، ھازىرلا باراي.

رابىيە سومكىسىنى قولىغا ئالدى.

— كىمگە تېلېفون قىلدىڭ؟ بەكمۇ ئۇزۇن نومۇرنى باستىڭغۇ؟

— ئۆمەرجان ئىكەن، يېڭىدىن يان تېلېفون ئالدى، — دېدى رابىيە خۇشلۇقىنى يوشۇرالماي، — ئۇ ئاپىسىنى ھەرەمگە ئەۋەتمەكچى ئىدى. كېيىنكى ھەپتە جامائەتكە چاي بەرمەكچى ئىكەن. شۇنىڭ مەسلىھەتىگە چاقىرىپتۇ.

ئالىم ئارتۇق گەپ قىلماي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ قالغان رابىيە: «مانا، ئۆمەرجان مۇشۇنداق چوڭ ئىشنى مەن بىلەن مەسلىھەتلىشەي

دەۋاتسا، ئۇ مەن بىلەن توي قىلماي يەنە نەگە بارماقچى؟»
دەپ ئويلاپ كەينىگە بۇرۇلدى:

— ئاكا، ئاپام سىنى شىرىنگۇل بىلەن ياخشىراق سۆزلەشسۇن دەيدۇ.

رابىيە چىقىپ كەتتى. ئالىم سىڭلىسىنىڭ تەلەپپۇزىدىكى نارازىلىقىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان سەممىيلىكنى ھېس قىلىپ ھەيرانلا قالدى.

ئالىم سائەتكە قارىدى، كۆرۈشۈش ۋاقتىغا يەنە ئىككى سائەت بار ئىدى. ئالىم تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ، ئېكرانغا مودېللار چىقىۋىدى، شىرىنگۇلنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بىر ئاز ئولتۇردى، ئەمما بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە ئاپىسىنىڭ كىرىپ قېلىپ پاراڭغا تۇتۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى.

سائادەت يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان: «ئىككى بالامنىڭ خىزمەت ئىشلىرىمۇ جايىدا ھەل بولدى. ئەمدى كۆڭۈلدىكىدەك يەردىن لايىق چىقسا غېمىممۇ تۈگەر» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئالىمنىڭ خىزمەت ئىشتاتى ھەل بولۇشى بىلەنلا توينىڭ كويىغا چۈشكەنىدى. ئۇ بۇ ئىشتا ئېرى بىلەن كۆپ كېڭىشىپ، ئائىلە شارائىتى ياخشى، مۇقىم خىزمىتى بار ياكى قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا بىرلىككە كەلدى. شۇڭا، ئالىم خىزمىتى يوق قىزنىڭ ئىشىنى تىلغا ئالغاندا سائادەتنىڭ ئەرۋاھى

ئۇچقانىدى. چۈنكى، ئۇلار باشقىلارغا چاندۇرماي ئىچىدە چوت سوقۇۋاتقىلى ئۇزاق بولغانىدى. ئەگەر ۋىلايەتتىكى ھىلىقى ئەمەلدارنىڭ قىزىنىڭ بىر كۆزى ئالىغاي بولمىغىنىدا ئىدى، ئالىمنىڭ توي ئىشى ئاللىقاچان پۈتۈپ بولاتتى، لېكىن قىزنىڭ شۇ ئەيىبى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى. ۋىلايەتتىكى ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ ئۇلار بىلەن چاي ئويناۋاتقان خوتۇنى بۇ ئىشنى يىراقتىن ئەگىتىپ سايە قىلىنۇۋدى، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ نەچچە كۈنگىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇلار بۇ ئىشتا راست قىينالدى. «ياق» دەيلى دېسە، ئەمەلدارلىق تاجىدىن قورقىدۇ، «ھە» دەيلى دېسە، قىزنىڭ ئەھۋالى شۇ. ئۇلار ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا يانجىلىپ كېتەي دېگەندە، ۋالىينىڭ قىزى ئۇرۇمچىدىكى بىرى بىلەن «كېلىشىپ» قاپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزنىڭ خىزمىتى ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ بۇ ئىش چىرايلىق بېسىقتى، لېكىن، بۇ ئىش ئىككىسىنى ئالدىرىتىپ قويدى. شۇڭا ئۇلار ئاخىر شېرىنگۈلنى تاللىدى. سائادەت دەسلەپتە شېرىنگۈلنى تىلغا ئالغاندا ئالىم ئۇنىمىغۇدى، سائادەت ئۇنى بەك زورلاپ كەتمىدى. ئېرى بىلەن دېيىشىپ ئالىمنى ئاستا - ئاستا كۆندۇرمەكچى بولۇشتى. بولمىسا، ئۇلار ئالىمنىڭ ھېلىقى «قەدىرلىك قىزى» بىلەن «بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن» ئەندىشە قىلىپ قالغانىدى. مانا رابىيەنىڭ دېيىشىچە، ئالىم شېرىنگۈلگە خېلىلا قىزىقىپ قاپتۇ. ئىشنىڭ يۈرۈشكىنى شۇ. ئالىمنىڭ توي ئىشى چىرايلىق بىر

تەرەپ بولۇپ كەتسە، رابىيەنىڭ ئىشى ئاسان. رابىيە ئۆزىنىڭ ئىشىدىن غەم يەپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن يوشۇرۇپ يۈرگىنى بىلەن سائادەتلەر ئۇنىڭ ئىشىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغانىدى، ھەتتا ئېرى بىلەن ئۆمەرنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرۈپ: «قولىدىن ئىش كېلىدىغان، چوڭ ئىگىلىك تىكلىگەن، كېيىن چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدىغان بالىكەن» دەپ ئۆمەرنى «تەستىقلاپ» بولغانىدى. سائادەت ئالىمنىڭ تويىنى جاھان يېڭى كۆكەرگەن ۋاقىتتىلا قىلىۋېتىشنى ئويلىشىۋاتقان بولغاچقا، ئالىم بىلەن شېرىنگۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى پۈتكۈزۈشكە ئالدىراۋاتاتتى.

سائادەت سائەتكە قاراپ قويۇپ: «ئۇخلاپ قالمىغاندۇ بۇ بالا؟» دەپ ئالىمنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چەكتى:

— ئالىم، ئۇخلاپ قالمىغانسەن؟

خىروئىننىڭ نەچچە مىنۇتلۇق ھۇزۇرىدىن كېيىن ئېزىلىپ ياتقان ئالىم ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە چاقماق، مېتال قوشۇق، خىروئىن ئورالغان كىچىك بولاقچىنىڭ قەغەزلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تارتمىغا سالدى ۋە بۇنىڭغىمۇ كۆڭلى ئەمىن تاپماي تارتمىنى كىچىك قۇلۇپى بىلەن قۇلۇپلىۋەتتى، ئاندىن مۇزلاپ كەتكەن بىر چىنە چاينى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭچە سائادەت يەنە ئىشىكنى چەكتى. ئۆزىنى توختىتىۋالغان ئالىم بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — سورىدى سائادەت.

— ئۇخلاپ قاپتىمەن، — دېدى ئالىم يالغاندىن ئەسنەپ.
— بۇگۇنكى ئىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟
بۇنى ئاڭلىغان ئالىم قەستەنگە ئۇنتۇپ قالغان قىياپەتكە كىرىۋالدى:
— شۇ ئىش بار راست، كىيىمىمنى يۆتكەپلا ماڭاي.
— بۇ ئىشقا سەل قارىما، ئالىم.
— هازىرلا ماڭىمەن.
كوچىغا چىققان ئالىم سوغۇقتىن بىر ئاز ئىسسىگە كەلگەندەك بولدى. مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلار يەنە ئۇنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىغا بەك ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ خىيالى ھەقىقەتەن چىگىچلىشىپ كەتكەنىدى. «نېمىشقا كېسىپ بىر قارار چىقىرالمايمەن؟ بۇ ئىشنىڭ كېسىپ قارار چىقىرىدىغان يېرىمۇ يوق... گۈلپەرى ئىككىمىزنىڭ ئىشى پۈتۈپ بولغان تۇرسا، يەنە نېمىشقا مۇنداق ئويلارغا دۇچار بولىدىغاندىمەن؟» بۇ ئوي ئۇنى دەممۇدەم قىينايتتى. شۇڭا ئۇ بېشىنى چايقىغاللاپ: «نېمىشقا كېسىپ بىر قارار چىقىرالمايمەن؟» دەپ ئۆزىدىن تەكرار - تەكرار سورايتتى، ئەمما بۇ ئەقىلسىز بايقۇش «بىر قارارغا كېلەلمەسلىك»نىڭ بىرى ئۆزىنىڭ چىركىن خۇيىدىن، يەنە بىرى زەھەرنىڭ ئۇنىڭ ئەقلىنى، ئالىقاچان داغ چۈشكەن ئىنسانىي پەزىلىتىنى چىرىتىۋاتقانلىقىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى قانداقمۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن؟!
ئالىم سائىتىگە قاراپ قويۇپ شىرىنگۈلگە چاقىرغۇ

قىلماقچى بولدى ۋە: «مەن پەقەت ئاپامنىڭ زورى بىلەنلا شېرىنگۈل بىلەن كۆرۈشۈپ قويايلا دەۋاتىمەن» دەپ ئۆزىنى بەزلىدى، ئاندىن يان تېلېفونىنى ئېلىپ شېرىنگۈلگە چاقىرغۇ قىلدى. بىردەمدىلا تېلېفون قايتتى.

— ئالىمجان، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

شېرىنگۈلنىڭ ئەركىلىگەندەك چىقىدىغان يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن ئالىمنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى.

— نەگە بېرىپ تاماق يېسەك بولار؟

— ياخشىراق يەرگە بارايلى، ھە، راست، «خانبالىق»نىڭ ئايرىمخانىلىرى بارمىدۇ؟

شېرىنگۈلنىڭ دەۋاتقىنى شەھەردە يېڭىدىن ئېچىلغان، كاتتا بېزەلگەن «خانبالىق تېز تاماقخانىسى» بولۇپ، ھەيۋەتلىكە يارىشا قىممەتچىلىك ئىدى، ئايرىمخانىسىنىڭ ئۆلچىمىنىڭ يۇقىرىلىقىچۇ تېخى! شۇڭا ئالىم ئويلىنىپ قالدى: «ئىككى ئادەمگە ئۇ يەردە نېمە بار؟ يا دوستلىرى بارمىكىن؟ ناۋادا دوستلىرى بولسا مەنمۇ دوستلىرىمدىن بىر - ئىككىسىنى چاقىرىۋالامدىم؟»

— شېرىنگۈل، ئالدى بىلەن بېرىپ قاراپ باقامدۇق؟ دوستلىرىڭىزنى چاقىرىۋالدىڭىزمۇ؟

— ئارىغا ئادەم قوشۇپ نېمە قىلىمىز؟ بولدى، ئىككىمىزلا.

— ئۇنداقتا ھازىر سىزنى ئالغىلى باراي.

— تېزرەك بولارسىز، ھاۋا بەك سوغۇق ئىكەن، مەن توك ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا.
ئالىم ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى.

※ ※ ※

كۆڭۈللۈك پاراڭ بىلەن تاماقلانغان ئۆمەر بىلەن رابىيە قاراڭغۇ چۈشكەندە خوشلاشتى.
— ئۇنداق بولسا مەن ئاغىنىلەرنىڭ يېنىغا باراي، — دېدى ئۆمەر ماڭماقچى بولۇپ.
— ھاراقنى ئاز ئىچىڭ جۇمۇ! — دېدى رابىيە سەل بۇيرۇق ئارىلاشقان تەلەپپۇزدا. رابىيەنىڭ بۇ تەلەپپۇزى گەرچە ئۆمەرنىڭ زىتىغا تەگكەن بولسىمۇ، ئۆمەر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:
— بولىدۇ، بەلكىم بۈگۈن ئىچىدىغان ئىشىمۇ بولماس، — دەپ قويدى.
ئۆمەر ئاغىنىلىرى ئولتۇرغان ئايرىمخانىغا كىرگەندە ئاغىنىلىرى ئاللىقاچان بىر بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ بولغانىدى.
— كەل، ئاداش، — دېدى باتۇر ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، — گېلىمىز شۇنداق قىچىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ساڭا قىسىنىپ ئاز - ئازدىن ئىچىپ ئارانلا بىر بوتۇلكا ئىچتۇق.
— مېنى ساقلىماڭلار دېگەنغۇ، — دېدى ئۆمەر ئاغىنىلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ.

— سېنى ساقلىمساق قانداق بولىدۇ؟ — دېدى بارات ئورۇندۇقنى رەتلەپ، — قېنى، بىزنىڭ مەدەتچىمىزنىڭ ئورنى ھەرقاچان تۆردە. قېنى، ئورنۇڭغا ئۆت، ئاداش.

ئۆمەر ئۇلارنى تولا گەپ قىلدۇرمايلا بارات كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى ئۆمەر، — سىلەر پەرەز قىلغاندەك بولدى. بۈگۈن بېرىپ ئۇقۇشسام ئاپاملار يەنە ئون كۈنلەردىن كېيىن ماڭغۇدەك. شۇڭا كېيىنكى ھەپتە ئىچىدە چاي بېرىۋېتىدىغان بولدۇق.

— قانداق ماڭىدىغان بولدى؟

— ئۈرۈمچىگە بېرىپ بىرنەچچە كۈنلۈك ئۆگىنىشكە قاتنىشىپ بېيجىڭغا بارغۇدەك. شۇ يەردىن بىۋاستە ئۇچقۇدەك.

— بەك ياخشى بوپتۇ.

— ئۈرۈمچىدىنلا ئۇزاتقۇدەكمىز، بېيجىڭغىچە بېرىشىمىزغا قوشۇلمىدى. شۇڭا ئۈرۈمچىگە ماڭغۇچە ماڭا بىرقانچىڭلار ھەمراھ بولساڭلارلا بولىدۇ. قالغانلار ئىشىڭلارنى خاتىرجەم قىلىۋېرىڭلار.

— چاتاق يوق، ئاداش.

— ئەمدى خاتىرجەم بوپسەن، قېنى تاماق ئاله!

— مەن ھېلىلا تاماق يەۋالدىم.

— ئۇنداقتا بىر رومكا ئىچىپ قوي، قالغىنىغا زورلىمايمىز.

بارات ئىككى رومكا قويۇپ بىرىنى ئۆمەرگە بېرىپ، يەنە بىرىنى ئۆزى ئالدى:

— قېنى دوستىمىز ئۆمەرنىڭ چوڭ سودىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن!
— يەنە سودا قىلىمەن دەۋاتامسەن؟
— ھەئە، بىر چوڭ سودىغا قوشۇلۇپ قالدىم.
— ئىشلىرىڭ ئۈچقۇر پويىزدەك يۈرۈشۈپ كەتتى دېگىنە، ئاغىنە،— دېدى باتۇر. ئۆمەر كۈلۈپلا قويدى.
— نېمە سودا؟— سورىدى ئەسەيدۇللا.
— ئۇنداق سورىساڭ قانداق بولىدۇ؟— دېدى باتۇر،— سودا دېگەننىڭ مەخپىيەتلىكى بولمامدۇ؟ ئىش ئۇقمايسەن - دە سەن. كىچىك بالىدەك ئاغزىمغا كەلدى دەپ سوراۋەرسەڭ بولامدۇ؟
ئەسەيدۇللا ئاغزىنى ئۆمەللەپ توختاپ قالدى. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر:
— باتۇر، ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ئەسەيدۇللامۇ بىر يېرىنى ئويلاپ سورىغاندۇ؟— دېدى.
— نېمىنى ئويلايدۇ؟ قىزىقىپ سورىغىنى ئۇ.
— ئاغىنىلەر، بىر - بىرىمىزنىڭ گېپىگە ھۆرمەت قىلايلى،— دېدى ئۆمەر نارازى بولۇپ. باتۇر قاپىقىنى تۈرگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى.
— ئاداش،— دېدى ئەسەيدۇللا،— چوڭ سودا بولغان بىلەن شېرىكلىشىدىغان ئىش ئىكەن. شۇڭا ئوبدان ئويلان، قاتتىق ئېھتىيات قىل...
— سەن ئۆگەتمىسەڭمۇ شۇنچە ئىش تەۋرىتىۋاتقان بىر ئادەم ئۆزى بىلمەسمۇ؟— دېدى ئارانلا تۇرغان باتۇر.
— رەھمەت، ئاداش،— دېدى ئۆمەر ئەسەيدۇللاغا.

ئاندىن ھەممىيلەنگە يۈزلەندى، — قېنى، تاماق ئالغاچ باشقا پاراڭ بولسا قىلىشايلى.

※ ※ ※

بۈگۈن شېرىنگۈل تېخىمۇ چىرايلىق كىيىنىۋالغانىدى. ئۈنىڭ ئۈستىگە تۈجۈپىلەپ قىلغان گىرىمى بىلەن ئۈنىڭ گۈزەل رۇخسارى تېخىمۇ ۋاللىدە ئېچىلغانىدى. ئايرىمخانىدىكى چىراغ نۇرى ئاستىدا شېرىنگۈل ھەقىقەتەنمۇ لاتاپەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئالىم تاماكىسىنى تەييارلاپ چاقمىقىنى ئالغان بولسىمۇ، ئوت تۇتاشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

شېرىنگۈل بىرىنچى قېتىم ئالىمنىڭ ماشىنىسىغا چىققاندىكىگە ئوخشاشلا ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئەركىن ئولتۇراتتى.

— مەن تاماكا ئىسى بىلەن قورساق توقلاشقا ئادەتلەنمىگەن، — دېدى شېرىنگۈل شىرە ئۈستىگە نازۇك بارماقلىرى بىلەن چېكىپ، — قورساق ئېچىپ كەتتى، ئالىمجان.

ئالىم شۇندىلا ئۆزىنىڭ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ ھودۇقتى ۋە تاماق تىزىملىكىنى قولىغا ئالدى ۋە نورمال باھا يېزىلغان بىر بەتنى ئېچىپ كۈتكۈچىنى چاقىردى:

— بىزگە مۇنۇ ئۆلچەمدە بىر شىرەلىك تاماق!

كۈتكۈچى ھەيران بولغاندەك سورىدى:

— مېھمانلار كەلگۈچە بىر ئاز ساقلامسىلەر ياكى...
— باشقا مېھمان يوق، ئىككىمىزلا.
كۆتكۈچى ھەيرانلىقىنى تەستە يوشۇرۇپ كەينىگە ياندى. چۈنكى، ئۇ ئىككى مېھماننىڭ بىر شىرەلىك تاماق يېگەنلىكىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى.
— توختاڭ،— دېدى شېرىنگۈل،— ئىككى ئادەمگە ئۈنچىۋالا تاماق بۇيرۇتساق ئىسراپچىلىق بولمامدۇ؟
ئالىم شېرىنگۈلنىڭ بۇ گېپىگە ھەيران قالدى ۋە ئۇنى چۈشىنىكسىز ھېس قىلدى. بىر قارىسا شۇنچە چوكچى، بىر قارىسا...
— تاماقنى ئۆزىمىز تاللاپ بۇيرۇتىمىز،— دېدى شېرىنگۈل.
— لېكىن،— دېدى كۈتكۈچى قىز ئاستا،— بۇ ئايرىمخانىدا شۇ ئۆلچەمگە يەتكۈزمىسىڭىز بولمايدۇ.
بۇ گەپكە ئالىم بىرنەرسە دەي دېيىشىگە، يەنە شېرىنگۈل ئېغىز ئاچتى:
— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، بىز شۇ ئۆلچەمگە يەتكۈزىمىز.
ئۇلارنىڭ سالاپىتىگە قاراپ بېقىپ ئامالسىز قالغان كۈتكۈچى دەپتىرىنى ئاچتى. ئالىم بىلەن شېرىنگۈل تاماق ۋە ئالاھىدە قورۇمىلارنى بۇيرۇتتى. كەپتەر شورپىسى، ئايكۆل ئوغلىقىنىڭ گۆشى، توخۇ قوردىقى دېگەندەكلەر بىلەنلا كۈتكۈچىنىڭ چىرايى ئېچىلدى.
— بىر ئاز پارىڭىمىز بار، پارىڭىمىز تۈگىگەندىن كېيىن ھاراقنىڭ گېپىنى قىلىشارمىز.

كۆتكۆچى مەمنۇنلۇق بىلەن باش لىڭشىتىپ كەينىگە ماڭدى. ئادەتتە ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىدا ھېچكىمدىن ھېيىقماي، پاراڭنىڭ چوڭىنى سالىدىغان ئالىم باياتىندىن بېرى شېرىنگۈلنىڭ تارتىنىپ ئولتۇرماي بىمالال سۆزلىشى ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئەمدى كۆڭلىدىكى گەپنى دېمىسە تاماق جەريانىدا ئېچىلالمايدىغانلىقى ئۆزىگە ئېنىق ئىدى.

شۇڭا ئالىم غەيرەتكە كېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— شېرىنگۈل، خاپا بولمىسىڭىز، ھاراقنى ھازىرلا ئاچىقىقان بولسا، بۇرۇن ھاراقنى كۆپ ئىچمەيدىغان، بۈگۈن ئىچكۈم كېلىپ قالدى،— ئاندىن ئالىم كۆتكۆچىگە بۇيرۇدى،— ئاق ھاراقتىن بىرنى ئالغاچ كىرىڭ.

— قانداق ھاراق ئىچىسىز؟

ئالىم ئاغزىنى ئاچاي دېيۋىدى، يەنە شېرىنگۈل چاققان كەلدى:

— ياخشىراق ھاراق بولسا ئاچىقىڭ.

— توقسان كويلۇق بىر ھاراق بار، شۇنى ئەكىرەيمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالىم قاپىقىنى تۈردى:

— نېمە تولا گەپ، ئەكىرىڭ.

بۇنى كۆرگەن شېرىنگۈل رابىيەنىڭ: «ئاكام خۇشخۇي، گەپداندەك كۆرۈنگەن بىلەن مىجەزى چۇس» دېگەن گېپىنى يادىغا ئالدى ۋە پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

ئۇلار تاماقلىنىپ بولغۇچىلا ئالىم بىرنەچچە رومكا

ئىچىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە ئالىم شېرىنگۈلدىن كۆزىنى ئالالماي قالغان بولغاچقا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتاتتى، ئەمما ئۇ ئىچكەنچە تېخىمۇ قىزىپ كەتتى ۋە شېرىنگۈل بىلەن كۆرۈشكۈچە: «مەن شېرىنگۈل بىلەن پەقەت ئاپامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا كۆرۈشۈپ قويااي دەۋاتىمەن» دېگەن خىيالنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، ھېسسىياتىدا، كۆڭلىدە شېرىنگۈلدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى.

— ئالىمجان، تاماق سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلساق بولاتتى،— دېدى شېرىنگۈل. ئاندىن سول قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ ئوڭ قولىدىكى چىش كولىغۇچ بىلەن چىشىنى كولىدى. بۇ ھەرىكەت بىلەن شېرىنگۈل تولىمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— بولىدۇ،— دېدى ئالىم دەرھاللا. ئەمما بۇ يەردە قانداق ھەرىكەت قىلىشنى بىلمەي: «بۇ يەردە بىرمۇنچە تاماقنى تاشلىۋېتىپ سوغۇقتا بوزەك بولۇپ كوچا ئايلىنىپ يۈرمەسمىز؟» دەپ ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ جاۋاب بەرمىسە بولمايتتى:

— مەيداننى ئايلىنايلى بولمىسا.

شېرىنگۈل كۈلۈپ بېشىنى چايقىدى:

— سوغۇقتا سىرتتا نېمە بار؟ مۇشۇ يەردە تانسا ئوينىساقلا بولىدىغۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىم ئۆزىنى بارغانچە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ: «مەنمۇ تولا

ياسالمىلىق قىلماي، ئۆز مىجەزىم بويىچە كېتىۋەرسەم بولغۇدەك» دېگەن نىيەتكە كەلدى. شۇڭا ئالىم دەرھال VCD ئاپپاراتىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرنەچچە لېنتىنى قولىغا ئالدى:

— قانداق مۇزىكىغا ئوينايمىز؟

— يېنىك مۇزىكا بولسۇن.

— مانا ھازىرلا.

يېنىك مۇزىكا ئايرىمخانىنى مۇڭغا تولدۇردى.

— قوپۇڭە، ھەرىكەتنى باشلايلى،— دېدى ئالىم. شېرىنگۈل تارتىنىپ ئولتۇرمايلا كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى.

ئالىم شېرىنگۈلنى ئاۋايلاپ تۇتتى. قىزدىن تارقىلىۋاتقان شېرىن ھىد ئالىمنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋەتتى. ئادەمنى مەستخۇش قىلغۇچى خۇش پۇراقا چىدىيالمىغان ئالىمنىڭ شېرىنگۈلنى سۆيگۈسى كېلىپ كەتتى. ئەگەر ئۇلار يەنە نەچچە مىنۇت مۇشۇنداق تۇرسا، ئالىم «نېمە بولسام بولاي» دەپ شېرىنگۈلنى مەھكەم قۇچاقلاپ سۆيۈۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، شېرىنگۈلنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ بۇ ھەۋىسىگە دەخلى قىلدى.

— ئالىمجان،— دېدى شېرىنگۈل خۇمار كۆزلىرىنى ئالىمنىڭ ھەۋەستىن چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىگە تىكىپ،— مېنىڭچە، كۆرۈشۈشتىكى مەقسەت ئىككىمىزگىلا ئايان بولغاندىكىن، گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرۇشمايلى. ھازىر ئىككىمىز بىلىمىز: چوڭلار

ئىككىمىزنى ئىكاھلاپ قويساق دەۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىم چۆچۈپ كەتتى: «مۇنداقمۇ ئوچۇق گەپ قىلغان بارمۇ؟»

ئالىم بېشىنى لىڭشىتىپ جىم تۇرۇۋالدى.

— بەلكىم سىز بەزى گەپلەرنى دېيىشتىن قىينىلىۋاتقانسىز، — دېدى شېرىنگۈل يەنە ئېغىز ئېچىپ، — مېنى خاتا چۈشەنمەڭ. مېنىڭچە، بىز باشتىلا ئوچۇق دېيىشىۋالمىساق بولمايدۇ، بولمىسا كېيىن چاتاق چىقسا بىزلا ئەمەس، ئىككى ئائىلىمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالىدۇ. بۇ كىچىك شەھەردە ئىككىمىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى سىزگە ناھايىتى ئېنىق.

شېرىنگۈل ھەممە گەپنى ئوچۇق قىلىپ رېئال نۇقتىدىن چىقىپ گەپ قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئالىم:

— راست ئېيتتىڭىز، — دېدى ئارانلا.

— ئۇنداق بولسا مەن دەۋېرەي، — دېدى شېرىنگۈل، — مەن مىسىلداپ تۇرىدىغان يىگىتلەرگە ئۆچ، شۇڭا سىزنىڭ كەسكىن ئىش قىلىدىغان، كېسىپ گەپ قىلىدىغان مىجەزىڭىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم. مەن ھەرقانداق گەپنى ئوچۇق قىلىشنى، دىتىمغا ياققىنى بويىچە ئەركىن ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ مىجەزىمنى ھەرھالدا بايقىغانسىز. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مىجەزىمىز كېلىشىپ قالغۇدەك.

بۇ گەپتىن ئالىم يايراپ كەتتى. شۇڭا:

— مىجەزىمنى توغرا چۈشەنگىنىڭىزگە رەھمەت! — دېدى ئالىم ئالدىراپ.

— لېكىن، — دېدى شېرىنگۈل جايىدا توختاپ. ئۇ ئالىمنىڭ قولىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئالدى، — لېكىن، ئالىمجان، مەن بايا دېگەندەك بىر گەپنى ئۇچۇق دەي: مەن بىلىمەن، سىز بىرنەچچە قىزلار بىلەن يۈردىڭىز.

بۇنى ئاڭلىغان ئالىمنىڭ يۈزى تارتىشىپ كەتتى.

— تېخى گۈلپەرى ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلىدىغانغىمۇ پۈتۈشۈپ بولدىڭىز.

بۇ گەپنى كۈتمىگەن ئالىمنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى.

— سىز بۇلارنى يوشۇرىمەن، دەپ ئاۋارە بولماڭ. مېنىڭ بۇلارنى دېيىشىم سىزگە خاپا بولغىنىم ئەمەس. ئۇلار بىلەن بۇرۇن قانداق يېقىن ئۆتكەن بولۇڭ، ھازىر بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق. مەقسىتىم، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش قىز بالا. ئۇلارنى قاڭغىر قاقشىتىپ مەن بىلەن توي قىلىمەن دېسىڭىز بولمايدۇ، بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئۇۋالىغا كېتىشتىن قورقىمەن. شۇڭا ئالدى بىلەن ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىڭ، ماقۇلمۇ؟

شېرىنگۈلنىڭ كەڭ قورساقلىقى، ئەركىلەش ۋە نازىدىن خۇدىنى يوقىتاي دەپ قالغان ئالىم قانداقلارچە «ماقۇل» دەۋەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. بۇ چاغدا ئۇلار ئىككىسى چاپلىشىپ قالايلا دېگەن بولغاچقا، ئالىم قىزنىڭ بەدىنىدىن كېلىۋاتقان ھۇزۇرغا بەند بولۇپ كېتەي دەپ قالغانىدى.

— يەنە بىر ئىش، — دېدى شىرىنگۈل، — مەن سىزنىڭ ئۇ ئىشلىرىڭىزنى بىلگىنىم بىلەن، سىز مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرىمنى بىلمەيسىز. مەن سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقاندا ئاخىرقى يىلى ئەكبەر دېگەن گىتارچى ساۋاقدىشىم بىلەن يۈرگەنىدىم. مەكتەپ پۈتكۈزگەندە ئۇ شىنجىڭدا تەشكىللەنگەن بىر ئۆمەككە قاتنىشىمەن، دەپ كەتتى. بىز مۇشۇ ئىشتا كېلىشەلمەي ئايرىلىپ كەتتۇق. بۇ گەپنى سىزگە ئالدىن دەپ قويغىنىم بولسۇن. كېيىن باشقىلاردىن ئاڭلاپ قالسىڭىزمۇ ماڭا توغرا مۇئامىلە قىلىشىڭىزغا پايدىسى بار. ئەمدى ھەممە گەپ ئاشكارا بولدى. خالىسىڭىز ھازىر قارارىڭىزنى چىقارسىڭىز بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىمنىڭ بەدىنىدىن بىر سوغۇق ئېقىم ئايلىنىپ چىقىپ كەتتى. شىرىنگۈلنىڭ بىر يىگىت بىلەن يۈرگىنىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئەمما يىگىتلىك ھېسلارنى تاۋلىغۇچى خۇش ھىد تارقىتىپ تۇرغان ۋۇجۇدتىكى ئوتلۇق كۆز، تەشنالىققا تولغان لەۋلەر ئۇنى كۆز ئالدىدىكى قايناق رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى: «توغرا، مەنمۇ نەچچە قىز بىلەن يۈردۇمغۇ...»

— مەن توغرا چۈشىنىمەن، ئىككىمىزگە نىسبەتەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ھېساب، — دېدى ئالىم ۋە ئېگىشتى. شىرىنگۈلنىڭ شۇ تاپتىكى ھالى، قىياپىتىدىن قارىغاندا ئالىمنىڭ ئويىچە مۇشۇ گەپتىن كېيىن ئىككىسىنىڭ سۆيۈشۈش ئېھتىمالى ناھايىتى

چوڭ ئىدى. شۇڭا ئالىم بۇ نازۇك بەدەننىڭ ھۇزۇرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ شېرىنگۇلنى قۇچاقلىماقچى بولۇپ قولىنى شېرىنگۇلنىڭ قولىدىن ئاستا تارتىپ چىقاردى.
ئەمما، شۇ پەيتتە شېرىنگۇل ئۇنىڭدىن يىراقلىدى.
— توغرا چۈشەنگەنلىكىڭىزگە رەھمەت، ئالىمجان!— دېدى شېرىنگۇل شىرە تەرەپكە قاراپ مېڭىپ،— قىزلارنىڭ كۆيگۈچىلىكى بار يىگىت ئىكەنسىز.
ئالىم قىزنىڭ سېھىرلىك بېقىشلىرى ئالدىدا تەمتىرەپ تۇرۇپلا قالدى. ھالقىلىق پەيتتە قىزنىڭ ئەپچىللىك ۋە ئۇستىلىق بىلەن قۇچىقىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىشى ئالىمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىنتىلىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.
— كېلىڭە، ئالىمجان، ئوتتۇرىمىزدىكى گۈزەل چۈشىنىشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈرەيلى،— دېدى شېرىنگۇل ئۆزىگە مېۋە سۈيى، ئالىمغا بولسا بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ.
ئالىم شېرىنگۇلگە يەۋەتكۈدەك قاراپ ئۇنىڭغا يېقىنلىدى. ئۇ ھاراقنى بىر كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.
— ئىشقىلىپ، ئوبدان ئويلاپ بېقىڭ، گەپنىڭ ئوچۇق بولۇپ كەتكىنى ياخشى بولدى. سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز بىلمىدىم، مەن سىزنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىڭىز بىلەن كارىم يوق. چۈنكى ئۇ چاغدا بىز تونۇشمىغان - دە. ئەگەر ئىشىمىز پىشىپ قالسا بۇ جەھەتتە تەلىپىم بەك قاتتىق. ئەمدى گەپ سىزدە قالدى. ناۋادا ئىدىيەڭىزدىن ئۆتمىسە بىز ياخشى دوست بولۇپ قالساق بولۇۋېرىدۇ.

شۇ تاپتا ئالىمنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى. ئۇنىڭغا ھازىر شېرىنگۇلگە «ھە» جاۋابىنى بەرمىسە بۇنىڭدىن كېيىن شېرىنگۇل بىلەن ــ بىر پەرىشتە بىلەن، شېرىن بەدەن ھۆر - پەرى بىلەن، ھۆسىندىن نۇر بالقىيدىغان مەلىكە بىلەن قايتا مۇناسىۋەتلىشەلمەيدىغاندەك تۇيۇلدى، شۇڭا شېرىنگۇلنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى:

ــ شېرىنگۇل، ئىككىمىزنىڭ ئىشنى چوڭلارغا ئېيتايلى.

ــ ئالىمجان، سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشەندىم. چۈنكى سىز ئالدىراپ - تېنەپ ئەمەس، جىددىي ئويلىنىپ بۇ قارارنى چىقاردىڭىز. لېكىن، ئالىمجان، بىز گەرچە قەسەم بېرىپ بۇ گەپلەرنى دېيىشمىگەن بولساقمۇ، لېكىن گېپىمىز گەپ جۇمۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزگە سادىق بولىمەن.

ــ شېرىنگۇل، راست گەپنى قىلسام تۇنجى كۆرۈشۇشتىلا مېنى ئۆزىڭىزگە رام قىلىۋالدىڭىز.

ئالىم شۇنداق دەپ شېرىنگۇلنى ئاستا ئۆزىگە تارتتى، ئەمما شېرىنگۇل ئاستا كەينىگە داجىدى:

ــ ئالىمجان، بۇ ئىشلارغا ئالدىرىمايلى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككىمىز بۇ ئىشنى بۇرۇن كۆرۈپ باققان. ئەمدى ئىككىمىز ئۇنىڭ قەدرىنى، ھۇزۇرىنى ساقلايلى. ئىشىمىز ۋايىغا يەتكەندە ھەممە ئىش تەڭ بولسۇن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىم يەنە گاڭگىراپ قالدى.

مۇشۇنداق ھاياجانلىق ۋاقىتتا قىزنىڭ ئۇنداق گەپنى قىلىشى ئۇنىڭ دىلىنى غەش قىلىپ قويدى: «بۇرۇن باشقىلار بىلەن يۈرگەنلىكىمىز ھەممىمىزگە ئايان بولغاندىكىن، نېمە قىلىدۇ ئۇ گەپنى تىلغا ئېلىپ؟»

ئالىم ئامالسىز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— قايتايلى، ئالىمجان، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر شۇ تاپتا جاۋابىمىنى ساقلاپ تىتىلداپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەرقاچان سىزنىڭ ئاپئىزىمۇ ئىشىككە قاراپ ئولتۇرىدىغاندۇ؟ ئەتە كەچتە يەنە كۆرۈشۈپ يەنە بىر قېتىم چىڭدىشىۋېتەيلى. ئۇنغىچە چوڭلارغا ئېنىق بىر جاۋاب بەرمەي تۇرايلى، بولامدۇ؟

ئالىم بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇلار كوچىغا چىقتى. سائەت ئوندىن ئاشقان، ھاۋا سوغۇق بولغاچقا سىرتتا ئادەم شالاڭ ئىدى.

— سىزنى ئاپىرىپ قوياي، — دېدى ئالىم تاكسى توسۇشقا تەييارلىنىپ.

— بولدى، ھاۋا يېگەچ بىردەم پىيادە ماڭساقمىكىن، دېگەن.

— مەيلى ئەمىسە.

ئۇلار مېڭىپ كەتتى. ئالىم يەنە چىگىچ خىيال ئىچىدە قالدى: «بۇ زادى قانداق قىز بالا؟ قوشۇلۇپ تۇرىدۇ ـ يۇ، يەنە ئۆزىنى ئەپقاچىدۇ. گەپلىرىمۇ ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك ئوچۇق. شۇنداقمىكىن دېسە، يەنە بىر يەرلىرى سىرلىق، چاقچاق قىلىۋاتامدىكىن دېسەم،

چوڭلارنىڭمۇ گېپىنى قىلىدۇ، گېپى شۇنداق جايىدا، ئورۇنلۇق. ھەي... مۇشۇنداق بولۇۋەرسە بۇ قىز مېنى ساراڭ قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ.»

ئالىم قىزنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ تاماكا چەككەچ پىيادە ماڭدى. ئۇ يولدىن بۇرۇلىدىغان چاغدا توختاپ قالدى، چۈنكى ئۇ ھازىر مېڭىۋاتقان يولنىڭ شەرقى تەرىپىدە گۈلپەرىنىڭ ئۆيى بار ئىدى!

گۈلپەرى!

گۈلپەرىنى يادىغا ئېلىش بىلەن ئالىم جايىدا تۇرۇپ قالدى: «توۋا، باياتىندىن بېرى گۈلپەرىنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەنغۇ؟ ئەستا، مەن نېمە قىلىۋاتىمەن ـ ھە؟ ھازىر ئۇ بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىش بىلەن ئالدىراش يۈرىدىغاندۇ؟ ھەي... مەن خاتا قىلىۋاتىمەنمۇ قانداق؟ ئاپامىمىزە، بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىمىغان بولسا نېمە بولغىيتتى؟...»

※ ※ ※

شۇنداق، گۈلپەرى ئۆگىنىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. بۇ كۈنلەردە گۈلپەرى ئالىم تېپىپ بەرمەكچى بولغان خىزمەت ۋە ئالىم بىلەن بولىدىغان توينىڭ ئىلھامىدا تەربىيەلەش مەركىزىدە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىۋاتاتتى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن تەربىيەلەش مەركىزىدىكى كومپيۇتېر ئۆگىنىشتىن قايتقان گۈلپەرى ئالىم بىلەن كۆرۈشمىگىلى خېلى كۈن بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ

ئۇنىڭغا تېلېفون قىلماقچى بولدى. «ئۇنىڭ ئۇستىگە، — دەپ ئويلىدى گۈلپەرى، — پات ئارىدىلا خىزمەت ئىشىمدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم ئۇ. ئۇ ئىشىم قانداق بولغاندۇ؟ يا ئالىم شۇ ئىشىمدا قىيىنىلىپ قېلىپ، خىجىل بولۇپ مەن بىلەن كۆرۈشمەيۋاتقاندىمۇ؟ بولمىسا، ئادەتتە ئىككى كۈن كۆرمىسىلا چىدىمايتتى. ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشىمنى بېسىم قىلىۋالماسلىق ھەققىدە ئېيتىپ قويسام بولغۇدەك.»

شۇ خىيال بىلەن گۈلپەرى ئالىمنىڭ يان تېلېفونىغا تېلېفون قىلدى. ئالىم تېلېفوننى ئېلىپ گۈلپەرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تەمتىرەپ قالدى. خۇددى بىر ئېغىز گەپ قىلسىلا سىرى پاش بولۇپ قالىدىغاندەك تىلىنى چايناپ قالدى.

— ئالىم، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟ تەربىيەلەش مەركىزىگە بېرىۋاتامسىز؟

— ھەئە، كۈندە بېرىۋاتىمەن، ھازىر كومپيۇتېر مەشغۇلاتىغا قىزىقىپلا قالدىم. شۇنىڭغا دىققىتىمنى بەكرەك بېرىۋاتىمەن. ئۆزىڭىزچۇ؟ يا تېلېفون قىلايمۇ دېمەيسىز.

ئاۋازىدىن گۈلپەرىنىڭ نارازى بولۇۋاتقانلىقى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئالىمنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشكەندەك بولدى. شۇڭا ئۇ دەرھال ئورۇنلۇق بىر سەۋەبنى ئويلاپ تاپتى:

— خاپا بولماڭ، گۈلپەرى، شىركەتتە ئىسلاھات

بولماقچى، شۇنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. بۇ بەك مۇرەككەپ، ئىنچىكە ئىش ئىكەن. شۇڭا دىرېكتورلارغىمۇ پەقەت ئاراملىق يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېلىتىدىنلا ئۇلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئادەمنىڭ كۆپلۈكى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈلپەرىنىڭ جىددىيلىكى بىر ئاز بېسىلغاندەك بولدى.

— سىزنى كۆرگۈم كېلىپ كەتتى، كەچتە باشقا ئىشىڭىز بولمىسا كۆرۈشكەن بولساق. ئۇنىڭ ئۇستىگە نەچچە كۈندىن ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ ئىچىممۇ پۇشۇپ قاپتۇ.

— باشقا ئىشىممۇ يوق، — دېدى ئالىم. ئەمما ئارقىدىنلا بۈگۈن كەچتە شېرىنگۈل بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى يادىغا يېتىپ ھودۇقۇپلا كەتتى، — قاراڭە، سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ كېتىپ باشلىقنى ئايكۆل پاختا زاۋۇتىغا ئاپىرىدىغان ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى! بىزنىڭ باشلىقنىڭ ئۇ يەردە زاۋۇت باشلىقلىرى بىلەن كېڭىشىۋالىدىغان ئىشى بار ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئىشتا كۆپىنچە باشلىق ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەيدىغان. ناۋادا بۈگۈنمۇ باشلىق ئۆزى ماڭار بولۇپ قالسا سىزگە چاقىرغۇ قىلىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلپەرى مەيۈسلەندى. شۇڭا ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا:

— مەيلى ئەمىسە، تېلېفونىڭىزنى كۈتىمەن، — دېدى.

ئالىم «ئۇھ» دەۋەتتى.

ئالىم سائىتىگە قاراپ قويۇپ چېچىنى ياسىتىش ئۈچۈن ساتىراشخانىغا كىردى. ساتىراش قايچا ۋە تارغىقىنى ئەپچىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىپ ئۇنىڭ چېچىنى ياسىماقتا. ئالىم بولسا خىيالغا چۆمگەنىدى: «ھەي، ئادەم تۇرمۇشتا بەك ئالدىراپ كەتسە بولمايدىكەن. مانا گۈلپەرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدىغان بولدۇم. لېكىن ماڭا نېمە ئامال؟ ئادەم مۇھەببەتلىشىشتە ئىككى ئادەمنىڭ مەيلىنى ئاساس قىلغان بىلەن، تويدا ساڭا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم كۆپىيىپ كېتىدىكەن. مانا مەنمۇ ئاپامنىڭ زورى بىلەن ئامالسىز ھالدا مۇشۇنداق قىلاي دەۋاتىمەن. لېكىن، مەن گۈلپەرىنى رازى بولغۇدەك خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ گۇناھىمنى يۇيىمەن.»

ئالىم ئاشۇنداق خىيال بىلەن ئۆزىنى ئاقلىغان، ئۆزىگە تەسەللى بەرگەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساتىراشخانىدىن يېنىكلىگەنچە چىقتى.

ئۇ شىرىنگۈلنىڭ يېنىغا بارغىنىدا، ئۇنى ماشىنىغا چىقىشقا ئىشارەت قىلدى، چۈنكى ئۇ ئالدىنقى قېتىمقى ئۈچرىشىشنى خىيال قىلىپ يەنە ئۇنى ياخشىراق بىر تېز تاماقخانىغا ئاپىرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى، ئەمما شىرىنگۈل دېرىزە ئەينىكىنى چۈشۈرۈشكە ئىشارەت قىلدى. ئالىم ئەينەكنى چۈشۈردى.

— ئالىمجان، ماشىنىڭىزنى ئاۋۇ يەرگە توختىتىپ قويسىڭىز، پىيادە ئايلانغان بولساق.

شىرىنگۈلنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئالىم يەنە گاڭگىراپ

قالدى. «يائاللا، چۈشەنگىلى بولمايدىغانلا بىر قىز ئىكەنغۇ!»

ئالىم ماشىنىسىنى نېرىدىكى مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ شېرىنگۈلنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار شىمالغا بۇرۇلۇپ غەربىي ئايلانما يولغا قاراپ ماڭدى. ھاۋا سوغۇق بولغىنى بىلەن ئىككىسىگىلا ئانچە بىلىنمىدى.

— شېرىنگۈل، مەن كۆپ ئويلاندىم، ئاخىر سىز بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلدىم. بۇ گەپنى ئاپاملارغىمۇ دەپ بولدۇم.

— ئۇلار قوشۇلدىمۇ؟

— ئۇلار سىزنى كېلىن قىلىشقا مېنىڭدىنمۇ ئالدىراش دەڭە. ھە، ئۆزىڭىزچۇ؟

شېرىنگۈل خېلىغىچە جىم ماڭدى. گاز شىركىتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى:

— ئالىمجان، مەن سىزگە بۇرۇنمۇ دېگەن. بىز دەسلەپتە چوڭلارنىڭ ئارزۇسى، ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئارىلاشتۇق. كېيىن كېلىشىپ قالغاندەك بولدۇق. شۇڭا بىز ئۆز رايىمىزنى ئوبدان دەڭسىمىسەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنقى تۇرمۇشىمىزنى ئۇنتۇپ يېڭى تۇرمۇشىمىزنىڭ غېمىنى قىلساق بولىدۇ.

— مەن بۇلارنى ئويلىنىپ بولدۇم، سىز مېنى توغرا چۈشەنگەن يەردە مەنمۇ ئەلۋەتتە سىزنى توغرا چۈشىنىمەن — دە.

— ئالىمجان، — دېدى شېرىنگۈل ئۇنىڭ قولىنى

تۇتۇپ،ــ ئۇنداق يېرى بولسا هازىردىن باشلاپ سىزنىڭ پېشىڭىزنى تۇتقىنىم تۇتقان.

شېرىنگۈل گېپىنى تۇگىتىپ ئالىمنى قۇچاقلىدى. مۇشۇنىڭغا تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئالىم شېرىنگۈلنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنى سۆيۈشكە باشلىدى. بۇ سۆيۈشۈشتىن ئالىم ھەقىقەتەن ئۆزى پەرەز قىلغاندىكىدەك ئالەمچە ھۇزۇر سەزدى. تەن ھۇزۇرىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ ئادەتلىنىپ قالغان، شۇنى تۇرمۇشنىڭ لەززىتى دەپ بىلىدىغان ئالىم شۇ تاپتا ھەممىنى ئۇنتۇدى...

— بولدى، ئالىمجان،— دېدى شېرىنگۈل ئالىمنىڭ قۇچىقىدىن تەستە چىقىپ،— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

— بولىدۇ، سىزنى نەگە ئاپىراي؟— دېدى خۇشلۇقتىن ئۆزىنى باسالماي قالغان ئالىم.

شېرىنگۈل ئەتراپقا قاراپ بىر كىچىك ئاشخانىنى كۆردى:

— ئاۋۇ ئاشخانىغا بارايلى.

ئالىم ئۇ ئاشخانىنى كۆرۈپ بېشىنى چايقىدى:

— قويۇڭە، شېرىنگۈل، ئوبدانراق يەرگە بارايلى.

— ئوخشاشلا ئاشخانىغۇ، يۈرۈڭە.

شېرىنگۈل ئالدىدا مېڭىپ كەتتى. ئالىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە مەجبۇر بولدى ۋە: «بۇ شېرىنگۈل راستىلا قىزىق ئىكەن، تاماقلىنىشتا ھېلى ئېسىلزادىلەردەك

ئىش قىلىۋاتقان، ھېلى مۇشۇنداق ئاددىي ئاشخانىلارغا كىرىمىز دەۋاتقان...»

※ ※ ※

خۇشال ھېسلارغا چۆمۈلۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ئالىم ھويلىنىڭ ئىشىكىنى تۇتۇپ قويۇپ، شېرىنگۈل بىلەن پۇتۇشكەنلىكىنى ئاپىسىغا دېيىشنى يادىغا ئالغاندا خۇددى بۇ ئىشلاردا بىر خاتالىق باردەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى، ئەمما زادى قانداق سەۋەنلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالىم ئىشىككە بېشىنى تىرەپ بۇ ئىشلارنى ئويلاشقا تىرىشتى. ھېسسىيات كەلكۈنى يەنە دەۋرەپ كېلىپ ئۇنى ئەقلى يەكۈن چىقىرىشتىن مەھرۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرى «ئاپامغا دەپ گۈلپەرىنىڭ خىزمىتىنى ھەل قىلاي» دېگەن گەپ بىلەن يەنە ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتى. ئالىم ئۆيگە كىرىشىگىلا تىتىلداپ ئولتۇرغان سائادەت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— قانداق بولدى؟— دەپ ئالدىراپ سورىدى ئۇ. ئىچ - ئىچىدىن خۇشاللىق تېپىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئالىم ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتى:

— قانداق بولماقچىدى،— دېدى ئۇ،— سىلەر پىلان تۈزۈسەڭلەر سۇ كىرمەس قىلىپ تۈزۈيدىكەنسىلەر.

— گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا دېگىنە ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرماي.

— شۇ، پۈتۈشتۇق.
سائادەتنىڭ چىرايىغا دەررۇ كۈلكە يۈرگۈردى:
— مانا، نېمىدېگەن ياخشى ئىش. سىلەر ياشلارچۇ كۆز ئالدىڭلارنىلا كۆرۈسىلەر. بىز ئاتا - ئانىلار سىلەرگە يامان بولسۇن دەيمىزمۇ؟ ھەممە ئىشنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ، ئىشلىرىڭلارنىڭ ئوڭ بولۇشىنىڭ يولىنى قىلىمىز. سىلەرنى تۇرمۇشتا جاپا تارتىپ قالمىسۇن دەيمىز، كۆنلىرىنى گۈلدەك ئۆتكۈزسۇن دەيمىز...
ئاپىسى سۆزلىگەنچە ئالىمنىڭ كۆز ئالدىغا گۈلپەرى كېلىۋالدى. شۇڭا ئاپىسىنىڭ سۆزى ئاخىرىغا بېرىپ ئۇنىڭ نېرۋىسىغا تەگدى.
— بولدى، ئاپا، — دېدى ئۇ پەرىشانلىق بىلەن، — بىزگىلا ياخشى بولسىلا بولامدۇ؟
سائادەت ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.
— ھە، يەنە نېمە دەردىڭ بار؟ — سورىدى ئۇ.
— ئاپا، مەن بۇرۇنلا ساڭا بىر قىز بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىمنى دېگەن.
— مەنمۇ شۇ ۋاقىتتىلا ساڭا بۇ ئىشنى تۈگەت دېگەنغۇ؟
— تۈگىتىشنى تۈگەتتىم. لېكىن...
— تۇرمۇش دېگەن شۇنداق بولىدۇ. بۇ ئىشتا تولا ئۆزۈڭنى ئەيىبلەۋەرمە. ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كۆز ئالدىڭدىكى تۇرمۇشنىڭ غېمىنى قىل.
— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن...

— بىلمۇۋاتىمەن، سەن ئۆزۈڭنى ئەيىبلىك ھېسابلاپ بىئارام بولۇۋاتىسەن. ھېسسىيات ئىشىدا شۇنداق بولىدۇ. بىرەرى بىلەن پۈتۈشۈپ بولۇپمۇ توساتتىن باشقا بىرەيلەن بىلەن كېلىشىپ قالىدىغان ئىشمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئۆزۈڭ ئويلاپ باقە، باشتا شىرىنگۈل بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ ئۇنىماي تۇرۇۋالدىڭ. كېيىنچۇ؟ مانا ئەمدى ئۆزۈڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا يۈگۈرۈپ يۈرىسەن.

— ئاپا،— دېدى ئالىم قاپىقىنى تۈرۈپ،— مەن سەن بىلەن باشقا بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچى.

سائادەت شۇندىلا ئالىمنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك «ئۆزىنى ئەيىبلەش» تۇيغۇسىدا ئەمەسلىكىنى، بەلكى باشقا بىر ئىشنىڭ غېمىدە ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— نېمە ئىشتى، ئوغلۇم؟

— ئاپا،— دېدى ئالىم قەتئىيلىك بىلەن،— مەن ھازىر گۈلپەرى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق پەقەت ئويلىيالمايۋاتىمەن. نېمە بولدۇمكىن، گۈلپەرى بىلەن بولغان ئىشىمىزنى ئويلىسام‌ملا كاللام گادىرماچ بولۇپ كېتىدۇ. بولدى، بۇ گەپنى قوياي. ئاپا، مەن گۈلپەرى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بەرمىسەم پەقەت خاتىرجەم بولالمايدىغان ئوخشايمەن.

بۇ گەپكە سائادەت ھەيران قالدى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغانغا پۈتۈشۈپ بولغان. شۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا بىرەر ئىش قىلىپ بەرمىسەم بولمايدۇ.

— بۇنداق قىلىپ ئۆزۈڭنى قىيناپ نېمە قىلىسەن؟
— ئۇنداق دېمە، ئاپا، بولمىسا مەن ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالىمەن.
— سەن ئۇ قىزنى... بوزەك قىلىپ قويمىغانسەن؟
— بۇنى سورىما، ئاپا.
بۇنى ئاڭلىغان سائادەت ئالىمنى ئىچىدە «ئەقىلسىز» دەپ تىللاپ چىرايىنى تۈردى ۋە:
— ئۇنىڭغا نېمە ئىش قىلىپ بەرگۈڭ بار؟ — دەپ سورىدى.
— ئۇنى بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساق ئوبدان بولاتتى.
سائادەت بېشىنى چايقىدى:
— ھازىر قانداق جاھان؟ سېنىڭ ئىشىڭنى ئاران بىر تەرەپ قىلدۇق. ئوقۇمىغان بىر ئادەمگە ئىشتات ھەل قىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش... بۇنداق ئىشلارنى ھازىر خىيال قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.
— مەنمۇ سىلەرنىڭ گېپىڭلەرگە كىرىپ شېرىنگۈل بىلەن توي قىلىمەن دەۋاتىمەن. ئەگەر شېرىنگۈل بىلەن كۆرۈشمىگەن بولسام بۇنداق ئىشمۇ بولمايتتى. شۇڭا سىلەرمۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭلار. ئاتامغا دېگىن، نېمىلا بولسا بىر ئامالىنى قىلسۇن.
ئوغلىدىكى كەسكىنلىكنى كۆرگەن سائادەت: «ئۇنىڭ گېپىگە باھانە كۆرسەتسەك ئىشنى بۇزغۇدەك. ئاتىسىغا دەپ تىرىشىپ باقارمىز. لېكىن... ھەي، بۇگۈنكى كۈندە نەدىمۇ ئۇنداق ئوڭاي ئىش بولسۇن. بوپتۇ، ھازىرچە

ماقۇل دەپ تۇرۇپ تويىنى قىلىۋالىمىزمۇ؟» دەپ ئويلاپ چىرايىغا زورغا كۈلكە يۈگۈرتتى:

— بولىدۇ، مەن ئاتاڭغا دەپ باقاي.

ئالىم ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى:

— ئۇنداق بولسا، ئەتىدىن باشلاپ توي ئىشىغا ماڭىمىز جۇمۇ.

— مەيلى.

ئالىم شۇنداق دەپ ئالدىراپ ھۇجرىسىغا ماڭدى ۋە ئىشكنى «جاڭڭىدە» يېپىپ ئىچىدىن ئىلىۋالدى.

«نېمىگە بۇنچىۋالا دوق قىلىدۇ؟ بۇنچە ئالىيجاناب بولۇپ نېمە كەپتۇ» دەپ ئويلىغان سائادەت دوستىغا — قۇدىسىغا تېلېفون قىلىش ئۈچۈن تەييارلاندى.

ئالىم ئىشكنى ئىچىدىن تاقاپ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلدى ۋە سايمانلىرىنى چىقىرىپ تۇتۇن ھۇزۇرىغا تەييارلاندى...

شىركەتتە ھازىر تۈگىمەس يىغىن، تالاش - تارتىش باشلىنىپ كەتكەن بولغاچقا سىرتقا ماڭىدىغان ئىشمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ شىركەت ئىشخانىسىغا كىرىپ شېرىنگۈلگە تېلېفون قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. شىركەتنىڭ يىغىن زالىدا يىغىن باشلىنىشى بىلەن ئالىمنىڭمۇ تېلېفون «يىغىنى» باشلاندى.

— شېرىنگۈل، ئەمدى نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— يەنە ئۇسسۇل مەشىق قىلىۋاتىمەن. سىزچۇ؟

— مەنمۇ يەنە سىزگە تېلېفون قىلىۋاتىمەن.

— ئالىمجان، سىزنىڭ شىركەتتە تېلېفون قىلىشتىنىمۇ باشقا ئىشىڭىز يوقمۇ؟

— مېنىڭ شىركەتتىكى ئىشىم ماشىنا ھەيدەش، تېلېفون قىلىش.

— يەنە كىمگە تېلېفون قىلىسىز؟

— پەقەت سىزگىلا.

— نېمىشقا؟

— سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىمىسام چىدىيالمايدىكەنمەن. مۇنۇ تېلېفونلارنىڭمۇ ئىچى پۇشۇپ كېتىدىكەن.

— شۇنداق بولسا، تويدىن كېيىن مېنى ئۆيگە سولىۋېلىپ مېنى تولا سۆزلىتىپ گاچا قىلىپ قويماڭ يەنە.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، سىزنى بىردەممۇ ئۆزۈمدىن نېرى قىلمايمەن.

— ۋاي، ئىككى كۈندە زېرىكەرسىز؟

— ھەرگىز زېرىكمەيمەن.

— راست زېرىكمەمسىز؟ بىزار بولمامسىز؟

— ياق، سىزگە قاراپ ئولتۇرۇشمۇ ماڭا زور بەخت!

— قاراشقۇ تۇگۇل، كېيىنچە تۇكۇرۇپ يۈرمىسىڭىزچۇ...

— تۇۋا دەڭ، ھەرگىز...

— ئىشەنمەيمەن.

— قەسەم قىلاي.

— بولىدۇ، يۈز كۆرۈشكەندە رەسمىي قەسەم قىلىسىز.

— قانداق دېسىڭىز، شۇنداق قەسەم...

شۇ چاغدا ئۇنىڭ يان تېلېفونى سايرىدى. ئۇ كەلگەن تېلېفونغا قاراپ شېرىنگۈلگە:

— خاپا بولماڭ، جېنىم، ئاپامدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. سەل تۇرۇپ قايتا تېلېفون قىلاي، خوش، — دېدى. ئالىم تېلېفوننى ئالدى.

— ئالىم، ئاتاڭ گۈلپەرىنىڭ ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئالىم خۇشال بولۇپ كەتتى:

— نەگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ؟

— مەكتەپكە.

— مەكتەپكە؟... قايسى مەكتەپكە؟

— مائارىپ ئىدارىسى ئىككىنچى مەۋسۇمدا يېزىلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ياشلارنى ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلماقچى ئىكەن. ئاتاڭ شۇ ساندىن بىرنى ھەل قىلىپتۇ.

— ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى؟ نېمە ئەمدى...

— ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەن شۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچى شۇنىڭغىمۇ ئېرىشەلمەي قاتراپ يۈرىدۇ، شۇڭا تولا غىدىڭ - پىدىڭ قىلما.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالىم پەسكويغا چۈشتى.

— قايسى مەكتەپكە بارىدۇ؟

— ئەمدى قىزنىڭ ئوقۇش تارىخى شۇ بولغاچقا چەترەك مەكتەپكە بېرىپ قالىدىغان بولدى، قۇتيار يېزىسىغا...

— بوپتۇ.

— كېيىنكى ھەپتىنىڭ بىرى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرسۇن.

بۇنى ئاڭلىغان ئالىم يەلكىسىدىكى، ياق، يۈرىكىدىكى بىئارام قىلغۇچى غەلىتە يۈك ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىك بولۇپ قالدى ۋە تۇرۇپكىنى تۇتقىنىچە «ئۇھ» دەپ ئولتۇرۇپ قالدى. «نېمىلا بولسا گۈلپەرىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ تۇرىدىغان بولدى. قالغان ئىشنى كېيىن كۆرمەيمىزمۇ؟» دەپ ئويلىغان ئالىم بىرنەرسىنى كۆڭلىگە پۈكتى.

※ ※ ※

ئەتىگەندىن بېرى توختىماي كىتاب كۆرگەن گۈلنۇر چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئارام ئالدى ۋە چۈشتىن كېيىن بولغاندا كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرۈشنى باشلىدى. گۈلپەرى بولسا تەربىيەلەش مەركىزى چۈشتىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرغان مۇزېيغا ئېكسكۇرسىيەگە بېرىش پائالىيىتىگە قاتناشماي ئۆيدە ئۆگىنىش قىلىۋاتاتتى.

ئەمما، بۈگۈن گۈلپەرى نېمىشقىدۇر زېھنىنى يىغالماي قالدى. كۆڭلى پاراكەندە بولغاندەك بولۇپ كۆزى كىتابتا بولغان بىلەن دىققىتى باشقا يەرگە كېتىپ قالدى. ئۇ كىتابىنى تۇتقىنىچە ئەنە شۇنداق ئارامسىزلىنىپ ئولتۇرغاندا ئالىمدىن چاقىرغۇ كەلدى. بۇنى كۆرگەن

گۈلپەرى خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئالىمنى ھەقىقەتەن سېغىنغانىدى، كۆرگۈسى كەلگەنىدى، ئالىمنىڭ تاتلىق سۆيۈشلىرىنى تامشىيدىغان بولۇپ قالغانىدى، يەنە... يۈزى ۋىللىدە قىزىرىش بىلەن ۋۇجۇدىغا تەشنالىق ئوتى يامرىغان گۈلپەرى ئالدىراپ بېرىپ تېلېفون قايتۇردى.

— ۋەي، گۈلپەرى، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

ئالىمنىڭ تەلەپپۇزىدىن بۇرۇنقىدەك تاتلىقلىقنى، سېغىنىشنى، ئەركىلىتىشنى ھېس قىلالمىغان گۈلپەرىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك بولدى.

— ئالىم، بارمۇسىز؟ مەن بىلەن ئەجەبمۇ كارىڭىز بولمايدىغان بولۇپ قالدى. خىيالىڭىزدا يوق يۇرسىڭىزلا بولامدۇ؟ مېنى ئەجەبمۇ جىلە قىلدىڭىز،— گۈلپەرى يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئالىم بولۇۋاتقان ئىشلارنى گۈلپەرىنىڭ كۆڭلى تويۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ دەرھال گەپ ياسىدى.

— باشقىچە ئويلاردا بولماڭ، گۈلپەرى. مەن سىزگە شۇنچە ۋەدىلەرنى بېرىپ قويۇپ بىرىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ ئالدىڭىزغا بارىدىغانغا خىجىل بولدۇم.

بۇ گەپ بىلەن گۈلپەرىنىڭ دىلى يورۇغاندەك بولدى.

— ئۇنداق دەپ ئۆزىڭىزگە بېسىم قىلىۋالماڭ،— دېدى گۈلپەرى،— ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ. كۆڭلۈمنى خۇش قىلىدىغان، دەردىمنى تۆكىدىغان سىزدىن باشقا ئادىمىم يوق. شۇڭا ئۇنداق ئۇزاق يوقىلىپ كەتمەڭ.

— ماقۇل، گۈلپەرى. بۈگۈن ئازراق خۇش خەۋەر

بولۇۋىدى، سىزگە دەرھال تېلېفون قىلىشىم. سىزنىڭ ئىشىڭىز ھەل بولدى.

بۇنى ئاڭلىغان گۈلپەرى شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كەتتىكى، ھازىرغىچە ئالىمغا بولغان رەنجىشلىرىنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋەتتى.

— رەھمەت، ئالىم،— دېدى گۈلپەرى چىن كۆڭلى بىلەن.

— گۈلپەرى، ئوقۇتقۇچى بولىدىغان بولدىڭىز.

— ئوقۇتقۇچى؟ ۋاھ، نېمىدېگەن ياخشى!

— لېكىن...— دېدى ئالىم ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ،— ۋاقتىنچە يېزىغا بارىدىغان بولدىڭىز.

— مەيلى،— دېدى گۈلپەرى ئارتۇقچە ئويلانمايلا،— بۇ ھالىم بىلەن تاللاپ ئولتۇرىدىغانغا ھەددىممۇ؟

ئەمدىكى گەپ ناھايىتى مۇشكۇل بولغاچقا، ئالىم تولىمۇ تەستە ئېغىز ئاچتى ۋە گەپ ياساشقا مەجبۇر بولدى:

— ئەمدى شۇ... گۈلپەرى، قاراڭ... ھازىرچە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىغۇدەك، شۇڭا...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈلپەرىنىڭ خۇشاللىقىغا سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك بولۇپ سەل پەسكويىغا چۈشتى، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى، ھازىرقى جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئويلاپ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى:

— كېرەك يوق، ئالىم، ھازىر ھەممىلا ئورۇنلاردا تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىشنى يولغا قويۇۋاتسا...

— لېكىن، بۇ ۋاقىتلىق ئىشتەك قىلىدۇ،— دېدى

ئالىم بابا ئۆيلىنىۋالغىنى بويىچە، — ئاتامنىڭ دېيىشىچە، ئىچكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ قېتىم ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغانلاردىن بىر قىسمىنى تاللاپ ئىككى يىلدىن كېيىن رەسمىي ئىشتاتلىق ئوقۇتقۇچى قىلىدىكەن.

بۇ گەپ بىلەن گۈلپەرىنىڭ چىرايى يەنە ئېچىلدى.

— لېكىن، ئالدىنقى شەرتى ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇش كېرەككەن.

— ئالىي تېخنىكوم؟ — دېدى گۈلپەرى ئەلەم بىلەن.

— مەيۇسلەنمەڭ، — دېدى ئالىم، — سىز ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىمەن دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىدىكى پەنلەر ئىككى يىلغىچە تۈگەر؟

— تۈگەيدىكەن.

— مانا بولدىغۇ. ئۈمىد چوڭ دېگەن گەپ.

— مەن خاتىرجەم بولدۇم، — دېدى گۈلپەرى خۇددى ئىككى يىلدىن كېيىن ئىشلىرىنىڭ ئىزىغا چۈشىدىغانلىقى كاپالەتكە ئىگە بولغاندەك، — ئالىم، كەچتە كۆرۈشەيلىچۇ؟ سىزنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى.

— بىر - ئىككى كۈنلۈك ئىش قالدى، — دېدى ئالىم يەنە باھانە كۆرسىتىپ، — خۇشاللىق ئۈچۈن كۆرۈشەيلى. دۈشەنبە كۈنى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇڭ. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ماڭا دەرھال خەۋەر قىلىڭ. بۇ خۇشاللىقنى تەبرىكلىمىسەك بولمايدۇ.

گۈلپەرىنىڭ كۆرۈشۈشنى كەينىگە سۈرگىنى ئۈچۈن ئالىمدىن ئاغرىنغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خىزمىتىنىڭ ھەل بولغانلىق خۇشاللىقى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى.

ئۇ خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا ئاپىسى بىلەن سىڭلىسى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ئىچكىرىكى ئۆيگە يۈگۈرگەندەك كىردى:

— مېنىڭ خىزمەت ئىشىم ھەل بوپتۇ، مەن ئوقۇتقۇچى بولىدىغان بولدۇم!

※ ※ ※

ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىدىن كۆككە كۆتۈرۈلگەن ئايروپىلان كۆز ئالدىدىن يىراقلاپ كۆك قەرىدە غايىب بولغاندىن كېيىن ئۆمەر يېنىك تىنىدى. پايدىلىق بولسىمۇ بىرمۇنچە ئىشلار بىراقلا ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا دۆۋىلىنىپ تۇرۇۋالسا ئادەمنى چارچىتىپ قويىدىكەن، يۈك بىلىنىدىكەن. لېكىن، بىر - بىرلەپ ھەل بولۇشقا باشلىغاندا بولسا، ئەينى ۋاقىتتا قانچىلىك ئېغىر بىلىنگەن بولسا، شۇنىڭغا باراۋەر خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىكەن. مانا ئۆمەرنىڭ ئاپىسىنى ھەرەمگە يولغا سېلىش غېمى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى قانچىلىك قىينىغان بولسا، ھازىر ئۇ خۇشلۇققا چۆمۈلۈپ يېنىكلا بولۇپ قالدى. مانا، ئاپىسى ساق - سالامەت ئۇزىدى، ئەمدى ساق - سالامەت قايتىپ كەلسە ئۆمەرنىڭ ئاخىرغىچە ئاپىسىنىڭ

دىلى يورۇق بولىدۇ، ئۆمەردىن رازى، مىننەتدار بولۇپ ئۆتىدۇ، ئۆمەرمۇ ئۆزىدىن خۇرسەن بولىدۇ...

ئۆمەر مەمنۇنلۇق، خۇرسەنلىك ھېس ـ تۇيغۇسى ئىچىدە يۇرتقا قاراپ يولغا چىقتى.

«ئاپامنىڭ ئىشىدىن خاتىرجەم بولدۇم. ئەمدى ھامۇت ھاجىم بىلەن قىلىدىغان سودىنىڭ تەييارلىقىنى قىلاي. ھامۇت ھاجىم جىم يۇرگىنى بىلەن بەك تىتىلداپ كېتىۋاتىدۇ، ماڭا بىلدۇرمەيۋاتقىنى شۇ. ھاجىم ھەقىقەتەن مېنى ئويلاۋاتىدۇ. بولمىسا، بۇنداق ئوبدان سودىغا ھاجىم ‹ھايتلا› دەپ قويىدىغان بولسا پالاقلاپ يۈگۈرۈپ كېلىدىغانلار كۆپ بولمايزە!... مۇشۇنداق ئۇ ئىشنى ـ بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ يۇرۇپ پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويماي يەنە. يامان يېرى، ھاجىممۇ بۇ سودىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئىش چىقمىسۇن. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالىدىغان بولسا... ياق، يۇرتقا بېرىپلا بۇ ئىشقا جىددىي تۇتۇش قىلاي... بانكىدىكىلەرمۇ پۇلنى تەييار بولۇپ قالدى دەۋاتقان...»

ئۆمەر ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ماشىنا شامال ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا كەلگەندىلا دىققىتىنى يول بويىدىكى غايەت زور چاقپەلەكلەرگە بۇرىدى. كۈن نۇرىدا ۋالىلداپ تۇرغان ئاق رەڭلىك چوڭ چاقپەلەكلەر كۈچلۈك شامالدا ئاستا، ئەمما ئېغىر ئايلىنىۋاتاتتى. ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى بەزىدە ئاشۇ شامالغا ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئەگەر ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىشلىتىدىغان جاي بولمىسا شامالدەك ھەر تەرەپكە دوقۇراپ ئۆزىنى خورىتىپ

تۇگەيدۇ؛ ئەگەر ئەقىل ـ پاراسەت جايىغا ئىشلىتىلسە يەنە مۇنۇ يەردىكى شامالغا ئوخشاش چاقپەلەكتەك بىر ۋاستە بىلەنلا قۇدرەتلىك ئېنېرگىيەگە — غايەت زور كۈچكە ئايلىنىدۇ.

ئۆمەر ئاشۇنداق پىكىر تەلقىنلىرى بىلەن ئولتۇرۇۋېدى، يان تېلېفونى سايرىدى. ئۆمەر يان تېلېفونىغا قاراپ رابىيەنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى كۆردى.

— ۋەي، رابىيە، تىنچلىقمۇ؟

— ئاپىڭىز ساق ـ سالامەت مېڭىپ كەتتىمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، سالامەت مېڭىپ كەتتى.

— سىز هازىر نەدە؟

— مەن يول ئۈستىدە. هازىر شامال ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا كەلدۇق.

— كەچتە باشقا ئىشىڭىز بولمىسا كۆرۈشسەك بولاتتى.

— بولىدۇ. بىرپىلا تېلېفون قىلاي.

ئۆمەر رابىيەنىڭ نېمىگە ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئالدىراۋاتقان ئادەم رابىيەلا ئەمەس ئىدى. ئۆمەرنىڭ ئاپىسىمۇ نەچچە ۋاقىتتىن ئۇلارنىڭ تويىغا ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرغانىدى. ئاخشام بولسا بۇ ئويىنى ئۆمەرگە ئوچۇق ئېيتىپ: «بالام، مەن ھەجدىن كەلگۈچە ئىشنى پىشۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن ھەجدىن قايتىپ كېلىپلا بېشىڭلارنى قوشۇپ قويايلى. ئېسىڭدە تۇت، بالام، مەن شۇندىلا

خاتىرجەم بولىمەن» دېگەندى. ئۆمرى ئاز قېلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ بەختلىك ئائىلە قۇرغانلىقىنى كۆرۈشنى بەكرەك ئارمان قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

قىزغۇچ كۈن نۇرىدا چوڭ چاقپەلەكلەر تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. يىراقلىغانچە بۇ مەنزىرىنىڭ ھەيۋەتلىككىگە بىر خىل گۈزەل تۈس قوشۇلاتتى. بىرھازاغىچە بۇ مەنزىرىگە قاراپ ھۇزۇرلانغان ئۆمەر ئاستا ـ ئاستا خىيالغا كەتتى:

ئاخشام ئۆمەر ياتاقتا يېتىپ جەمەتى بويىچە تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرىدىغان ئاپىسىنىڭ ئەتىكى ئۇچۇشىغا تىنىچ ـ ئامانلىق تىلەپ ياتاتتى. بىر چاغدا ياتاقنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. ئۆمەر ئالدىراپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ ناتونۇش ئىككى كىشىنى كۆردى.

ـــ ئۆمەرجان بولامىلا؟ ـــ دەپ سورىدى ئوتتۇرا بوي، سېمىز كەلگەن، يۈزۈر كىيىنىۋالغان بىرەيلەن سالماق ئاۋاز بىلەن.

ـــ مەن شۇ، ـــ دېدى ئۆمەر ئۇلارنى ياتاققا باشلاپ ۋە ئۇلارغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

ـــ مەن ئۆتكەندە سىلىگە تېلېفون قىلغان ساۋۇت بولىمەن، ـــ دېدى بايىقى كىشى، ـــ ھەمكارلىشىدىغان سودا بار، دەپ...

شۇندا ئۆمەر ئېسىگە ئالدى. ئۇ ھامۇت ھاجىمنىڭ تەكلىپى ئۇستىدە ئويلىنىپ ۋە مەبلەغ غەملەشنىڭ

كويىدا يۈرگەن كۆڭۈلدە ئۈرۈمچىدىن بىرسى ئۇنى چېكىپ بېقىپ تېلېفون قىلغانىدى. مانا ئۇ كىشى يادىغا كېلىۋىدى، ئاۋازىمۇ تونۇش بىلىنگىلى تۇردى.
— ئەستا... — دېدى ئۆمەر خىجىل بولۇپ.
— سەپەر تەييارلىقلىرى پۈتۈپ قالغاندۇ؟ — سورىدى ساۋۇت ئۆمەرنىڭ ئۇنتۇپ قالغانلىقىغا ئانچە ئېرەن قىلماي. ئۇنىڭ يېنىدىكى تەمبەل كەلگەن كىشى بولسا قېتىۋالغان ھالدا ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى.
— تەييارلىقلار پۈتۈپ قالدى. ئەمدى ئەتىلىككە تىنچ - ئامان يولغا چىقالىسا...
— خاتىرجەم بولسىلا، ساۋابلىق ئىشنىڭ يولى ئوچۇق بولىدۇ.
— ئېيتقانلىرى كەلسۇن.
— سىلىگە تېلېفوندىمۇ ئېيتقانىدىم، مېنىڭ ئىسمىم ساۋۇت، ئۈرۈمچىدە قۇرۇق مېۋە بازىرىدا «ساۋۇتۇم» دېسە تونۇمايدىغىنى يوق. قوشۇمچە ئۈرۈمچىدە «ئوردام» دەيدىغان بىر رېستوراننى ماڭدۇرۇپ قويدۇم.
ئۆمەر بۇ رېستوراننىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بولغاچقا ساۋۇتقا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.
— سىلىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ ئاچىمىزنىڭ سەپىرىگە ئاقىول تىلىگەچ ئۇزاقتىن بۇيانقى بىر خىيالىمنى سىلىگە دەپ بېقىش ئۈچۈن كەلدىم.
ئۇنىغىچە ئۆمەر ئۇلارغا چاي قۇيۇشقا ئۈلگۈردى.

— مەن سىلىنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىغىلى ئۇزاق بولدى. يۈرەكلىك ئىش قىلىپلا. سودا دېگەندە يېڭىلىق بولمىسا، سودىنى يۈرەكلىك ھالدا قىلمىسا بولمايدۇ. مەن سىلىنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى ياقتۇرۇپ قالدىم، شۇڭا سىلىنى تاللىدىم.

ئۆمەر «نېمىگە تاللىغاندۇ؟» دەپ ھەيران بولدى.

— ئۆتكەندە تېلېفوندا دېگىلى بولمىدى. ئۇزاقتىن بۇيان سىلىنىڭ يۇرتىنىڭ قوشئۆستەڭ جىلغىسىدا بىر ئارامگاھ ئېچىشنى پىلانلاپ يۈرەتتىم. بېرىپ قارىسام ئۇ يەردە ئارامگاھ خاراكتېرىدىكى ئورۇنلار بولغان بىلەن، بەك ئاددىي ئىكەن، يەر شارائىتىدىن پايدىلانماپتۇ. پەقەت قوشئۆستەڭ جىلغىسىنىڭ سالقىنلىقىدىنلا پايدىلىنىپتۇ. شۇڭا مەن رەسمىي بىر ئارامگاھ بەرپا قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كېلىۋاتقانىدىم، لېكىن ھەمكارلاشقىدەك مۇۋاپىق ئادەم تاپالماي يۈرەتتىم. كېيىن سىلىنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلاپ سىلىنى مۇۋاپىق كۆردۈم. پىلاننى پىشۇرۇپ سىلىنى ئىزدەپ باراي، دەپ تۇرسام ئۇبدان ئالدىمغا كېلىپ قاپلا. بۈگۈن سانجىدا ئىدىم، خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپلا دەرھال كېلىشىم. بۈگۈنچە سىلىگە مۇشۇنچە دەپ تۇراي. بۈگۈنچە ئۇبدان ئويلىشىپ باقسىلا. قالغىنىنى ئەتە ئاچىمىزنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن بىزنىڭ رېستوراندا تاماقلانغاچ دېيىشسەك.

— قارىغاندا، بۇ چوڭ ئىشتەك قىلىدۇ، — دېدى ئۆمەر تەمكىنلىك بىلەن، — ھەقىقەتەن توغرا ئويلاپلا، مەبلەغ سالسا ئادەمنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان ئىش ئىكەن.

— ئۆمەرجان ئۇكام، مەن ئويلىغاندىنمۇ چېچەن يىگىت ئىكەنلا. سىلى بىلەن ھەمكارلاشسام بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا ئويلاپ يەتكەنىدىم، ھەقىقەتەن توغرا ئويلاپتىمەن.

— ماڭا شۇنچە ئىشەنگەنلىرىگە ۋە مېنى شۇنچە چوڭ كۆرگەنلىرىگە رەھمەت، — دېدى ئۆمەر، — لېكىن بۇ بەك چوڭ ئىش بولغاندىكىن، ئويلاشمىسام بولمايدۇ. بىرى، ئاپام ساق - سالامەت قايتىپ كەلسۇن؛ يەنە بىرى، مەن ئالدىمىزدا بىر چوڭ سودىغا مەبلەغ سالماقچى ئىدىم. شۇ ئىش تۈگىسۇن، ئاندىن بىر كۆڭۈللۈك ھالدا سىلى بىلەن سۆزلەشسەم.

بۇنى ئاڭلىغان ساۋۇت كۈلۈپ كەتتى:

— گەپلىرى ئورۇنلۇق، ئۇكام. بۇ ئىشقا ئالدىراپ تۇتۇش قىلىشقا بولمايدۇ. قىلغاندىكىن، رەسمىي قىلىمىز. سىلى ئوبدان ئويلانغاچ ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈۋالسىلا. ئۇنغىچە مەن قەشقەر، ئاتۇش، كۇچاغا بېرىپ ئارامگاھلارنىڭ بېزىلىشىنى كۆرۈپ كېلەي. ئاڭلىسام قومۇلنىڭ راھەتباغ دېگەن يېرىدىمۇ كاتتا ئارامگاھلار ئېچىلىپتۇ. ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىش خىيالىممۇ بار، ئاندىن يانلىرىغا بارسام باش قوشۇپ راۋرۇس بىر پىلان قىلمايمىزمۇ؟

ساۋۇت قەشقەر، ئاتۇشتىكى ئارامگاھلار ھەققىدە بىرمۇنچە سۆزلىگەندىن كېيىن خوشلىشىپ قايتتى. ئۆمەر ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ ئىشنىڭ راست - يالغانلىقى ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن

ئۇ بىر تەرەپتىن ئاپىسىنىڭ غېمىنى يېسە، يەنە بىر تەرەپتىن ساۋۇت دېگەن كىشىنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنە ـ ئىشەنمەي كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقتى. ئەتىسى ساۋۇت ئېسىل ماشىنىسى بىلەن پەيدا بولۇپ ئۆمەرلەرنى كاتتا بېزەلگەن رېستورانىغا ئاپارغاندىلا ئۆمەرنىڭ يۈرىكى توختىدى...

— ئۆمەرجان، توختايدىغان يەرگە كەلدۇق، چوڭ ـ كىچىك تەرەت بولسا...

شوپۇرنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئۆمەر بېشىنى چايقىدى. قالغانلارمۇ ئۇيقۇلۇق ھالىتى بىلەن باش چايقاشتى.

— ئۇنداق بولسا خۇگۇل ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق...

ئۆمەر يەنە خىيالىنى داۋام قىلدى: «سودا دېگەن قىزىق بولىدىكەن دېسە. بەزىدە ئادەم سودىنى ئىزدەپ سارالڭ بولاي دېگەن. بەزىدە سودا سېنى ئىزدەپ سېنى گاڭگىرىتىپ قويغان... ھامۇت ھاجىم بىلەن بولغان سودىنى تۈگىتىپلا ساۋۇت ئاكىنى ئىزدەي... ئۇنىڭ پىلانىنىڭ ئاساسى بار...»

ئۆمەر يۇرتقا كېلىپلا رېستورانىنى بىر يوقلىۋەتكەندىن كېيىن رابىيەگە تېلېفون قىلدى. ئۇلار بىر تېز تاماقخانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا كىرىپ تاماقلىنىشتى. بۈگۈن تولىمۇ چىرايلىق كىيىنىۋالغان رابىيە تاماقنى يەپ بولۇپ ئۆمەرنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىپ ئۇنىڭغا ئوتلۇق كۆزلىرىنى تىكتى.

— ئۆمەرجان، — دېدى رابىيە بۇرۇنقى دادىللىقى بىلەن، — ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك يولغا سېلىپ خاتىرجەم بولۇپ قالدىڭىز. ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ ئىشىمىزنى ئويلىشىپ باقساق بولاتتى.

مەقسەتنى چۈشەنگەن ئۆمەر كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. رابىيە ئەركىلىگىنىچە ئۆمەرنىڭ كەينىگە كېلىپ بوينىغا گىرە سالدى. رابىيەدىن تارقالغان شېرىن ھىد ئۆمەرنىڭ يىگىتلىك سېزىملىرىنى يايرىتىۋەتتى.

— ئۆمەرجان، بىز قاچان توي قىلىمىز؟ — سورىدى رابىيە قىزىق لەۋلىرىنى ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا تەگكۈزۈپ.

ئۆمەر رابىيەنىڭ قولىنى تۇتتى.

— راستلا ماڭا تېگەمسىز؟

— تېگىمەن!

— پۇشايمان قىلمامسىز؟

— ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن!

— يەنە بىر دەي، سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەر بىلەن بىزنىڭ ئائىلە ئوخشىمايدۇ.

— سىلەرنىڭمۇ جەمئىيەتتە تېگىشلىك يۈز - ئابرۇيىڭلار بار تۇرسا.

— مەن سىزدىن چوڭ.

— لېكىن، سىز تۇرمۇشتا پىشقان، بىلىدىغىنىڭىز كۆپ.

— سىز كاتتا ئىدارىدە ئىشلەيسىز، مېنىڭ بولسا مۇقىم خىزمىتىم يوق.

— قىلىۋاتقان سودا ئىشىڭىزدىنمۇ كاتتا خىزمەت نەدە بار؟

— ئاپىڭىزنىڭ راستىنلا باشقىچە پىكرى يوقتۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇلارنى ئاللىقاچان قايىل قىلىپ بولغان، لېكىن سىزنىڭ ھېلىقى سودىڭىز تېخى بىر تەرەپ بولمىغان تۇرسا...

— بولدى، ئۇ ئىشمۇ ئۆز يولىدا مېڭىۋەرسۇن، بىزمۇ ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى.

— ئۆمەرجان، مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز،— رابىيە شۇنداق دەپ ئۆمەرنى سۆيۈپ قويدى.

— ئاپام قايتىپ كەلسىلا ئىشىمىزنى جىددىي تۇتايلى،— دېدى ئۆمەر.

— شۇنداق قىلايلى، ھېلىمۇ جىق ساقلاپ كەتتۇق.

— بىز ئالدىرىغان بىلەن ئاكىڭىزنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولمىسا...

— ئاكامنىڭ تويى قۇربان ھېيتتىن بۇرۇن بولىدىغان بولدى.

ناھايىتى ئۇدۇل ئېيتىلغان بۇ گەپتىن ئۆمەرنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى، ئەمما دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. «خەير، گۈلپەرى، سەن بەربىر گۈل بولدۇڭ خەقلەر بېغىغا!» دېمەك، ئۇنىڭ بېغىدا پورەكلەيدىغان گۈل مۇشۇ ئىكەن. ئۆمەر رابىيەنى چىڭڭىدە قۇچاقلىدى.

※ ※ ※

خۇشاللىقتىن پايپېتەك بولۇپ كەتكەن سائادەت دوستلىرى بىلەن ھېلى ئۇنى دېسە، ھېلى بۇنى دەپ

ئۆينى بېشىغا كىيگەندى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن شۇ تاپتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمىگە ئالدىراۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئالىمنىڭ كۈلگۈسى كەلدى. پەقەت ئاردىن بىرەيلەن سىرتقا چىقىپ كىرىپ:

— ھوي، ئىشى پىشماسلار، قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ،— دېگەندىن كېيىنلا چار بازارچىلاردەك ئالدىغا يېيىۋېلىشقان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇلار دۈپۈرلىشىپ ئۆيدىن چىقىشتى. ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ قالغان سائادەت كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— بالام، بىز ماڭىدۇق ئەمىسە،— دېدى سىرلىق قىلىپ.

ئۇلار شۇ تاپتا شېرىنگۈللەرنىڭ ئۆيىگە ماڭغان بولۇپ، «جىق ئادەمنى ئارىلاشتۇرمايلا تېز تۇتۇش قىلىپ، تېز ئاخىرلاشتۇرۇش» پىلانى بىلەن جىددىي ھۇجۇمغا ئاتلانغىنى ئىدى.

ئالىم بېشىنى لىڭشىتتى. خۇشلۇقتىن ئۆزىنى باسالماي قالغان سائادەت بىر ناخشىغا غىڭشىغىنىچە چىقىپ كەتتى. ئاردىن ئون مىنۇتتەك ئۆتۈپ ئالىمنىڭ يان تېلېفونى سايرىدى. تېلېفوندىن شېرىنگۈلنىڭ تاتلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئالىمجان، چوڭلار يىغىلىپ بىزنىڭ غېمىمىزنى يەۋېتىپتۇ. مۇشۇنداق قۇتلۇق ۋاقىتتا بىز تۆت تامغا قاراپ ئولتۇرىمىزمۇ؟ بىزمۇ تېگىشلىك تەنتەنىسىنى قىلمايمىزمۇ؟

ئالىم دەرھاللا «ھازىرلا يېنىڭىزغا بارای» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئەمما... شۇنداق، باشقا ۋاقىت بولغان بولسا ئالىم «جان» دەپ چىقاتتى. بىراق بۇگۈن چۈشتىن كېيىن تېلېفوندا گۈلپەرىگە بۇگۈن كەچتە كۆرۈشۈش توغرۇلۇق خېلى قاتتىق ۋەدە بەرگەنىدى.

— ئالىم، مەن ئۈگۈنلۈككە ماڭىدىغان بولدۇم، — دېگەنىدى گۈلپەرى تېلېفوندا يىغلىغۇدەك بولۇپ. ئۇنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك چىققانىدى. بۇ ئاۋاز باغرى بارغانچە تاشتەك قېتىپ كېتىۋاتقان ئالىمنىڭمۇ دىلىنى ئېرىتىۋەتتى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن كەچتە ھەممە ئىشنى قايرىپ قويۇپ گۈلپەرى بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدى. شۇڭا ئۇ شېرىنگۈلنىڭ كۆرۈشۈش تەكلىپىگە باھانە كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى.

— شېرىنگۈل، ئادەتتە سىز بىلەن كۆرۈشۈپ تويىنىڭ پارىڭىنى قىلىپ يۈرگەن بىلەن، رەسمىي تويىنىڭ گېپى چىقسا ئادەمنى سۈر باسىدىكەن، شۇ تاپتا تىتىلداپ ئولتۇرۇپتىمەن.

— جىددىيلىشىۋېتىپسىز ـ دە، — شېرىنگۈل كۈلۈپ، — بۇ نىكاھنىڭ خاسىيىتى.

— شۇڭا ئىشلارنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەپ ئۆيدە ئولتۇرايلىمىكىن دەيمەن.

— بەرىبىرغۇ چوڭلار خۇش خەۋەر ئېلىپ قايتىدۇ. بوپتۇ، ئىش يولى بىلەن بولسۇن. بۇمۇ نىكاھىمىزنىڭ ھۆرمىتى. بولىدۇ، بۇگۈنچە بىر ـ بىرىمىزنى سېغىنىپ ئۆتكۈزۈپ تۇرايلى. ئەتە كۆرۈشەيلى.

— بولىدۇ، ئەتە كۆرۈشەيلى.

ئالىم شىرىنگۈلنىڭ بەزى ئىشلىرىغا يەنىلا ھەيران قالدى، بەزىدە ئۇ ئالىمنى شۇنداق چىڭ تۇتۇپ كېتىدۇ، بەزىدە بولسا ھازىرقىدەك شۇنداق كەڭتاشا، ئالىمنىڭ ئىشلىرىنى، گەپلىرىنى ئانچە زىغىرلاپ ئولتۇرمايدۇ.

ئالىم سائەتكە قاراپ ئۆيدىن ئالدىراپ چىقتى.

ئۇ ئالدى بىلەن مەدەنىيەت ـ ساياھەت مەيدانىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى مايدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىك ساتىدىغان يەرگە باردى. گۈلپەرى بۇنداق يېمەكلىككە بەك ئامراق ئىدى. ئالىم مايدا پىشۇرۇلغان توخۇ پاچىقى، نان، تۇخۇم قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ، دېيىشىپ قويغان مېھمانخانىغا باردى.

ئالىم بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ: «مەندە نېمە ئامال؟ تۇرمۇش مۇشۇنداق ئىكەن. بولمىسا، مېنىڭ گۈلپەرى بىلەن توي قىلغۇم بار ئىدى. خۇدايىم تەلىيىمنى بەرسە گۈلپەرىگە ياخشى بىرسى چىقار... شۇنداق بولغاي ئىلاھىم» دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇۋىدى، ياتاقنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. ئالىم بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

گۈلپەرى ياتاققا كىرگەن پېتى ئالىمغا ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى ۋە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

— ئالىم، سىز بەك ئەسكىكەنسىز، مېنى شۇنچە كۈنمۇ تاشلىۋېتەمسىز؟ سىزنى شۇنداق كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. مېنى ئۇنداق قىينىماڭ...

ئۆزىنى تۇتالماي قالغان گۈلپەرى گېپىنىڭ داۋامىنى

دەپ بولمايلا ئالىمنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كەتتى.
بۇنداق قىزغىن ھېسسىيات ئالدىدا ئالىم تەسلىم بولدى. ئۇنىڭمۇ كونا ئوتلىرى شىددەت بىلەن لاۋۇلداشقا باشلىدى. ئەسلىي ئۇ بۇگۈن گۈلپەرىگە يېقىن كەلمەسلىكنى، بۇ ئارقىلىق گۈلپەرىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئايرىلىشنى نىيەت قىلغانىدى. بىراق، ئەمدى...

«گۈلپەرى بىلەن خوشلاشقىنىم بولسۇن... » شۇنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئالىممۇ گۈلپەرىنى چىڭ قۇچاقلىدى. ھۇزۇر - ھالاۋەت گۈلشەنىنىڭ كېپىنىكىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئالىمنىڭ مۇداپىئە تېمىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. تاقەت قىلالمىغان ئالىم گۈلپەرىنى كارىۋاتقا ياتقۇزدى. شۇ تاپتا بەدىنى ئوت بولۇپ يانغان گۈلپەرى ئالىمنى يەۋەتكۈدەك ئەلپازدا ئىدى...

— مېنى بەك تاشلىۋەتتىڭىز، ئالىم،— دېدى گۈلپەرى ئالىمنىڭ مەيدىسىگە يۈزىنى چىڭ چاپلىغىنىچە.

— ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، بۇ بىر مەزگىل بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. بۇ كارخانا ئىسلاھاتى دېگەن بەك چىڭ ئىشكەن ئەمەسمۇ؟ نۇرغۇن ئادەم ئەمچەكتىن ئايرىۋېتىلىدىغان گەپكەن. ئەمدى بۇ ئىشلارمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. ئەمدى سىز بىلەن بۇرۇنقىدەك كۈندە بىللە بولىمەن.

— ئەمدى تېخىمۇ بىللە بولالمايسىز؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىم: «گۈلپەرى شېرىنگۈل بىلەن بولغان ئىشىمىز توغرۇلۇق بىرەر گەپ - سۆز ئاڭلاپ قاپتىمۇ نېمە؟» دەپ ئەندىكتى ۋە:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مېنى قۇتيار يېزىسىدىكى مەركىزىي مەكتەپكە بۆلۈپتۇ. ئەمدى كۈندە ئەمەس، ھەپتىدە بىر كۆرۈشەلىسەك چوڭ گەپ.

ئالىم بۇ ئىشتىن ئالللىقاچان خەۋەردار بولغان بولسىمۇ، قەستەنگە بىلمەس قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— بۇ قانداق بولغىنى، مەن ھازىرلا ئاتامغا تېلېفون قىلىمەن. شۇنچە يىراق يېزىغا بۆلۈۋەتكەن بارمۇ؟

— بولدى قىلىڭ، — دېدى گۈلپەرى، — مەن سورۇشتۇردۇم، بۇ قېتىم قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى يېزىغا تەقسىم قىلىنىپتۇ. باشتا بېرىپ ئىشلەپ تۇرمايمەنمۇ، ئىش دېگەن ئاستا ـ ئاستا بولغىنى ياخشى.

— دېگىنىڭىزغۇ ئورۇنلۇق. بوپتۇ، باشتا بېرىپ تۇرۇڭ، كېيىنچە مەن يەنە يولىنى قىلىمەن.

— مېنىڭ نەگە بېرىپ ئىشلىشىمنىڭ كارى چاغلىق. سىز مېنى ئۇنتۇپ كەتمىسىڭىزلا بولدى. مېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ كەتمەڭ بولامدۇ، ئالىم؟

ئەگەر بۇ گەپ بۇرۇن بولغان بولسىدى، ئالىم كۆزىنى يۇمۇپلا: «سىزنى ئۇنتۇش ماڭا ئۆلۈم بىلەن تەڭ» دەۋەتكەن بولاتتى، لېكىن نېمىشقىدۇر بۇ قېتىم ئۇنداق دېيەلمىدى، باشقا گەپمۇ قىلالمىدى. پەقەت جاۋاب ئورنىغا گۈلپەرىنىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى....

ھېسسىيات كەلكۈنىنىڭ ئەقىل كېمىسىنى غەرق قىلىشى بىلەن گۈلپەرىنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم سوئال جاۋابسىز قالدى...

# ئون ئۈچىنچى باب

## تۇرمۇش داۋانلىرىدا

گۈلپەرى ھەمراھى ئايقىزنىڭ نوقۇشى بىلەن كۆزىنى ئاچتى.

— كەلدۇقما؟

ئاپتوبۇستىن چۈشكەن گۈلپەرى ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. يىراقتىن تاقىر تاغ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنداق تاغ شەرق تەرەپتىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسلىق ئۈزۈم ئۆستۈرۈلىدىغان بۇ يېزىدا ھازىر ئۈزۈم تاللىرى پۈتۈنلەي تۇپا ئاستىغا كۆمۈۋېتىلگەن بولغاچقا، قەبرىگە ئوخشىشىپ قالغان تۇپا دۆۋىلىرى يىراقلارغا سوزۇلغانىدى. شۇ سەۋەبتىن قۇتيار يېزىسى ئادەمگە قاقاسلىقتەك تۇيغۇ بېرەتتى. دېمىسىمۇ، يوللاردىن تۇپا ئۆرلەپ تۇراتتى، ئېرىقلاردا نەملىكتىن ياكى ئانچىكىم مۇزدىنمۇ ئەسەر يوق.

— ۋاي، قانداق يەر بۇ؟ — دەۋەتتى گۈلپەرى.

— نېمىگە ھەيران قالىسەن، سەن دېگەن ھازىر يېزىدا، — دەپ جىمىلدى ئايقىز ئۇنى.

ئۇلار ئېغىر سومكىسىنى ۋە يوتقان - كۆرپىسى

تېخىلغان بوپىسىنى قانداق كۆتۈرۈشنى بىلەلمەي مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇنىڭچە مەكتەپتىن قايتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى بىرنەچچە ئوقۇغۇچى ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قاراشقىلى تۇردى. مىجەزى تۇرگۇن كەلگەن ئايقىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسىنى چاقىردى.

— بىزگە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىنى كۆرسىتىپ قويامسىز؟

ئۇ بالا تېخىمۇ تۇرۇپ قېلىۋىدى، يېنىدىكى بالا گەپكە ئارىلاشتى:

— شوجاڭنىڭ ئىشخانىسىنى دەۋاتىدۇ.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ بالا دەرھاللا.

— ئۇنداق بولسا، نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىڭلار.

— ئۆزلە يېڭى كەلگەن مۇئەللىممۇ؟ — ئويلىمىغان يەردىن ئۇ بالىمۇ تۇرگۇنلۇك بىلەن سورىدى.

— ھەئە، — دېدى ئايقىز كۈلۈپ.

— ئۇنداق بولسا يۇرۇڭلار، ئاغىنىلەر، ئۇلارنىڭ سومكىلىرىنى كۆتۈرەيلى، — دېدى ھېلىقى بالا. بالىلار شۇ گەپنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ئولاش - چولاش كېلىپ ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قوللىرىنى بىكارلاپ قويۇشتى. گۈلپەرى بۇ يېزا بالىلىرىنىڭ ساددا، تۈز، دادىل مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بايا بۇ يەرنىڭ مۇھىتىدىن پەيدا بولغان دىل غەشلىكى بېسىلغاندەك بولدى.

ئۇلار مەكتەپ قورۇسىغا كىرىپ قىشنىڭ سوغۇقىدا دۈگدىيىپ تۇرۇشقان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ مەكتەپنىڭ يازدىكى يېشىللىقىغا تولغان گۈزەل، ئارامبەخش مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىپ يېنىك تىنىشتى.

ئۇنىڭچە بىر چېلەك كۆمۈر كۆتۈرۈۋالغان سېمىز، ئوتتۇرا بويلۇق بىر كىشى كېلىپ:

— سىلەر يېڭى كەلگەن مۇئەللىملەرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدى ئايقىز.

— مۇئەللىملەر دەرستىن كېيىن سىياسىي ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى ئىشخانىسىدا، يۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ كىشى ۋە ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى.

ئىشخانىدا بىر كىشى تاماكا چەككەچ بىرنەرسە يېزىۋاتاتتى. مەكتەپ مۇدىرى قىرىق ياشلاردىكى ئادەم بولۇپ، چىرايىدىن ياشلىقى چىقىپ تۇرغان بىلەن نېمىشقىدۇر بېشىنىڭ چوققىسىدىكى چېچى چۈشۈپ كەتكەنىدى. يەنە كېلىپ شۇ ئازغىنە چېچىغىمۇ ئاق كىرىپ قالغانىدى.

— مۇدىر، بۇ قىزلار يېڭى كەلگەن مۇئەللىملەر ئىكەن، — دېدى بايىقى كىشى. مەكتەپ مۇدىرى گۈلپەرىلەرگە شۇنداق بىر قاراپ قويۇپ ئۇ كىشىگە:

— بىلدىم، سەن چىقساڭ بولىدۇ، — دېدى، ئاندىن قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرگۈسى كەلگەندەك ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن ئېيتتى، — مەن

شۆبە مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى تەقسىملەۋاتقان. بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇڭلار.

مەكتەپ مۇدىرى يېزىشنى داۋام قىلدى. قىزلار تۇرلۇك مەسئۇلىيەتلەر يېزىلغان تاختىلار، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ، مەكتەپ مەمۇرىيىتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رەسىملىرى چاپلانغان تاختا، مەكتەپنىڭ تەرەققىيات پىلان خەرىتىسى دېگەندەك تاختىلار بولغان ئىشخانا ئىچىگە سەپسېلىشقا، ھەتتا ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر تاختىدىكى خەتلەرنى مەجبۇرىي ئوقۇشقا باشلىدى.

بىر چاغدا مەكتەپ مۇدىرى قەلىمىنى قويدى.

— ئوقۇش باشلىنىشلى نېكەم، مائارىپ ئىدارىسى سىلەرنى خېلى كېچىكتۈردى، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى قىزلارغا سىنچىلاپ قاراۋاتقان بولسىمۇ تەبىئىي بولۇشقا تىرىشىپ، — شۇڭا سىلەرنىڭ ئالاقەڭلەر كەلگەن ھامان دەرسلەرگىمۇ تەقسىملەپ بولدۇق. قايسىڭلار گۈلپەرى...

گۈلپەرى ئورنىدىن قىمىرلاپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— سىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ سىزگە تەييارلىق سىنىپلارنىڭ مۇزىكا دەرسى بىلەن ساۋات چىقىرىش دەرسىنى ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۇنداقتا سىز ئايقىز ـ ھە؟ سىز دارىلمۇئەللىمىننىڭ تەبىئىي پەن سىنىپىدا ئوقۇپسىز. شۇڭا سىزگە 2 ـ يىللىقتىكى ئۈچ سىنىپنىڭ ماتېماتىكا دەرسىنى ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشقا پىكرىڭلار يوقتۇ؟

قىزلار باش چايقاشتى.

— ئۇنداق بولسا ئەتىدىن باشلاپ دەرسكە رەسمىي كىرسەڭلەر بولىدۇ. ياتىقىڭلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. بايىقى كىشى مەكتەپنىڭ ئىشچىسى. ياتاقنىڭ ئىشلىرىدا شۇ كىشىنى ئىزدىسەڭلار بولىدۇ. ھازىر ياتاققا ئورۇنلىشىۋېلىڭلار. مەن زالغا چىقىپ ئىلمىي مۇدىرنى چاقىرىپ قوياي، سىلەرگە دەرس ئۆتۈش ھەققىدە بىر نەرسە دەپ بەرسۇن. سىلەرمۇ سوراۋالغۇدەك نەرسىلەر بولسا سوراۋېلىڭلار، — مەكتەپ مۇدىرى تولىمۇ خۇشخۇي سۆزلەپ كەتتى. ئۇ ئاخىرىدا قوشۇپ قويدى، — مۇھىم ئىشلار بولسا مېنى بىۋاسىتە ئىزدەڭلەر. ھە، ئىسمىمنى دېمەپتىمەن دېسە. ئىسمىم سىيىت شوجاڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلپەرى بىلەن ئايقىز بىر - بىرىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى...

ئەتىسى ئۈچىنچى سائەت دەرس گۈلپەرىنىڭ دەرسى ئىدى. گۈلپەرى دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى كۆتۈرۈپ تەمتىرەش ئىچىدە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشىپ تولىمۇ تەستە سىنىپقا قەدەم قويدى. ئوقۇغۇچىلار دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چۈچۈك تىللىرى بىلەن «سالام، مۇئەللىم!» دەپ سالام بېرىشتى. گۈلپەرىنىڭ باش لىڭشىتىشى تەسكە توختىدى.

سەبىي باللار تەئەججۈپلەنگىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇشاتتى. بىر چاغدا كەيپسىز ئوغۇللار «يېڭى كەلگەن

ئەپەندىكەن»، «ئاچچىقى يامان ئەمەستەك قىلىدۇ» دېيىشكىلى تۇردى.

گۈلپەرى شۇ دەقىقىدە سىنىپنىڭ سەھنىگە ئوخشاشمايدىغانلىقىنى بىلدى. بولمىسا، ئۇ شۇنچە مېھمانلارنىڭ ئالدىدا قىلچە تەمتىرىمەي نۇرغۇن ناخشىلارنى ئېيتقانىدى. ئەمدى بولسا قىرىق نەچچە سەبىي بالىنىڭ ئالدىدا سەل ھودۇقۇۋاتاتتى.

گۈلپەرى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆزىنى تونۇشتۇرماقچى بولدى:

ــ ساۋاقداشلار، مېنىڭ ئىسمىم گۈلپەرى، بۈگۈندىن باشلاپ سىلەرگە مۇزىكا دەرسى بېرىمەن...

شۇ ۋاقىتتا بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى قول كۆتۈردى ۋە گۈلپەرى رۇخسەت بەرگۈچە ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئۇنداق بولسا لويۇڭجى قېنى؟ لويۇڭجى ئەكېرمەيتىلەغۇ؟ ــ دەپ سورىدى. گۈلپەرى بۇ سوئالدىن ھەيران بولۇپ قايتۇرۇپ سورىدى:

ــ لويۇڭجى... ھە، ئۇنىئالغۇنى نېمە قىلىسىز؟

ــ مۇزىكا دەرسى بولغاندىكىن، لويۇڭجى چېلىپ ئۇسسۇل ئوينىمايمىزمۇ؟ ــ دېدى ئۇ ئوقۇغۇچى بېشىنى قاشلاپ.

ــ دەرستىن سىرتقى بوش ۋاقىتلاردا ئەلۋەتتە ئۇسسۇلمۇ ئوينايمىز، ــ دېدى گۈلپەرى.

ئۇ ئوقۇغۇچى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇۋالدى، ئەمما دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغان ئوقۇغۇچى ئورنىدىن قوپتى:

— مۇئەللىم، ئۆزلە دەرس ئۆتۈشنى بىلمەيدىكەنلا.

گۈلپەرى هەيران بولدى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— مۇزىكا مۇئەللىملىرى دېگەن لويۇڭجىنى ئەكېرىپ بىزگە بېرىدۇ. بىز دەينى ئۆزىمىز قويۇپ ئۇسسۇل ئوينايمىز، بەزىدە بىلىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىمىز.

گۈلپەرى ئۇلارنىڭ ساددىلارچە ئېيتقان سۆزلىرىدىن كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا كىم ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ؟ — سورىدى گۈلپەرى بىردىنلا ئەقلىنى ئىشلىتىپ. بۇ گەپ بىلەن باللار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشكىلى تۇردى. ئۇلار ئاخىرى ئىلھام ئىسىملىك بىر بالىنى ئوتتۇرىغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ قويدى.

— قايسى ناخشىنى ئېيتىسىز؟ — سورىدى گۈلپەرى.

— «بىلىم ئىشقىدا»نى، — ئىلھام شۇنداق دەپ ئارتۇقچە تارتىنىپ ئولتۇرمايلا ناخشىنى باشلىدى:

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار - يوق.
… …

ئىلھام خېلى كۈچىگەن بولسىمۇ، ناخشىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى ئاۋاز ئۆزگىرىشلىرىنى تولۇق چىقىرالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى سۆزلەرنى باللارچە ئوماق تىل بىلەن تەلەپپۇز قىلغان بولغاچقا ناخشا قىزىقارلىق چىقتى.

— ناخشىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىپسىز. بەزى ئاھاڭلىرىنى توغرا چىقىرالماي قالدىڭىز. كېيىن مەن سىزگە ئۆگىتىپ قوياي.

بۇنى ئاڭلىغان ئىلھام بىردىنلا چىرايىنى تۈردى:

— ئۆزلە بىلمەيدىكەنلا، مۇئەللىم.

گۈلپەرى «يەنە نېمە گەپ چىقار؟» دەپ ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— بىرىنچى مەۋسۇملۇق مۇزىكا دەرسىنىڭ ئىمتىھانىدا مەن مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىۋىدىم، مۇئەللىم ماڭا يۈز نومۇر قويغان، — دېدى ئىلھام تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ.

باللارمۇ چۇقىرىشىپ كېتىشتى:

— راست، يۈز نومۇر قويدى.

— ياخشى ئېيتتىغۇ.

— سىنىپتا ئۇ ناخشا ئېيتىشقا ھەممىدىن ئۇستا.

گۈلپەرى ئۆزىنىڭ خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى ۋە سۆزىنى ئوڭشىۋالدى:

— مەنمۇ ئۇنىڭ ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدىم. مەن ئۇنى تېخىمۇ ياخشى ئېيتسۇن دېمەكچى ئىدىم. ئەگەر بۈگۈن ئىمتىھان بولغان بولسا مەنمۇ ئۇنىڭغا يۈز نومۇر قويغان بولاتتىم.

بۇ گەپ چىقىشى بىلەن ھېلىقى باللىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ ساۋاقداشلىرىغا مەغرۇر بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن گۈلپەرى باللارنىڭ قىزىقىشىنى، ئۇلارنى

قانداق يېتەكلەش كېرەكلىكىنى بىلمۇالدى.
— ساۋاقداشلار، مەنمۇ سىلەرگە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرەي.
بۇنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلار خۇشال بولۇپ كېتىشتى. گۈلپەرى ناخشىسىنى باشلىدى:

كېپىنەك، كېپىنەك، كەلگىن جان دوستۇم،
شۇ گۈزەل باغچامدا پەرۋاز قىلغىن شاد.
سۇ قۇيۇپ گۈللەرنى ئاينىتاي دائىم،
سەن قونغىن گۈللەرگە قىلىپ باغ ئاۋات.
... ....

— مۇئەللىم، يەنە ئېيتىپ بەرسىلە.
— مۇئەللىم، بىزگىمۇ ئۆگىتىپ قويسىلا.
— ناخشىنىڭ بېشى ئەجەب نوچىكەن.
شۇنىڭ بىلەن سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ رىتىملىق ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى:
كېپىنەك، كېپىنەك، كەلگىن جان دوستۇم،
... ...
— ساۋاقداشلار، مۇشۇنداق دەرس ئۆتسەك بولغۇدەكمۇ؟
باللار ۋارقىراشتى:
— بولغۇدەك!
ناخشا ئېيتقان بالا قولىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى:
— مۇئەللىم، مۇشۇنداق ناخشىنى يەنە بىلەملا؟

بىزنىڭ ناخشا مۇئەللىمىمىز ئۆزى ناخشا ئېيتمايدىچۇ...

— مەن خېلى كۆپ ناخشىلارنى بىلىمەن.

— ئۇنداقتا ئېيتىپ باقسىلاچۇ.

— بىزگىمۇ ئۆگىتىپ قويسىلا.

گۈلپەرىنىڭ خېلى ناخشىلارغا ئىدىيەۋى تەييارلىقى بولغاچقا يەنە بىر ناخشىنى باشلىدى:

قول ياغلىق، قول ياغلىق،
يانچۇقۇمدا ساقلاقلىق.
قول ياغلىقى يوق بالىلار
بولالمايدۇ ئەخلاقلىق.

— ئۇييۇ، ئەجەب كاتتا ناخشىكەن.

كەينىدە ئولتۇرغان بىر قىز قولىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— مۇئەللىم، مۇنۇ سەمەت دائىم ماڭقىسىنى يېڭىگە ئېرتىدۇ.

سەمەت دېگەن ئوقۇغۇچىمۇ ئورنىدىن تۇردى:

— ھە، سەنچۇ؟ دائىم ماڭقاڭنى بىر غېرىچ ساڭگىلىتىپ يۈرسەنغۇ؟

— نەدە؟ — دېگىنىچە ئۇ قىز يۈزىنى ئېتىپ بېشىنى پارتىغا قويىۋالدى.

— بولدى، ساۋاقداشلار، بۇنىڭدىن كېيىن سەت گەپ قىلىشمايلى. ئامال بار قول ياغلىق تۇتايلى.

شۇ ۋاقىتتا باياتىندىن بېرى گۈلپەرىگە تىكىلىپلا قالغان ئوماق بىر قىز قول كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئويلىمىغانلا بىر گەپنى قىلدى:

— مۇئەللىم، ئۆزلە بەك چىرايلىق ئىكەنلا.

بۇ گەپتىن گۈلپەرى خىجىل بولۇپ كەتتى. باللار بولسا «هوي» دەپ ۋارقىراشتى.

ۋاقىت توشتى. سىنىپتىن چىققان گۈلپەرى ئانچە ئۇزىمايلا سىنىپتىن ئېگىز - پەس، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «كېپىنەك، كېپىنەك، كەلگىن جان دوستۇم» دېگەن مىسرانى ناخشا قىلىپ ئېيتقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. گۈلپەرى: «نېمىدېگەن ئوماق، شوخ باللار- هە!» دەپ سۆيۈنگىنىچە ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى.

※ ※ ※

ئۆيلەرنى بىرمۇبىر كۆرۈپ چىققان شېرىنگۈل رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— قانداق، ئۆي يارىدىمۇ؟ — سورىدى ئالىم مەغرۇرلۇق بىلەن.

— بەك ئازادە ئىكەن، ياخشى بېزىلىپتۇ، سىز بېزەتتىڭىزمۇ؟

— ياق، باشتىن - ئاخىر ئاپام ئۇستىدە تۇردى، ئاپام بۇنداق ئىشلاردا ئىنچىكىلەپ هارمايدۇ.

— لېكىن خېلى كۈچ چىقىرىپتۇ، ئاپامغا رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك.

شىرىنگۈلنىڭ «ئاپام» دېيىشى ئالىمنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. بىراق، شىرىنگۈل تەبىئىي ھالدا دېرىزە پەردىلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى.

— دېرىزە پەردىلىرىنى ئالماشتۇرۇۋەتسەك بولغۇدەك، — دېدى شىرىنگۈل.

— ئەمدى بۇ ئىشلار سىزگە قالدى.

— ئۇنداق بولسا ئەتىلا ئالماشتۇرۇۋېتەي.

— ئۇنداق بولسا ئاچقۇچتىن بىرنى بېرەي. قانچىلىك پۇل كېتىدۇ؟

شىرىنگۈل ئاچقۇچنى ئالدى ۋە ئالىمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— مېنىڭدىمۇ يېتەرلىك پۇل بار، — دېدى. ئالىم مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدى ۋە: «ئائىلە شارائىتى ياخشى بولسا بىر ئىشلاردىن غەم يەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ ئويلىدى.

— ئالىمجان، تويىمىزغا بىر ھەپتىمۇ قالمىدى، شۇڭا مەن سىزگە يەنە بىر قېتىم دەي. ئىككىمىزنىڭ يوشۇرغۇدەك سىرىمىز قالمىدى. شۇڭا تويدىن كېيىن چوقۇم مېنى ھۆرمەتلەڭ، بۇرۇنقى ئىشلارنى چۇۋۇپ دىلىمنى رەنجىتىدىغان ئىشنى قىلماڭ، مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن.

— ۋاي خاتىرجەم بولۇڭە، ماڭا بۇرۇنقى سىز ئەمەس، ھازىرقى سىز لازىم.

— ئالىمجان، سىز ھەقىقەتەن بىللە ياشاشقا ئەرزىيدىغان ئادەم ئىكەنسىز.

— ئەمدى ئۆيىنىڭ ئىشى سىزگە قالدى، ئالماشتۇرۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان نەرسىلەر بولسا ئۆز مەيلىڭىزچە ئالماشتۇرۇۋېتىڭ.

— ماقۇل.

شۇ ۋاقىتتا ئالىمنىڭ يان تېلېفونى سايرىدى. تېلېفون قىلغان سېلىم ئىدى.

— قانداق ئەھۋالىڭ؟— سېلىمنىڭ تەلەپپۇزى بۇرۇنقىدىن خېلىلا قاتتىق ئىدى.

— ياخشى، ئۆزۈڭچۇ؟— ئالىم نېمىشقىدۇر سېلىمغا قاتتىق تېگەلمىدى.

— توي تەييارلىقى پۈتۈپ قالغاندۇ؟

— ئاساسەن پۈتۈپ بولدى.

— مۇشۇنداق ۋاقىتتا گەپ قىلمىسام بولاتتى، لېكىن ئۇرۇمچىدىكى ئاغىنىلەر بەك سۈيلەپ كېتىۋاتىدۇ، ئېسىڭدە باردۇ؟ يەنە سەككىز مىڭ كويدەك بېرىشىڭ بار ئىكەن.

— ئېسىمدە بار،— دېدى ئالىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— بولسا شۇنى...

— بولىدۇ، مەن جايلاشتۇرۇپ ئەتىگىچە ساڭا تېلېفون قىلاي.

— ئاداش، نېمىلا بولسا ھازىر يېنىمغا بىر كەلگەن بولساڭ، سېنى ساقلايمەن.

ئالىم بىرنېمە دېگۈچە سېلىم تېلېفوننى قويۇۋەتتى. بۇنىڭغا ئالىمنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ بولدى قىلدى. ھازىر

سەمىلەر بۇ يەردىكى «تەمىنلەش» ئىشىنى سىلىمگە تاپشۇرغان بولۇپ، بىر تۈركۈم ئۆزۈم سودىسى قىلىدىغان سودىگەر باللار، ئاشخانا ئاچقان خوجايىنلار، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى ياش يىگىتلەر ئۇنىڭ قولىدا ھاياتىنى خورىتىۋاتاتتى. ئۇلارغا سىلىم بولمىسىلا بولمىغاچقا، بارا ـ بارا سىلىمنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ھازىر ئالىمنىڭ ئالدىدا قاتتىقلا سۆزلەۋېرىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇرۇنقىدەك بوزىرىپ ـ تاتىرىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرىدىغان ئىش ئەمدى يوق.

ـــ كىم بىلەن پۇل توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىسىز؟

بۇنىڭدىن ئالىم قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال كاللىسىنى ئىشلەتتى:

ـــ ھە، بىر ئاغىنەم مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە مەندىن پۇل سوراۋاتىدۇ. بەرمەي دېسەم تېخى...

ـــ ياردەم قىلغۇدەك يېرىڭىز بولسا ياردەم قىلىپ قويۇڭ، خەقنىڭ بىرسىگە ھاجەتمەن بولۇپ ئېغىز ئاچمىقى ئاسان ئەمەس.

ـــ بولىدۇ ئەمىسە، مەن ھازىرلا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ باقاي.

يولدا كېتىۋاتقان ئالىمنى غەم باستى. ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بۇنداق بولۇپ كېتەر، دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇ خىروئىن بىلەن دەسلەپتە ھەپىلەشكەن ۋاقتىدا «بىر مەزگىل كۆڭۈل خۇشى قىلىپ يالتىيىپ قالارمەن» دەپ ئويلىغانىدى، بىراق كېيىن مۇمكىن بولمىدى. نەچچە

قېتىم ئۇ بىر نىيەتكىمۇ كەلگەنىدى. بىراق، ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان چېغىدا كونا ئۇلپەتلەر بىلەن ئۈچرىشىپ قالغان باھانە بىلەن، ياكى «مۇشۇ بىر قېتىم...»، «مۇشۇ ئاخىرقى قېتىم...» دېگەن يالغان ۋەدىلەر بىلەن يەنە «سىرلىق تۇمان» قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانىدى. مانا ئەمدى ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئەلەم قىلىۋاتقىنى بۇ «ھۇزۇر» پۇل دېگەننى توختىماي سۈمۈرىدىكەن. بىر چاغلاردا ئۇنى ھۆركىرىتىپ يۈرگەن بانكىدىكى پۇللىرىنىڭمۇ ھازىر تېگى كۆرۈنۈپ قالدى. تويغا ئۆزى بەش مىڭ كوي چىقارغاندىن باشقا ھەممە چىقىملارنى چوڭلار چىقاردى. بانكىدا بولسا ھازىر يىگىرمە مىڭ يۈەندەك پۇلى قاپتۇ. بۇنىڭدىن سىلىمغا قەرزى ئۈچۈن سەككىز مىڭ كوينى بەرسە... «مۇشۇنداق كېتىۋەرسە قالغان پۇلمۇ ئۇزاققا پايلىمىغۇدەك... ھېلىقى پاختىچى، چىگىتچىلەرمۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلىۋېلىپلا قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدىغان بولۇۋېلىشتى. ھۇ، خۇمسىلار... بۇنى بىلگەن بولسام شۇ ۋاقىتلاردىلا ئۇ بىرنېمىلەردىن جىقراق بىرنەرسە ئۇندۇرۇۋالاركەنمەن. ھەي...»

شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يان تېلېفونى يەنە سايرىدى. ئۇ يەنە سىلىم ئىدى.

— نەدە، ئاداش؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۇدۇللا.

— يولدا.

— پۇلنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇما.

سېلىم يەنە تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئاچچىقى كەلگەن ئالىم بېرىپ سېلىمنىڭ ياقىسىنى ئېلىش ئۈچۈن مايىنى كۆچەپ بەردى، لېكىن بىرئاز مېڭىپلا يەنە پەسكويغا چۈشتى. «نېمىلا بولسام سېنىڭ ئالدىڭدا بويۇن قىسىپ قالماسمەنا!» ئالىم نىشاننى بانكىغا بۇردى...

ئالىم سېلىمنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە سېلىم ناخشا تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

... ...
ئاھ، ئۇرسەن ئارمىنىڭغا يېتەلمەي،
يا ئارزۇنىڭ ئىشىكىدىن كېتەلمەي،
ئاۋارىسەن بىرنى ئىككى ئېتەلمەي،
مەنچە بولسا، ھايات دېگەن مانا شۇ!
... ...

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپمۇ قويماي ئالىمغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئالىم يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. سېلىم پۇلنى ساندى ۋە:

— يەنە ئەللىك كوي كەم ئىكەن. بوپتۇلا، ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلاي، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئالىم ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى.

— بۇنىڭغا خاپا بولما، ئاداش، — دېدى سېلىم ئۇنىڭغا تاماكا سۇنۇپ، — سودا دېگەن سودا بولىدىكەن. مەن سىلەرنىڭ يۈزۈڭلارنى قىلغان بىلەن، سەمىلەر مېنى

سۆيلەپ ئولتۇرغۇزمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاز پۇلنىڭ ئىشى بولمىسا.

— هەي،— دېدى ئالىم تاماكىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ،— تازا يېقىن يولىمايدىغان ئىش ئىكەندۇق بۇ.

بۇنى ئاڭلىغان سېلىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئارتۇقچە ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق... — ئالىم بىردەم تۇرۇپ قالدى،— تاشلىۋېتىدىغانغا تىرىشىپ باقسام بولغۇدەك... ئۆلۈپ قالماسمەن...

— ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى،— دېدى سېلىم سوغۇقلا.

ئالىم ئۇنىڭدىن ياخشى گەپ چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى:

— هوي، سېلىم «كۈچۈك»، بۇگۈن نېمە ماڭا يوغانچىلىق قىلىسەن؟

— ئالىم، قاراپ گەپ قىل. نېمە ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ... مېنىڭ ناخشا تىڭشاۋاتقانلىقىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بايا دېدىمغۇ، چېكەمسەن، تاشلامسەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، ئاداش. بۇ مەجبۇرلايدىغان ئىش ئەمەس.

ئالىمنىڭ مۇشتلىرى تۈگۈلدى، ئەمما... بىردىنلا لاسسىدە بوشىغان ئالىم ئەلەم بىلەن كەينىگە ياندى: «تۈگەپتۇ، ئەمدى بۇرۇنقى ئىشلار قالماپتۇ...»

سېلىم ئۇنىڭ كەينىدىن مەسخىرىلىك كۈلدى: «نېمەڭگە نوچىلىق قىلىسەن؟ سېنىڭ بۇ قۇرۇق هەيۋەڭدىن كىم قورقىدۇ؟ ئەتىلا يالۋۇرۇپ كېلىدىغانلىقىڭنى مەن

بىلمەيمەنمۇ؟ تاشلايمەن دەپ كەتكىنىمنى تېخى... ئالىمئاخۇن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنچىلىك چوڭچىلىق قىلمىغان بولساڭ، مېنى ئۇنچىلىك پەس كۆرمىگەن بولساڭ، ئاغىنىلەرنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتىمنى تۆكمىگەن بولساڭ ساڭا بۇ كۈنلەر يوق. ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ شورى. قاراپ تۇر، ئاخىرى سېنى ئۆز ئايىغىڭ بىلەن ئالدىمغا ئۆمىلىتىپ ئەكېلىمەن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇرۇمچىدە سېنى تازا جايلاپتىكەنمەن...»

※ ※ ※

گۈلپەرى چوڭ ئىشخانىدا دەرس تەييارلاۋاتاتتى. گۈلپەرى بىلەلمىگەن يەرلىرىنى باشقا ئوقۇتقۇچىلاردىن سوراش قولاي بولغاچقا، چوڭ ئىشخانىدا ئولتۇرۇشقا ئامراق ئىدى. ھازىر دەرس ۋاقتى بولغاچقا ئىشخانىدا بىرنەچچىلا ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئۇنۋان ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتقاچقا، «يېزىدىكى مەكتەپلەرگە چۈشۈپ چېنىقىش» دېگەن شەرتنى ھازىرلاش ئۈچۈن بۇ مەكتەپكە كەلگەن ھەببە مۇئەللىم مەشكە كۆمۈرنى ىىقلاپ قاچىلىغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر مەكتەپ مۇدىرى ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— سىلەرنىڭ بۇ مۇدىرىڭلار نېمانچە ياش خوتۇن ئېلىۋالدى؟

بىرنەچچە يەرلىك ئايال ئوقۇتقۇچى قولىدىكى ماتېرىياللىرىنى قويۇشۇپ بۇ پاراڭغا قېتىلىشقا تەييارلىنىشتى.

— ئۇ مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي پوچتىخانىدا ئىشلەيدىغان ئايالىدىن چىنىپ، ئۇنى قويۇۋېتىپ، «ياش، چىرايلىق» دەپ ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك مۇشۇ دېھقان قىزىنى ئالدى.

— ھوقۇق تۇتۇپلا يىگىتلىكى ئۇرغۇپ كېتىپتۇ ــ دە بۇ مۇدىرنىڭ، — دېدى ھەبىبە مۇئەللىم ھەييارلىق بىلەن.

— نەدىكىنى؟ — دېدى بىر ئايال ئوقۇتقۇچى، — يىگىتلىكى تۇتۇپ كەتسە چېچى قارايماقتا يوق، كۆرگەزمىگە قېپقالغان شۇ ئازغىنە چېچىمۇ ئاقىرىپ كېتەمدۇ؟

— «ياش خوتۇن» دەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلغان بىلەن، ئاشۇنداق دەردىنى تارتىدىغان ئىش، — دېدى ھەبىبە مۇئەللىم.

— شۇ، — دېدى يەنە بىر ئايال مۇئەللىم، — ياش خوتۇن ئېلىۋالغان بىلەن ھۆددىسىدىن چىقالىسا بولىدۇ.

— نېمە، ھۆددىسىدىن چىقالامدىكەن؟ — گەپنى تېخىمۇ ئاچتى ھەبىبە مۇئەللىم.

— ئېرىمنىڭ دېيىشىچە، — دېدى ئۇ ئوقۇتقۇچى، — بۇ «يىگىت» ھېلىقىدەك دورىلاردىن بېرى كېلەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— شۇ ھالىغا مەكتەپتىكى ياش قىزلارنى كولدۇرلىتىمەن دەيدۇ دېسە. مەن دەيمەن، بىرەرسى «ھە، كېلە» دەيدىغان بولسا، قىزلارنىڭ ئالدىدا شۇمشىيىپ تۇرار بولغىيتتى.

بۇ گەپ بىلەن ئايالىلار كۈلۈشتى.

شۇ ۋاقىتتا تەنتەربىيە مۇئەللىمى ئەيسا كىرىپ قېلىپ ئۇلارنىڭ گېپى ئۈزۈلدى، ئەمما ئۇلار پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئەيسا ئۇلارغا ھەيىيارلىق بىلەن تىكىلدى ۋە:

— ئەتىدىن - كەچكىچە يوتقانىنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى دېيىشكۈچە تاپشۇرۇق تەكشۈرۈڭلار، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئارانلا ئولتۇرغان گۈلپەرىمۇ مۇشۇنى باھانىداپ بىر ژۇرنالنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىر ئايال مۇئەللىمنىڭ:

— مۇشۇ ئەيسا مۇئەللىم بەك قىزىق دېسە، شوجاڭنى دوراپ ئامال بار گەپنى يوتقانىنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارغا باغلاپ قىلىشقا تىرىشىدۇ، — دېگەن سۆزى ئاڭلاندى.

سىرت سوغۇق بولغاچقا گۈلپەرى ياتاقتا كىرىپ كەتتى.

ياتاقتىكى مەشتە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئىشىك - دېرىزىلەر ھەم ئېتىلگەن بولغاچقا ياتاق ئىچى خېلىلا ئىسسىق ئىدى. بۇ بىر ئادەتتىكىلا كېسەك ئۆي بولسىمۇ، ئىككى چېۋەر قىز تۈجۈپىلەپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ «مېھرى ئىسسىق» ياتاقا ئايلاندۇرغانىدى.

گۈلپەرى قولىدىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئايقىز بولسا پەلتوسىنىڭ تۈگمىسىنى ئۆڭشاش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— ئالدامچىلار، — دېدى ئايقىز خاپا بولۇپ، —

«داڭلىق ماركىلىق» دەپ قىممەتكە ساتقىنىنى؟ مانا، تۆگمىسى بىر ئايغىمۇ چىدىمىسا...

گۈلپەرى ئايقىزنىڭ كىيىم توغرۇلۇق ئېغىز ئاچسا توختىماي كوتۇلدايدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، ئارتۇق گەپ قىلماي كۈلۈپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى.

ئايقىز كوتۇلداپ هاردى بولغاي، بىر چاغدا ئاغزى بېسىقتى.

ــ چۈشتىن كېيىن بىر سائەت دەرس ئۆتۈپلا يەنە ئائىلە سۆھبىتىگە بارغۇدەكمىز ـ ھە؟ــ دېدى گۈلپەرى گەپنى بۇراپ.

ــ نېمە ئىشكىنتاڭ بۇ؟ــ دېدى ئايقىز جىلە بولۇپ قولىدىكى پەلتوسىنى كارىۋاتقا تاشلاپ،ــ «بالاڭ مەكتەپكە بارسۇن» دەپ كۆندە يېلىنىپ خەقنىڭ ئۆيىگە بارغان. بىز ئۇلارنى ئوقۇتساقلا بولمىدىمۇ؟ كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ؟ نېمە كارىمىز. ئاتا ـ ئانىسى بولغان ئادەم بالىسىنى مەكتەپكە ھەيدىمەي نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟

ــ بالا مەكتەپتە ئوقۇمىسا بولمايدۇ ـ دە،ــ دېدى گۈلپەرى ھارغىنلىق بىلەن،ــ لېكىن، بەزى دېھقانلار ئائىلىسىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى دەپ بالىلىرىنى تۇتۇۋالىدىكەن. ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ كاللىسىدىن ئۆتكۈزمىسەك بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دېيىشىچە، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن ئىزچىل ھەپىلىشىپ تۇرىدىغان ئىش ئىكەن.

ــ شۇ، چاتاق يېرى، «كاللىسىدىن ئۆتكۈزمەك» تەس تۇرمامدۇ،ــ دېدى ئايقىز ۋايساپ،ــ يېزىدا

مۇئەللىمچىلىك قىلىشنىڭ مۇنداق جاپاسى بارلىقىنى بىلگەن بولسام كەلمەسكەنمەن. قېنى ئاتا ـ ئانامنى بىر مۇنچە يول ماڭدۇرۇپ بۇ يەرگە كەلگىنىم، مۇشۇنداقلا بولۇۋېرىدىغان بولسا... مەن چىدىمىغۇدەكمەن.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ،— دېدى گۈلپەرى خۇددى ئايقىزدىن ئايرىلىپ قالماي دېگەندەك،— ئاراندا كەلگەندىكىن، غەيرەت قىلىپ باقايلى.

شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ،— دېدى ئايقىز قوپال ئاۋازدا.

ئىشىك ئاستا ئېچىلدى ۋە تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى:

— «كېپىنەك مۇئەللىم» بارمۇ؟

ئايقىز ھەيران بولۇپ ئىشىككە قارىدى. گۈلپەرى كۈلۈپ:

— بار،— دېدى.

شۇندا ئىشىك چوڭ ئېچىلىپ ھەسەن مۇئاللىم كىرىپ كەلدى. ھەسەن مۇئەللىم ئۆتكەن يىلى 9 ـ ئايدا رەسمىي ئىشتات بىلەن بۇ مەكتەپكە بۆلۈنگەن سەنئەت مۇئەللىمى بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 ـ يىللىقىغا مۇزىكا دەرسى بېرەتتى، سازلارنى خېلى ئوبدانلا چالاتتى. شۇڭا گۈلپەرى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ قالدى. بىكار قالغانلاردا ھەسەن مۇئەللىمنىڭ ئاككوردىيون ياكى گىتار بىلەن تەڭكەش قىلىشى بىلەن گۈلپەرى ناخشا ئېيتاتتى. كېيىن ھەسەن مۇئەللىم گۈلپەرى دەرسكە كىرىدىغان سىنىپقا كىرىپ «كېپىنەك»، «قول ياغلىق» قاتارلىق ناخشىلارغا ئاككوردىيون بىلەن مۇزىكا تەڭكەش

قىلىپ بېرىپ گۈلپەرىنىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىمۇ خوش قىلىۋەتكەنىدى.

ھەسەن مۇئەللىم گۈلپەرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بىر كونۇپېرتنى سۇندى.

— سىزنىڭ خېتىڭىز، — دېدى ھەسەن مۇئەللىم گۈلپەرىگە يېقىملىق تىكىلىپ، — پۇلمىكىن دېسەم قاتتىقلا تۇرىدۇ. قارىغاندا رەسىمدەك قىلىدۇ.

«رەسىم» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ گۈلپەرىنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى ۋە كۆز ئالدىغا ئالىمنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى كېلىپ: «مېنى سېغىنىپ رەسىمىنى ئەۋەتىپتۇ ـ دە. رەسىمگە قانداق چۈشكەندۇ؟ چوقۇم مېنى ھەيران قالدۇرىدىغان شەكىلدە چۈشتى» دېگەنلەرنى ئويلاپ يايراپ كەتتى.

— كىمنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقساق بولار، — دېدى ھەسەن مۇئەللىم بىرنەرسىگە تاقەتسىزلەنگەندەك بولۇپ.

— بۇ مەخپىي، — دېدى گۈلپەرى كونۇپېرتنى كەينىگە يوشۇرۇپ. شۇ ھامان ھەسەن مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىكى قىزغىنلىقنى پەرىشانلىق ئىگىلىدى.

— بولىدۇ، ئەمىسە مەن چىقاي، — دېدى ئۇ كەينىگە يېنىپ.

— ھەسەن مۇئەللىم، توختاڭچۇ، — دېدى ئايقىز ئالدىراپ، — بايا گۈلپەرىنى نېمە دەپ چاقىردىڭىز؟ «كېپىنەك مۇئەللىم؟» بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟

بۇ گەپ بىلەن ھەسەندە بىر ئاز جانلىنىش بولدى.

— گۈلپەرى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا «كېپىنەك» دېگەن ناخشىنى ئۆگىتىپتىكەن. بالىلار ئۇ ناخشىغا بەك ئامراق بولۇپ قاپتۇ. ھازىر بالىلارغا تەنەپپۇستا، يولدا «كېپىنەك، كېپىنەك كەلگىن جان دوستۇم» دېگەن مىسرانى ئېيتىش ئادەتكە ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇڭا بالىلار گۈلپەرى مۇئەللىمنى «كېپىنەك مۇئەللىم» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە... گۈلپەرى مۇئەللىم بەك چىرايلىق ئەمەسمۇ!

بۇ گەپلەر بىلەن ئايقىز ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ھەسەن مۇئەللىم خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

— ھەسەن مۇئەللىم سىزگە بۆلەكچىلا قارايدىغۇ؟ — دەپ سورىدى ئايقىز.

— قانداق دەيسىز؟ — دېدى گۈلپەرى كونۋېرتنى ئېلىپ.

— ئۇ سىزگە كۆيۈپ قاپتىمۇ نېمە؟ كۆزىڭىزگە تىكىلىپ قاراپ كەتتىچۇ!

— يوق گەپنى قىلماڭە، — دېدى گۈلپەرى كونۋېرتنى ئېچىشقا ئالدىراپ. گۈلپەرى كونۋېرتنى ئاۋايلاپ ئاچتى.

— باغاقكەنغۇ، — دېدى گۈلپەرى كونۋېرتتىن چىققان نەرسىگە قاراپ. ئاندىن ئۇ باغاقنىڭ قېتىنى ئاچتى ۋە، — قايسى دوستۇم توي قىلغاندۇ؟ — دېگىنىچە باغاقنىڭ خەتلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئەمما دەرھال چىرايى تاتىرىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. قولىدىكى باغاق بولسا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغان ئايقىز گۈلپەرىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى

كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە «نېمە بولدىڭىز؟» دېگىنىچە كېلىپ باغاقنى قولىغا ئېلىپ:

— توي باغىقىكەنغۇ. ئالىم، شېرىنگۇل دېگەنلەر كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى. بىراق، گۇلپەرى جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ياتاقتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

بۇرۇنلاردا مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدىكى تېلېفوننى ئىشلىتىۋېلىش ئۈچۈن سىيىت مۇدىرغا مىڭ ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلمەك پاراڭلىرىغا يالغاندىن ماسلىشىشقا مەجبۇر بولىدىغان گۇلپەرى ئىشخانىغا كىرگەن پېتى سىيىت مۇدىرغا تېلېفوننى ئىشارەت قىلىپ قويۇپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

ئالىمنىڭ يان تېلېفونى ئۇلاندى، ئەمما تېلېفوننى ئالىم ئەمەس، رابىيە ئالدى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى رابىيە گۇلپەرىنى تونۇپ. رابىيەنىڭ تەبىئىي تەلەپپۇزىدىن: «قارىغاندا باشقا ئالىم ئوخشايدۇ» دېگەننى لېپپىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن گۇلپەرىنىڭ كۆڭلى دەقىقىلىك ئەمىن تاپقاندەك بولدى.

— ماڭا بىر باغاق كەپتىكەن، — دېدى گۇلپەرى ئارانلا.

— ھە، مەن ئەۋەتكەن، — دېدى رابىيە.

— قايسى ئالىم ئۇ؟ مەن ھېچ يادىمغا ئالالمىدىم، — دېدى گۇلپەرى جۆرئەتلىنىپ.

بۇ گەپ بىلەن رابىيە بىرئاز جىمىپ كەتتى، ئەمما بۇ ۋاقىت گۇلپەرىگە بەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى.

— قاراڭ، گۇلپەرى، — دېدى رابىيە ئېغىز

ئېچىپ، ــ ئاكام ئالدىڭىزدا بەك خىجىل بولۇپ... شۇڭا باغاقنىمۇ مەن ئەۋەتكەن...

ــ ئۇنداقتا...

ــ خاپا بولماڭ، گۈلپەرى، چوڭلارنىڭ زورى بىلەن شۇنداق بولۇپ قالدى...

ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسە بەربات بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ لاسسىدە بولۇپ قالغان گۈلپەرى رابىيەنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چىقمايلا تۇرۇپكىنى ئاستا قويۇپ قويدى. ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ دومىلاشقا باشلىدى.

ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ كېتىۋاتقان گۈلپەرى كەينىگە ياندى. ئىشلاردىن بىخەۋەر مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلماقچى بولدى:

ــ بىردەمدىلا كۆزىڭىزدىن ياش چىقاردىڭىزغۇ؟ رۇخسەت سورىماقچى بولسىڭىز، باھانە تۇزىمەي ئۇدۇللا دەۋېرىڭ، ــ مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى، ــ سىزدەك گۈزەل قىزلارغا بەرمىگەن رۇخسەتنى...

ئەمما، گۈلپەرى ئۇنىڭغا جاۋابمۇ بەرمەي، بۇرۇنقىدەك قولىنى سىلىق چۈشۈرۈۋەتمەي قاتقان پېتى سىرتقا ماڭدى. ئۇنى «ھازىرلا رۇخسەت سوراشقا ئېغىز ئاچىدۇ» دەپ تۇرغان مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

گۈلپەرى ياتاقنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى يوغان ئۇجمىنىڭ كەينىگە ئۆتتى ـ دە، پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى.

ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغا ئىشەنگۈسى كەلمەي تۇرسىمۇ، يىغىدىن ئۆزىنى پەقەت باسالمىدى...

※ ※ ※

ھامۇت ھاجىم بىلەن بولغان سودا ئىشىنىڭ تەييارلىقىنى پۇتكۈزۈۋالغان ئۆمەر «ئۇھ» دەپ ئىشخانىسىدىكى خۇرۇم ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ چوتىنى سوقۇشقا باشلىدى: «بۇ سودا ۋاقتىدا پۇتسە توينى قىلىۋېلىپلا ساۋۇت بىلەن قوشئۆستەڭ جىلغىسىدا ئارامگاھ ئېچىشنىڭ تەييارلىقىنى باشلىۋەتسەك... ساۋۇتنىڭ پىلانى بەك ئېسىل پىلان بوپتۇ. بۇ ئىشنى جايىدا يۇرۇشتۇرەلىسەك بىرنەچچە يىلدىلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغىنىمىزدا گەپ يوق. بۇمۇ بەك ياخشى بولدى. ھازىر رېستوراندىن بىرنەچچىسى كۆپىيىۋىدى، سودامغا كۆرۈنەرلىك تەسىر يەتتى. ئەمدى قانداق قىلارمەن، دەپ غەم يەپ يۈرۈۋىدىم... ئىشىم يەنە ئوڭشىلىدىغان ئوخشايدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم يەنە قانداق چوڭ ئىشلارنى ئۈچرىمايدۇ دېگىلى بولسۇن. خۇدايىم، ئېيتقىنىم كەلسۇن...»

شۇ ۋاقىتتا ئىشخانىغا باش مۇلازىمەت ئورنىدىكى قىز كىردى:

— ئۆمەرجان ئاكا، ئۇستەللەر تۇگەپ كەتكەن بولسىمۇ 8 ـ مارتقا ئۇستەل زاكاز قىلىدىغانلار داۋاملىق

كېلىۋاتىدۇ، يا ئۇستىللەرنى سىغداپ ئون نەچچە ئۇستەل قىستۇرساق بولارمىكىن؟

— بۇنىڭدىغۇ بىزگە پايدا بولغۇدەك،— ئۆمەر ئويلىنىپ قېلىپ قەتئىي قارارغا كەلدى،— بولدى، يەنە بەش ئۇستەل قوشۇڭلار. بەك سىغدىلىپ كەتسە مېھمانلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىغا تەسىر يېتىدۇ.

ئۇ قىز چىقىپ تۇرۇۋىدى، ئىشخانىغا رابىيە كىرىپ كەلدى.

— ئىشلار قانداق، ئۆمەرجان؟

— ئاساسەن تۈگىدى.

— يائاللا، شۇنداقمۇ دەپ بېقىڭ. بولمىسا تويىمىزدىن ئېغىز ئاچايمۇ دېمىگۈدەكسىز.

رابىيە سۆزىنى تۈگىتىپ بىر باغاقنى ئۆمەرگە سۇندى:

— ئاكامالارنىڭ باغىقى.

ئۆمەر باغاقنى ئۇستەلگە تاشلاپ قويدى ۋە:

— يەنە ئۈچ كۈن قالدىمۇ؟ ئالدىراشلىقتا شۇنچە كۈنلەر تېزلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ،— دېدى. رابىيە بولسا قولىدىكى باغاقلارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇستەل ئۈستىدىكى بايىقى باغاقتا مەقسەتسىزلا قاراپ ئولتۇرغان ئۆمەر چۆچۈپ كەتتى ۋە باغاقنى ئىتتىك قولىغا ئالدى.

— ھوي، بۇ يەرگە «شېرىنگۈل» دەپ يېزىقلىققۇ؟

رابىيە سىرلىق كۈلدى:

— ئاكام شېرىنگۈلنى ئالىدىغان بولغاندىكىن، «شېرىنگۈل» دەپ يېزىلىدۇ ـ دە.

ئۆمەرنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى:

— گۈلپەرچۇ؟

— ئاكام ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمايدىغان بولدى.

ئۆمەرنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى:

— مەن... مەن تېخى ئالىمنى گۈلپەرى بىلەن توي قىلىدۇ دەپلا يۈرۈپتىمەن. ئەجەب... ئەجەب بۇنى ماڭا دېمىدىڭىزغۇ؟

— ۋاي، جېنىم ئۆمەرجان، ئۇ چاغلاردا سىزنىڭ ئاكامنىڭ توينى ئويلاشقا نەدە چولىڭىز.

ئۆمەر جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ئۆزىگە سۆزلىگەندەك تۆۋەن ئاۋازدا:

— مەن هازىرغىچىلا ئالىمنى گۈلپەرى بىلەن توي قىلىدۇ، دەپ يۈرۈپتىمەن، — دېدى.

— ئۇلارنىڭ ئىشى بەربىر مۇشۇ يەرگە كېلىپ بولدى، — دېدى رابىيە ئۆمەرنىڭ قولىدىن تارتىپ، — تولا بۇنىڭغا باش قاتۇرغۇچە، يۈرۈڭ، سافا كۆرۈپ كېلەيلى.

ئۆمەر مەجبۇرىي ئورنىدىن تۇردى.

ئۆي جاهازلىرى دۇكىنىدا ئۇنىڭ كۆزىگە سافا ئەمەس، بەلكى كۆزى ياشقا تولغان گۈلپەرى كۆرۈندى. ئۆمەرنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئېچىشىپ كەتتى.

※ ※ ※

ياتاقتا گۈلپەرى يالغۇز مۈڭگىغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. شەنبە ـ يەكشەنبىلىك دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدى،

شەھەرگە كەتكۈسى كېلىپ ئارانلا بولۇپ قالغان ئايقىز ئارقا ـ ئالدىغا قارىماي كېتىپ قالدى، ئەمما گۈلپەرى لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئەلەم بىلەن قېلىپ قالدى.

ئالىمنىڭ گۈلپەرىنى تاشلىۋېتىپ باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىدىغانلىقى ئېنىق بولدى. ئايقىز ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ يۈرۈپ شېرىنگۈلنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ بولدى. شېرىنگۈل ھەققىدىكى ھەربىر ئۇچۇر گۈلپەرىنى شۇنچە ئازابلاپ تۇرسىمۇ، گۈلپەرىنىڭ بۇلارنى بىلگۈسى كەلدى. ھەي، كۆڭۈل كۆڭۈلنىڭ ئەپسۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ چىداشقىلى بولسۇنمۇ؟ بەزىدە زەھەردەك ئازابنى بىلىپ تۇرۇپمۇ كۆڭۈلنىڭ خاھىشى بويىچە ئازابلىنىشنى خالاپ قالىسەن.

بۇ ئىش گۈلپەرىگە ھەقىقەتەن ئېغىر زەربە بولدى. ئالىمنىڭ جىملا توي قىلىۋېلىشى، ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپمۇ قويمىغانلىقى ئۇنىڭغا بەك ئەلەم بولدى. ئايقىز ئېنىقلاپ بولدىكى، ئالىم شېرىنگۈل بىلەن توي تەييارلىقىنى قىلىۋېتىپمۇ گۈلپەرىگە چاندۇرماي يۈرۈۋېرىپتۇ. خوشلاشقان ئاخشام ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئايرىلىش ئاخشىمى ئىكەن. «مەن نادان بۇنى چۈشەنمەي خۇدۇمنى بىلمەي ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئېتىپتىمەن. ئىست !» گۈلپەرىنى يەنە يىغا تۇتتى. شۇ ئاخشامقى شېرىن دەملەر، ئوتلۇق تىنىقلار، ئالىمنىڭ ئۇنى ھۇزۇرلاندۇرغان ئەسەبىي ھەرىكەتلىرى... يادىغا

يەتكەن گۈلپەرىنىڭ ۋۇجۇدى خورلۇقتىن لەرزىگە كەلگەندەك بولدى. «ئىپلاس، نىيىتى ئۆزىگە ئايان بولغاندىكىن نېمىشقا مۇنداق قىلىدۇ؟ پەسكەش! ھەقىقەتەن پەسكەش ئىكەنسەن!» گۈلپەرى ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. ئەمدى ئۇ نېمىگە ئايلىنىپ قالدى؟ ئۇ توختىماي ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى: «ئەقىلسىزلىك قىلىپتىمەن. يوق يەپتىمەن...» ئۇنىڭ ھايات گۈلى ئالىمنىڭ قولىدا بولغان بولسا يەنىلا قەدىرلىك بولۇۋېرەتتى. ئەمما... شۇ تاپتا ئۇنىڭ سۇنئىي گۈلدىن نېمە پەرقى؟ ھەتتا چىۋىنمۇ قىزىقىپ قونمايدۇ. گۈل ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ ئۆز تەشتىكى بىلەن قەدىرلىك ئىكەن.

مانا گۈلپەرى ئەلەملىك يېشىنى تۆكۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئالىم بولسا شىرىنگۈلنى قولتۇقلاپ زالغا كىرىپ كېتىۋاتقاندۇ؟ «شىرىنگۈل، شىرىنگۈل... ئۇ زادى قانداق قىزدۇ؟ مېنىڭدىنمۇ چىرايلىقمىدۇ؟» گۈلپەرى ئۇ قىزغا ــ شىرىنگۈل دېگەن ئىسىمغا ئۆچ بولۇپ كەتتى. بۇرۇن ئۇ تاھىر ـ زۆھرە، غېرىب ـ سەنەم، پەرھات ـ شىرىن، لەيلى ـ مەجنۇن دېگەن ئىسىملارنى پەخىر بىلەن تىلغا ئالاتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى شۇ ئىسىملارنىڭ كەينىگە قوشۇپ تاتلىق ھېسسىياتقا چۆمۈلەتتى. ئەمدى بولسا «شىرىنگۈل» دېگەن ئىسىمنى بۇ قاتاردىن چىقىرىۋەتتى.

شۇ ۋاقىتتا ئىشىك چېكىلدى. گۈلپەرى خۇشياقماسلىق بىلەن «كىرىڭ» دېدى.

— كېيىنەك مۇئەللىم بارمۇ؟

ھەسەن مۇئەللىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇ كۆزىنى سۈرتتى، ئەمما چاقچاقچاقا مەيلى يوق ئىدى. ياتاقتا كىرىپلا چاقچىقىنى باشلايدىغان ھەسەن مۇئەللىم گۈلپەرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تەييارلاپ قويغان چاقچىقىنى يىغىشتۇرۇۋالدى.

— تاماق يېدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ھەسەن مۇئەللىم.

— ياق، تاماققا كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ، — دېدى گۈلپەرى يېنىك تىنىپ.

— يا ئاچچىق - چۈچۈك تەييار چۆپتىن بىردىن چىلاپ يەۋېتەمدۇق؟ — دېدى ھەسەن مۇئەللىم، — ئاچچىق - چۈچۈك نەرسە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدۇ.

— ياق، بولدى.

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈم يەۋېرەي، ئىش بولسا چاقىرارسىز.

ھەسەن مۇئەللىم شۇنداق دەپ كەينىگە ياندى.

— ھەسەنجان، — گۈلپەرى ئۇنى چاقىردى، — گىتارىڭىزنى ئاچىقىپ لىرىك مۇزىكىلارغا چېلىپ بەرگەن بولسىڭىز.

گۈلپەرى شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى بەك قىيناپ كېتىۋاتقان بۇرۇقتۇملۇقتىن قۇتۇلماقچى بولدى.

— بولىدۇ.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ھەسەن مۇئەللىم بىر قولىدا گىتارنى، يەنە بىر قولىدا ئۇششاق - چۈششەك يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— «مۇزىكا چالىمەن» دەپ ئولتۇرغۇچە، ناخشا ئېيتالايدىغان بولغاندىكىن، ناخشىڭىزغىلا تەڭكەش قىلمايمەنمۇ؟

گازىر چېقىمۋاتقان گۇلپەرى بېشىنى لىڭشىتتى.

— قايسى ناخشىنى ئېيتىسىز؟

— زاھىر بۇرھانىنىڭ «ۋاپاسىز يار» دېگەن ناخشىسىدىن باشلايلى.

— بىسمىللاسىغىلا «ۋاپاسىزلىق»تىن باشلايمىزمۇ؟

ھەسەن مۇئەللىم گىتار تارلىرىدىن مۇڭلۇق ناۋا ياڭرىتىشقا باشلىدى.

ۋاپاسىز سەن دېمە مېنى،
ۋاپا بارمۇ بۇ ئالەمدە؟
ۋاپا ئىزدەپ جاپا چەكسەم،
ئەجرىم قالدىغۇ يەردە.

گۇلپەرىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش سىرغىدى.

كۆڭۈم شۇنداق ئۆتەر ھەر چاغ،
يۈرەك دەردلىك، كۆزۈم ياشتا.
ئەجەب بىلمەپتىمەن يارىم،
ئەقىدەڭ يوق ئىكەن باشتا.

گۇلپەرىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ نالىلىك چىقىشقا باشلىدى.

باغرى تاش ئەي ۋاپاسىز يار،
ئەجەب قىلدىڭ مېنى ۋەيران.
يۈرىكىم تولدى ھەسرەتكە،
ئەقىدەڭگە قېلىپ ھەيران.

بوغۇلۇپ قالغانلىقتىن گۈلپەرى ناخشىنىڭ داۋامىنى ئېيتالماي قالدى. ئۇنىڭ مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلگەنىدى. بۇنىڭدىن بىرنەرسىنى سەزگەن ھەسەن مۇئەللىم گىتارنى ئاستا قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— گۈلپەرى، مەن سىزگە تەييار چۆپ چىلاپ بېرەي.

گۈلپەرى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى باسالماي قالدى.

※ ※ ※

دەبدەبىلىك توي مۇراسىمى ئاخىرلىشىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىنكى مەستلەرنىڭ ئىلەشتۈرۈشلىرىمۇ بېسىلغاندىن كېيىن ئۆيدە ئالىم بىلەن شېرىنگۈل ئىككىسىلا قالدى.

ئالىم بىرئاز كەيپ ئىدى. ئۇ توي كۆڭلىكى ۋە گىرىم ئىچىدە تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان شېرىنگۈلگە قاراپ ئۆزىنى باسالماي قالدى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋالدى.

— توختاڭ، ئالىمجان، توي كۆڭلىكىمنى سېلىۋېتەي...

— چىدىيالمىدىم...
— بەك هاراق پۇراپ كېتىپسىز، ئاغزىڭىزنى چوتكىلىۋېتىپ چىقىڭ.
... ...
قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئالىمنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ئېيتە، بۇ نېمە ئىش؟
— ۋوي، ئالىمجان، سىزگە نېمە بولدى؟
— ئېيتە، سەن... سەن...
— ئالىمجان، بۇنداق ۋارقىرىماڭ، سەت بولىدۇ...
— سەت بولىدۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يەنە نېمە سەت ئىش بولسۇن!
— ئالىمجان، بۇنداق نامەردلىك قىلماڭ.
— نامەردلىك؟ مېنى ئەيىبلەۋاتامسەن تېخى. ئېيتە، سەن نەدە يۈرۈپ...
— ئالىمجان، بۇنى بىلگىنىڭىز بىلەنمۇ سىزگە نېمە پايدىسى؟
— هوي، يۈزۈڭ چىملداپمۇ قويمايدىغۇ سېنىڭ...
— بولدى قىلىڭ. مەن بۇرۇنلا سىزگە گەپنى ئوچۇق ئېيتقان. تونۇشۇشتىن بۇرۇنقى ئىشلارغا سالاۋات دەپ. شۇ چاغدا مەنمۇ سىزنىڭ ئىشىڭىزنى، سىزمۇ مېنىڭ ئىشىمنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان بولغان. ئەمدى توي كېچىسى نېمە بۇلارنى تەرگەپ يۈرىسىز؟
— مەن... مەن... سېنىڭ بۇنداقلىقىڭنى نەدىن بىلەي.

— سەت گەپ قىلماڭ.
— نېمىشقا بۇنى ئۇچۇق دېمەيسەن. ئېيتە، ئۇ كىم؟
— شېنجېنغا كەتكەن يىگىتىم. مەن سىزگە ئۇنىڭ بىلەن يۈرگەنلىكىمنى ئېيتقان. شۇ ۋاقىتتا بولغان...
— قاچان؟
— ئىككى يىل بولۇپ قالدى.
— سەن... سەن ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن... مەن سېنى...
— ئالىمجان، قولىڭىزنى كۆتۈرمەڭ. ناۋادا تاك ئېتىپ چېكىپ قويىدىغان بولسىڭىز هازىرلا چىقىپ كېتىمەن. قولىڭىزنى تارتىڭ. مەن سىزنىڭ ئىشىڭىزنى سۈرۈشتۈردىمۇ؟ سىز قايسى قىز بىلەن شۇ ئىشنى قىلمىدىڭىز؟ بۇنى مېنى بىلمەيدۇ دېمەڭ. مەن باشتىلا سۈرۈشتۈرۈشمەيمىز دېيىشكەچكە ئۇ ئىشلىرىڭىزنى بىرەر قېتىم يۈزىڭىزگە سېلىپ باقمىدىم.
— ئەستا، يۇمشاقباش بولدۇمۇ ئەمدى...
— مەن بىلەن بىللە يېتىشنى كۆڭلىڭىز كۆتۈرمىسە نېرىقى ئۆيدە يېتىڭ. قالغان گەپنى ئەتە دېيىشەيلى. «بولدى قىلايلى» دېسىڭىز ئاستا ياتىقىمغا كېتىمەن. «ياق، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، بىللە ئۆتەيلى دېسىڭىز» بىر ئۆمۈر سىزگە سادىق بولۇپ ئۆتىمەن. بۇ مۇشۇنچىلىكلا بىر ئىش.
ئالىم مۇشتىنى تۈرگىنىچە تۇرۇپ قالدى.
— ئالىمجان، بېشىمدا مۇنداق دېۋەيلەپ تۇرغۇچە

كېلىڭ، يېنىمدا يېتىڭ ياكى نېرىقى ئۆيگە چىقىڭ، مەن ئۇيقۇمنى ئۇخلايمەن.

نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان ئالىم بايا ئاغىنىلىرىدىن ئېشىپ قالغان يېرىم بوتۇلكا ئاق هاراقنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى ۋە ئىچ - ئىچىدىن غۇژۇلداپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى بېشى ئېغىر قوپقان ئالىم سىرتقا چىقىدىغاندەك كىيىنىپ ئولتۇرغان شېرىنگۈلگە هەيران بولۇپ قارىدى. ئارقىدىن ئاخشامقى ئىشنى يادىغا ئېلىپ چىرايى تۇگۈلدى.

شېرىنگۈل بېرىپ بايا تەييارلاپ قويغان هەسەل سۇيىنى ئەكېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى، ئەمما ئالىم ئالىيىپ قويۇپ ئالماي تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن شېرىنگۈل چىنىنى بىر چەتكە قويۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئالىمجان، مەن ئاخشام ئوچۇق ئېيتتىم، — دېدى شېرىنگۈل جىددىي تەلەپپۇزدا، — گەپ شۇ، «بولدى قىلايلى» دېسىڭىز هازىر جىممىدە ياتىقىمغا كېتىمەن، سىز بىلەن دەتالاش قىلغۇمۇ يوق. «ياق، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، كونا خامانىنى سورىمايلى دېسىڭىز»، سىزگە ۋەدە بېرەي: بىر ئۆمۈر سىزگە سادىق بولۇپ ئۆتىمەن.

شېرىنگۈل خېلىغىچە ساقلاپ باققان بولسىمۇ ئالىمدىن زۇۋان چىقمىدى.

— ئۇنداق بولسا مەن كەتتىم. بىرلىككە كېلىۋالايلى، چوڭلارغا «مىجەزىمىز كېلىشەلمىگۇدەك» دەپ قويايلى. بىر مەزگىل ياخشى ئۆتكىنىمىزنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن

يېغىرىمىزنى ئاچىدىغان ئىشنى قىلىشمايلى.

شېرىنگۈل كىچىك سومكىسى بىلەن چامادانىنى سۆرەپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. شېرىنگۈل ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتقاندا ئالىمنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ بولدى، كەتمەڭ...

※ ※ ※

ھاياتتا ھەممىدىن غالىب كېلىدىغان نەرسە ۋاقىت. ۋاقىت ھەممىنى بەرپا قىلالايدۇ، شۇنداقلا ھەممىنى بەربات قىلالايدۇ؛ ھەممىنى ئېسىڭگە سالىدۇ، شۇنداقلا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرالايدۇ. دەرۋەقە، گۈلپەرىمۇ شۇنداق بولدى. دەسلەپتە ئالىمدىن ئايرىلىش ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىلىندى. شۇنىڭ بىلەنلا ھەممە ئىشى تۈگەشكەندەك ئۈمىدسىزلىككە پاتتى. دەرسكە زورغا كىرەتتى، دەرسخانىدا زورغا كۆلۈمسىرەيتتى. ناخشىنى زورغا ئېيتاتتى، بالىلارغا ناخشىنى زورغا ئۆگىتەتتى. تۈزۈك تاماقمۇ يېگۈسى كەلمەيتتى. بىر بۇردا نان بىلەن، بىر چوكا لەڭمەن بىلەن تەڭ ئالىمنىڭ سىماسى بەزىدە يېقىملىق، بەزىدە يىرگىنچلىك ھالدا كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئىشتىھاسىنى بۇزاتتى... شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئالىم بولمىسا ياشىيالمايدىغاندەكلا تۇيغۇغا كېلىپ قالغاندى. ئەگەر ئاپىسى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چاقىرغۇ قىلىپ:

«قىزىم، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ» دەپ جېكىلەپ تۇرمايدىغان بولسا ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۈچ «ئاجىزە» قەيسەرلىك بىلەن ياشاۋاتقان بىر ئائىلىنى ئېسىگە سالمايدىغان بولسا گۈلپەرى قانداق بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالاركىنتاڭ؟!

بۇ يەردىكى ئوقۇتۇشتىن باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنىڭ جىقلىقىدىن جاق تويغان ئايقىز: «نېمىلا بولسا بولمامدۇ» دەپ بېشىنى تىقىپ يۈرۈۋېرىدىغان، مەكتەپ مۇدىرلىرى، يەرلىك ئوقۇتقۇچىلار باشلىغان سورۇنلارغا تارتىشمايلا بېرىپ، ئويۇن ـ تاماشىدىن بېرى كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. شۇڭا ئۇنىڭ گۈلپەرىنىڭ بۇ خىل خىزمەت پوزىتسىيەسىگە دىققەت قىلىدىغان ھەپىلىسى يوق.

پەقەت ھەسەن مۇئەللىملا ئۇنىڭ بۇ ناچار روھىي ھالىتىگە ئىنتايىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

ـــ گۈلپەرى مۇئەللىم، يا ئارام ئېلىڭ، يا بولمىسا كەيپىياتىڭىزنى تەڭشىۋېلىڭ. بۇنداق ھالدا دەرس ئۆتسىڭىز ئۆزىڭىزگىمۇ، ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ياخشى ئەمەس، ـــ دەپ ئاگاھ بېرىپ تۇردى ھەسەن مۇئەللىم.

ئارىدىن يىگىرمە كۈندەك ئۆتۈپ، ۋاقىت گۈلپەرىنى ئازابلىق تۇيغۇلار ئىچىدىن، ساماۋى خىياللار قوينىدىن رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى: ئۇنىڭغا ئۆزى ئۈچۈن، باشقىلار ئۈچۈن ياشىمىسا بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسىگە كۆنۈش كېرەكلىكىنى، ياشاش يولىنى ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

شۇنىڭ بىلەن گۈلپەرى ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. شۇندا ئۇ ئۆزىگە ھەيرانلا قالدى: «تۇۋا، ئادەم يەنە ياشاۋېرىدىكەنغۇ! نېمىشقا نەچچە ۋاقىتتىن ئالىم بولمىسا ياشىيالمايدىغاندەك تۇيغۇدا يۈرگەندىمەن؟ بىرىدىن ئايرىلغاندا ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغاندەك خىيالغا بەند بولۇش بەك خەتەرلىك تۇيغۇ ئىكەن... ھەي، قىزلار ئۇچۇن ئۇ ئىش بەك ئېغىر خاتالىق ئىكەن. ھەي، ئىسىت! بۇ خاتالىقىمنى ئەمدى قاچانمۇ يۇيۇپ بولارمەن؟ قانداقمۇ يۇيۇپ بولارمەن؟» گۈلپەرى سەل بىكار بولۇپ قالسىلا ئاشۇنداق خىياللار ئىسكەنجىسىدە قېلىپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ بەك ئازابلىنىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ بىكار تۇرۇشنى خالىماي، ئۆزىنى بىرەر ئىش بىلەن مەلىكە بولۇشقا مەجبۇرلايتتى.

مانا يىغىندىن كېيىن ئىشخانىدا بىردەم يالغۇز ئولتۇرۇپ قېلىۋىدى، ئۇ خىيال يەنە شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. شۇڭا ئۇ بېشى ئاغرىپ بولالماي، مەيداندا ۋاسكېتبول ئويناۋاتقان باللارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ دىققىتىنى چاچماقچى بولدى.

— گۈلپەرى مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسى قايسى شۇ؟

ئىشخانىدىن چىققان گۈلپەرى بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ جايىدا تۇرۇپلا قالدى.

ئۇ ئۆمەر ئىدى. ئۆمەر قىزغىن، گۈلپەرى سولغۇن سالاملاشتى. ئۇلار ياتاقتا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن گۈلپەرى ئايقىزنىڭ ئاغزىدىن ئەنسىرەپ ئۆمەرگە سىرتنى ئايلىنىپ كېلىشنى ئېيتتى. ئۇلار سىرتقا

چىقتى. 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولغاچقا ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغانىدى.

— تاغ باغرىنى ئايلىنىپ كېلەيلى. ئۇ يەردە بىر كەنت بار. قەدىمىي ئۆيلەر ھازىرغىچە پۇختا ساقلانغان، — گۇلپەرى شۇنداق دەپ كۆزگە روشەن چېلىقىپ تۇرغان تاغنى كۆرسەتتى.

ئۇلار ئاستا مېڭىپ كەتتى.

— بەك جاپالىق شارائىتتا ئىشلەيدىكەنسىلەر، — دېدى ئۆمەر گۇلپەرىگە كۆيۈنۈپ، — بۇ يەرگە قانداقمۇ كۆنگەنسىز؟

— مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، ئوقۇپ كېلىپ، يەنە مۇشۇ يەردە بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ ئىكەن. شۇلار جېنىنى تىكىپ ئىشلەۋاتقان يەردە بىز ئالدىراپ قاقشىساق قانداق بولىدۇ؟

— دېگىنىڭىزغۇ راست، — دېدى ئۆمەر، — بۇ يەردىكى بالىلارنى تەربىيەلەشكە ھەسسە قوشۇپ ياخشى قىلىۋاتىسىلەر.

ئۇلار يېڭىلا كۆكىرىشكە باشلىغان دەرەخلىك يول بىلەن مېڭىپ ئىككى تاغ ئارىسىدىكى ئېقىنغا ياسالغان شارقىراتما ئالدىغا كېلىشتى. ھازىر ھاۋا ئىللىپ قالغان بولغاچقا ئېقىندىكى سۇ ئۇلغايغان. بۇنىڭ بىلەن بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى شارقىراتمىدىن لاي سۇ شارقىراپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇلار سۇنىڭ شارقىراتمىدىن چۈشۈشىنى بىردەم تاماشا قىلغاندىن كېيىن ئۆمەر ئۆزىگە مەدەت بەردى:

— گۈلپەرى...
— ئۆمەرجان،— دەپ ئۇنىڭ بىرىنچى ئېغىز گېپىنىلا بۆلدى گۈلپەرى ئالدىراپ،— ئەگەر مېنىڭ بەختسىزلىكىم توغرۇلۇق سۆزلىمەكچى بولسىڭىز، بولدى، ئېغىز ئاچمايلا قويۇڭ.
— ياق، مەن ئۇ توغرۇلۇق سۆزلىمەكچى ئەمەس، سۆزلىگۈممۇ يوق،— دېدى ئۆمەر ئەستايىدىللىق بىلەن،— مەن ئۆزۈم توغرۇلۇق سۆزلىمەكچى.
گۈلپەرى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.
— گۈلپەرى، مەن گەپنى ئۇدۇللا دەي، مەن سىزنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىمەن.
— ئۆمەرجان، ئەڭ ياخشىسى بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، ھازىر بۇ گەپنى دېيىشىدىغان ۋاقىتتىن ئۆتتى.
— ياق، دەل ۋاقتى. گۈلپەرى، ماڭا تېگىڭ!
بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈلپەرى چۆچۈپ كەتتى ۋە ئىتتىك بۇرۇلۇپ ئۆمەرگە تىكىلدى.
— مەن مەخسۇس مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم، راست دەۋاتىمەن، مەن سىزنى ئالىمەن!
نېمىشقىدۇر گۈلپەرىنىڭ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى.
— بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، ئۆمەرجان!
— سىز بىلىسىز، مەن بۇرۇنمۇ سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن، سىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا... «لەززەت تورتخانىسى»دا سىزنى ياخشى كۆرۈپ

قالغانلىقىمنى بىلگەنىدىم. پەقەت بىر قەدەم كېچىكىپ قېلىپ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتقانىدىم، ئەمدى سىزگە ھۇجۇم قىلسام ھېچكىمنىڭ ئالدىدا تىلىم تۇتۇق بولمايدۇ. گېپىمگە ئىشىنىڭ، گۇلپەرى.

گۇلپەرى بېشىنى چايقىدى:

— ئۆمەرجان، يەنىلا رابىيە بىلەن بەختلىك ئائىلىڭىزنى قۇرۇڭ. مېنى دوستىڭىز قاتارىدىلا كۆرۈڭ، رابىيەنى قەدىرلەڭ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماڭ. ھەممە ئادەمنىڭ بەختتىن نېسىۋىسى بار.

— شۇنداق، لېكىن مېنىڭ بەختىم سىز بىلەن تۇرسا. ئەگەر مەن رابىيە بىلەن توي قىلسام ئۇ ئۆزىنىڭ نەزىرىدە بەختلىك بولغان بىلەن، مېنىڭ نەزەرىمدە مەن ئۇنى بەختسىز قىلىپ قويىمەن... گۇلپەرى، ھازىر بۇ گەپلەرنى قويۇڭ، شۇنىڭغىلا جاۋاب بېرىڭ، ماڭا تېگەمسىز؟

— ياق، تېگەلمەيمەن.

— نېمىشقا؟

ئۆمەر تاقەتسىزلىك ئىچىدە جايىدا تۇرالمايتتى. ئەمما، گۇلپەرى قانداقمۇ ئۇنىڭغا: «رابىيە سىزنى ياخشى كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ھەتتا شۇ تاپتا مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان تەقدىردىمۇ مەن سىزگە تېگەلمەيمەن. ھازىر مەن سىز ئويلىغاندەك قىز ئەمەس» دېيەلىسۇن!

— ئۆمەرجان، بۇ گەپنى تەرگەشمەيلى، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا بولغان ياخشى.

— گۇلپەرى...

— بولدى، ئۆمەرجان، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايلى. قاراڭ، ئاۋۇ كىشىلەر قارىشىۋاتىدۇ.

دەرۋەقە، تاغ قاپتىلىدا بىر توپ كىشى بىرنەرسە قىلىشىۋاتاتتى. بايا ئۇلار شارقىراتمىغا ماڭغاندا گۈلپەرىلەرنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئۇ كىشىلەر تاغ قاپتىلىغا بۇرۇلغانىدى.

— قايتايلى، ئۆمەرجان. سىزمۇ مەكتەپكە بارماي ئۇدۇللا شەھەرگە قايتىڭ. مېنى بۇ يەردە بولسىمۇ تىنچ ياشىغىلى قويۇڭ. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەمدى مېنى ئىزدىمەڭ.

گۈلپەرىنىڭ قەتئىيلىكىدىن ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىگەن ئۆمەر گۈلپەرىنىڭ قېشىدا بېشىنى سالغان ھالەتتە مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇلار ھېلىقى كىشىلەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە گىرىم قىلىۋاتقان مۇيەسسەر قولىدىكى ئەينەك بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى ۋە ئۆمەرلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر چەتكە ئۆتۈپ يان تېلېفونىنى چىقاردى.

— ۋەي، رابىيەمۇ؟ مەن قۇتيار يېزىسىدا ئىشلىنىۋاتقان كىنودا رول ئېلىۋاتقان ئىدىم.

— ياخشى بوپتۇ.

— ياخشى بولمىغان يېرى ئۆمەرجان بۇ قاقاس تاغدا ياۋا توشقان ئوۋلاپ يۈرىدۇ.

— چاقچاق قىلما.

— ئىشەنمىسەڭ بوپتۇ. يېنىدىكىسى ھېلىقى ناخشىچى

گۈلپەرى ئېكەن. ئىككىسى بۇ يەردىكى بىر شارقىراتمىنىڭ يېنىدا خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىپ تۇردىغۇ.

— ھە...

— رابىيە، كېيىن ئۆمەرجاننىڭ ئالدىدا مېنى يامان قىلما جۇمۇ.

※ ※ ※

بىر تەخسە پولۇ كۆتۈرۈپ چىققان شېرىنگۈل ئالىمغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، ئالىم خىيالغا پاتقانچە ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى.

— ئالىمجان،— ئاستا چاقىردى شېرىنگۈل. ئالىم چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە مەجبۇر بولدى.

— تاماق يەۋېلىڭ.

ئالىم بىر قوشۇق پولۇنى ئاغزىغا سېلىپ:

— پولۇنى بەك تەملىك قىلىپسىز جۇمۇڭ،— دەپ ماختاپ كەتتى. ئۇنىڭ ماختىشىدىن شادلانغان شېرىنگۈل ئاشخانا ئۆيگە ماڭدى.

ئالىم لېۋىنى چىشلىدى، شېرىنگۈل بولسا ھېچقانداق خورلۇققا، ھاقارەتكە ئۇچرىمىغاندەك «ئالىمجان» دېسە «ئالىمجان» دەپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈۋەردى. ئەمما، ئالىمنىڭ ئۆزىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشىغا، قاپىقىنى تۈرۈپ قارىشىغا قەتئىي يول قويمىدى، ئۇنى قانداق ھۆرمەتلەۋاتقان بولسا، ئۆزىنىمۇ

شۇنداق ھۆرمەتلەشكە كۆندۈردى. ئالىمۇ شىرىنگۈلنىڭ مۇئامىلە سەنئىتى ۋە ماھارىتى ئالدىدا تەسلىم بولدى. ئاخىر ئالىم «ئەجەبمۇ مېھرى ئىسسىق خوتۇنكەن» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ھازىر كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن «ئائىلىسى ئائىلىسىگە، ئۆزى ئۆزىگە جۈپ كەلگەنلەر» دەپ تامىقىنى چېكىلدىتىشىدۇ. بىراق، «تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ» دېگىنى شۇ ـ دە.

ئالىم پۇلۇنى ئىشتىھا بىلەن يېدى. تاماقتىن كېيىن شىرىنگۈل ئالما ئاقلاۋېتىپ ئاستا سورىدى:

ــ ئالىمجان، سىزگە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

ــ ياق.

شىرىنگۈل ئالمىنى ئۇنىڭغا سۇندى:

ــ بايا قارىسام خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىز؟

ئالىم ئالمىنى بىر چىشلەپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ:

ــ ھېرىپ قالغان ئوخشايمەن،ــ دېدى. ئۇلار ئالما يېگەچ تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى. لېكىن، ئالىمنىڭ كۆزى تېلېۋىزوردا بولغان بىلەن ئۆز خىيالىغا بەند ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ غەمگە پېتىپ يۈرەتتى. چۈنكى، بانكىدىكى پۇلى ئازلاپ نەچچە مىڭ يۈەنلا قالغانىدى. شۇڭا بالدۇرراق پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ تۇرمىسا كېيىن ئىش چاتاق. ئاتا ـ ئانىسى شۇنچە چىقىم بىلەن ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويىدى. ئۇلاردىن ھازىرچە پۇل سوراش بىئەپ.

ئالىم ئاستا شىرىنگۇلگە قارىدى. ۋەسۋەسە، موھتاجلىق ئۇنىڭ تىلىنى قىمىرلاتتى.

— شىرىنگۇل، راستىنى ئېيتسام، بىر ئىشقا بېشىم قېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— شۇ، بايا مەن بىلگەنىدىم، نېمە ئىش بولدى، ئالىمجان؟

— ھەي، ھاراقنىڭ كاساپىتى بولمامدۇ. ئۆتكەندە ئاغىنىلەر بىلەن ئانچە - مۇنچە ئىچىپ ئولتۇرغانىدۇق، بىر چاغدا ئۇلار پۇل تىكىپ كورت ئوينايمىز دېدى. نېمە ئىش بولدىكىن، يېقىندىن بۇيان ئاغىنىلەر ئارىسىدا ئاشۇنداق قىمار ئويناش ئەۋج ئېلىپ قالدى. مېنىڭ ئۇنداق ئىشلار بىلەن خۇشۇم بولمىغاچقا ھارىقىمنى ئىچىپ ئولتۇرۇۋەردىم. بىر چاغدا ئۇلار: «يانچۇقىدىكى پۇل كەملەپ كەتسە، خوتۇنىغا جاۋاب بېرەلمەسلىكتىن قورقىدۇ» دېگەندەك زىتىمغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قىمار سورۇنىغا باشلاپ كىردى. «بوپتۇلا، ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىر - ئىككى قول ئويناپ قوياي» دەپ ئويلىغانىدىم، كەيپىلىكمۇ ياكى ئۇلار ھىيلە ئىشلەتتىمۇ، بىردەمدىلا يانچۇقۇمدىكى ئىككى يۈز كويدەك پۇلنى ئۇتتۇۋالغاندىن سىرت يەتتە مىڭ نەچچە يۈز كوي قەرز قىلىپ قويدى... كۆردىڭىزمۇ، قىلىپ قويغان ئىشىمنى... ھەي...

شىرىنگۇل كۈلۈپ كەتتى:

— شۇنچىلىك پۇلغىمۇ بۇنچىۋالا غەمگە پېتىپ كەتكەن بارمۇ؟ بىرنۆەتسىڭىزلا تۆگىمىدىمۇ؟

— بىرنۋېتەي دېگەن شۇ... ئۆيدىكىلەرگە ئېغىز ئېچىشتىن خىجىل بولدۇم.

— ئالىمجان، مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز جۇمۇك. بۇنداق ئىشلاردا تىلىڭىزنى چاپناپ ئولتۇرماي گاچ ـ گاچ گەپ قىلىڭ. مەڭ، بۇ كارتامدا يىگىرمە مىڭ كويدەك پۇل بار، ئېلىپ بىرنۋېتىڭ. ئۇنتۇپ قالماڭ، سىز كىمنىڭ بالىسى، كىمنىڭ كۈيئو ئوغلى؟ ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىلىڭىز تۇتۇلۇپ قالسا بولمايدۇ.

— ئەستا، بۇ...

ئالىم كارتىنى تەسلىكتە ئالدى.

— ئالىمجان، نېمىگە خىجىل بولىسىز؟ ئارىمىزدا تىل قىسىلىش، تارتىنىش بولسا بولمايدۇ جۇمۇك. روھىڭىزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈڭ، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىسىڭىزلا بولدى.

— بولىدۇ، مەن بىرىپ كېلەي ئەمىسە.

غەمدىن قۇتۇلغان ئالىم ئىشىككە ماڭدى.

— ئالىمجان، بالدۇرراق قايتىپ كەلسىڭىز، توخۇ قوردىقى يەپ كېلەيلى.

— بولىدۇ. ھە، راست، شېرىنگۈل، نەچچە كۈندىن بېنىمدىمۇ تۈزۈك پۇل قالماپتۇ. ئالغاندىكىن، بىر تۈمەن كويلا ئالاي. قالغىنىنى بېنىمغا سېلىۋالاي.

— ئىختىيارىڭىز.

※ ※ ※

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ 4 ـ ئاي كىرىشى

بىلەن قۇتيار يېزىسى بۆلەكچە تۇس ئېلىپ، دەل ـ دەرەخلەر يېشىللىققا پۈركەندى، قىشچە قەبرىدەك كۆرۈنۈپ، يېقىمسىز مەنزىرە پەيدا قىلغان تەك شۆھلىرى توپا ئاستىدىن ئازاد بولۇپ، يۇمران، ئۇماق نوتىلىرىنى چىقىرىپ، ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى.

تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ ۋايىغا يېتىشكە ئەگىشىپ گۈلپەرىنىڭ قەلبىدىكى ئازاب تۇمانلىرى تارقىلىشقا، دەرد ـ ھەسرەت مۇزلىرى ئېرىشكە باشلىدى. ساپ قەلب ئىگىلىرىلا ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، قىممەتلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. مانا، گۈلپەرىمۇ ھاياتنىڭ يەنە بۇرۇنقىدەكلا تاتلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئىنسانلاردىكى مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش يەنىلا ھاياتنىڭ قىممىتىنى تاۋلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

مېھرىبانلىققا تولغان ياتاقتا، يېشىللىقتىن لىباس كىيگەن دەرەخ ئاستىدا، سۈزۈك سۈيى بىلەن تەبىئەتنىكى جىمى شەيئىگە سۆيگۈ بەخش ئېتىۋاتقان، ئەستىلىككە تولغان كىچىك ئېقىن بويىدا گىتار تارلىرى قەلب سىرلىرىنى پىچىرلايتتى، ئاككوردىيون توپچىلىرى لاۋۇلداۋاتقان بىر يۈرەكنى ئايان قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭغا جور بولۇپ، ياشلىق ھېسلىرى كۈيلەنگەن، ئىنسانىي پەزىلەتلەر مەدھىيەلەنگەن، ۋاپا، ئەقىدە تەكىتلەنگەن، باللارچە تۇيغۇلارغا مەپتۇن بولغان ناخشا ياڭرايتتى.

گىتارنى مەقسەتسىز تىرىڭلىتىپ خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان ھەسەن مۇئەللىمنىڭ خىيالى ئايلىنىپ

كېلىپ يەنە گۈلپەرىگە ئۈلىنىپ قالدى. «گۈلپەرى نېمانچە يېقىملىقتۇ؟ ئوماق چىرايى، يېقىملىق تۇرقى بىلەن قانچىلىغان يىگىتلەرنى كۆيدۈرگەندۇ ـ ھە؟ مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆيۈۋاتقىنىم راستىمدۇ؟ ئادەتتە ناخشىغا تەڭ تولغىنىشىمنى بىلەن، كۆڭۈل گەپلىرىگە كەلگەندە جۈرئەتسىزلىنىپ كېتىشىم شۇ سەۋەبتىنمىدۇ؟ ۋاقىت كېتىۋاتىدۇ. پەيتىنى تېپىپ ئۇنى چېكىپ باقاي...»

شۇ ۋاقىتتا ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ!

ئىشىكتە گۈلپەرى يېقىملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە پەيدا بولدى. ئۇنى كۆرگەن ھەسەننىڭ دىلى سۆيۈنۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ۋە ئالدىرىغىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. بۇنى كۆرگەن گۈلپەرى كۈلۈپ كەتتى:

— ھەسەنجان، بولدى، ئاۋارە بولماڭ. بايا بىر شېئىرنى ئوقۇغان ئىدىم. شۇنى سىزگە كۆرسىتىپ باققىلى كىرىشىم.

— نېمە شېئىر ئىكەن؟

گۈلپەرى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ شېئىرنى كۆرسەتتى:

— ئىنتىزارى تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ «بۇ ھاياتلىقتا يىغلىغۇدەك ھېچ ئىش يوق» دېگەن شېئىرى ئىكەن.

— ئەكېلىڭە، ئوقۇپ باقاي.

— بولدى، ئۆزۈم ئوقۇپ بېرەي:

بۇ ھاياتتا يىغلىغۇدەك ھېچ ئىش يوق،
مېيىقىڭدا كۈلۈپ قويساڭ كۇپايە.
مۇھەببەتنىڭ راست ـ يالغىنى ئاشكارا،
ياشاپ ئۆتكىن پەزىلەتلىك، سىپايە.

بىركىملەرمۇ بولۇپ قالار شۇندا خۇش،
ھەسرىتىڭنى جىمجىت يېتى سۆزلىمەي.
كۆز يېشىڭنى تونۇمىغان ئادەمگە
باش چايقىغىن، چۈشىنىشنى كۆزلىمەي.

سەن قەلبىڭگە، قەلبىڭ ساڭا يىغلىسۇن،
بۇ ھاياتتا يىغلىغۇدەك ھېچ ئىش يوق.
زارلانساڭمۇ مۇھەببەتتىن دادلىما،
قاراپ باققىن: بەزى قەلب قۇپقۇرۇق.

— بەك ياخشى شېئىر ئىكەن،— دېدى ھەسەن مۇئەللىم.

— ھەسەنجان، مۇشۇ شېئىرنى بىرەر ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىپ باقساق قانداق، دەپ ئويلىغۇدىم.

— بۇ شېئىرنىما؟— ھەسەن مۇئەللىم ئويلىنىپ قالدى.

— نېمە، سىزگە يارىمىدىمۇ؟

— ياراشنى ياردى. ناھايىتى چوڭقۇر مەزمۇن

ئۆزگىچە ئىپادىلىنىپتۇ. لېكىن شۇ... مىسرالىرى بىر ئاز ئېغىر ئىكەن. راۋان ئەمەس.

— بىرەر ئاھاڭغا چۈشۈپ قالار، ھەسەنجان؟

— بەك كۈچەپ كەتتىڭىزغۇ؟ بۇ شېئىردا بىرەر دەردىڭىزنى ئىپادىلەپ قويغان يەرلەر بارمىكەن؟ — سورىدى ھەسەن مۇئەللىم جۇرئەتلىنىپ. ئۇ خېلى ۋاقىتتىن بۇيان گۈلپەرىنى «مۇھەببەتتىن كۆڭلى ئازار يېگەن» دەپ گۇمانلىنىپ يۈرەتتى.

— دەرد - پەردنى قويۇڭ، — دېدى گۈلپەرى كۈلۈپ، — مانا سىز بىلەن كۈلۈپ - يايراپ يۈرسەم ماڭا دەرد نېمە ئىش قىلسۇن.

ئەمما، گۈلپەرى ئاغزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن، يۈرىكى ئېغىپ تۇراتتى. دەرۋەقە، ھەسەن مۇئەللىم توغرا ئېيتقانىدى. بۇ شېئىردا ئۇنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتى تولىمۇ جايىدا تەسۋىرلەنگەنىدى.

— سىزنىڭ خۇشال - خۇرام يۈرۈشىڭىزنى تىلەيمەن.

— رەھمەت، ئۇنداق بولسا بۇ شېئىر شېئىر پېتى قالسا بولغۇدەك.

— ھوي، ئەمدى يادىمغا كېلىۋاتىدۇ. بۇ شائىرنىڭ بىر نەسرىنى بەك ياقتۇرۇپ قېلىپ ساقلاپ قويغانىدىم، شۇنداق تەسىرلىك. سىز شۇ نەسرىنىمۇ كۆرۈپ بېقىڭ.

ھەسەن مۇئەللىم شۇنداق دەپ بىر ژۇرنالنى ئەكېلىپ بەلگە سېلىپ قويغان بەتنى ئېچىپ گۈلپەرىگە بەردى. گۈلپەرى «ئەتىرگۈلگە خۇشتار قىز» دېگەن نەسرنى ئوقۇشقا باشلىدى. نەسرنى ئوقۇغانچە گۈلپەرىنىڭ

كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كۆزى نەملەشكىلى تۇردى. شۇڭا ئۇ نەسرنى ئوقۇپ بولغاندا:

— راست، تەسىرلىك يېزىلغان نەسر ئىكەن،— دېيەلىدى ئارانلا.

— ھەربىر جۈملىسى شېئىردەكلا ئىكەن. ئوقۇغان ئادەمنى ئىچىگە ئەكىرىپلا كېتىدىكەن. مەن ھەر قېتىم ئوقۇسام ھاياجانلىنىپ كېتىمەن. بەزى يەرلىرى ئادەمنىڭ يىغلىغىسىنى كەلتۈرۈۋېتىدىكەن،— دېدى ھەسەن مۇئەللىم قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ.

— قايناق ھېسسىيات بىلەن يېزىلىپتۇ،— دېدى گۈلپەرى چوڭقۇر تىنىپ،— مەن خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋالسام بولغۇدەك.

— مەن ئېيتىپ بېرەي، سىز يېزىڭ.

— ماقۇل، يۈرۈڭ ياتاققا چىقايلى.

ئۇلار نەسر توغرۇلۇق پاراڭلاشقانچە ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھەسەن مۇئەللىمنىڭ كەينىدىن ياتاققا كىرگەن گۈلپەرى داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

ياتاقتا رابىيە ئولتۇراتتى. ئۇلار سالاملاشتى. كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيغان گۈلپەرى ھەسەن مۇئەللىمگە:

— ھەسەنجان، بۇياق سەنئەت ئۆمەكتە ئىشلەيدىغان رابىيە بولىدۇ،— دېدى جىددىي تىكىلىپ. مەقسەتنى چۈشەنگەن ھەسەن مۇئەللىم كەينىگە ياندى:

— سىلەر پاراڭلاشقاچ تۇرۇڭلار، مەن سەل تۇرۇپ كىرەي.

— رابىيە، ئەجەب ئوبدان كېلىپ قاپسىز،— دېدى گۈلپەرى چاي قۇيۇپ.

— گۈلپەرى، مەن دەرھال قايتمىسام بولمايدۇ، — دېدى رابىيە جىددىي تەلەپپۇزدا، — شۇڭا گەپنى ئەگىتمەي ئولتۇرماي. سىز ئۆمەرجان بىلەن بولغان ئىشىمنى بۇزمىسىڭىز بولاتتى.

گۈلپەرى ھامىنى مۇشۇنداق گەپنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان پەرەز قىلىپ بولغاچقا، بۇ گەپكە ھەيران قالمىدى.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئوچۇق دەي، مەن سىزنىڭ ئۆمەرجان بىلەن بولغان ئىشىڭىزنى بۇزىدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم.

— ئەمىسە ئۆمەرجان بۇ يەرگە كېلىپتىغۇ؟

— كەلدى.

— سىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسىڭىز بولاتتى.

— شۇنچە يەردىن بۇ يەرگە كەلسە كۆرۈشمىسەم قانداق بولىدۇ؟ لېكىن خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزغا مۇخالىپ كېلىدىغان بىرەر ئىش، گەپ - سۆزنىڭ بولغىنى يوق.

— ئۇنداقتا ئۆمەرجان بۇ يەرگە نېمە ئىش قىلغىلى كەپتۇ؟

— رابىيە، سىز ئەقىللىق قىز. بۇنداق سوئال سوراپ، مېنىڭدىن دىلىڭىزنى رەنجىتىدىغان، ئەقىلىڭىزنى گۇمان قايىنىمىغا تاشلايدىغان جاۋاب ئېلىشقا ئۆزىڭىزنى مەجبۇرلىماڭ.

— نېمىلا بولسا ئۇ سىزنى ئىزدەپ كەلمەسلىكى كېرەك ئىدى.

— بايا دېدىمغۇ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ. مەن ئۆمەرجانغا سىز بىلەن ياخشى ئۆتۈش توغرۇلۇق كۆپ گەپ قىلدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆمەرجانىنىڭ تېخى ئۆزگىرىپ قالغىنى يوق. سىز بىھۇدە گۇمان قىلماي تويىڭىزغا تەييارلىق قىلىۋېرىڭ.

رابىيە بارا ـ بارا پەسكويغا چۈشۈۋاتاتتى.

— گۈلپەرى، مېنىڭ سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان يېرىم بار، لېكىن مەن ئاكامنىڭ بۇنداق قىلىشىنى پەقەت ئويلىماپتىمەن. ئەگەر بۇنى باشتا بىلگەن بولسام، سىزنى ئاكامغا ئۇنچىلىك سايە قىلىپ تۇرۇۋالماسكەنمەن. بۇ ئىشتىغۇ نوقۇل ئاكامغىلا گۇناھ ئارتقان بىلەنمۇ بولمايدۇ. چوڭلار بەكرەك ئارىلىشىۋالدى. شۇڭا سىز...

— بولدى، ئۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى. گۇناھ كىمدە بولسا جاجىسىنى خۇدايىم بېرەر.

— راست، سىزگە ئۇۋال بولدى، ئەمما مەنمۇ تەڭلا ئۇۋالچىلىقتا قالسام بولمايدۇ. بەلكىم سىزمۇ بىلىپ بولدىڭىز، مەن تولىمۇ تەستە ئۆمەرجانىنىڭ رايىنى ئۇتقان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆمەرجان بىلەن توي قىلىشىمغا ئاپاملارمۇ تەستە قوشۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى ھەرەمدىن قايتىپ كەلسىلا توي ئىشىمىزغا ماقماچى ئىدۇق، لېكىن ئاپىسى قايتىپ كەلگىلى بىر ئايدىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆمەرجان توي توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشقىمۇ ئۇنىماقتا تۇرسۇن، ھەتتا مېنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇ. ئۇ ئاكامنىڭ سىز بىلەن ئەمەس، شېرىنگۈل بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى

بىلگەن كۈندىن باشلاپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدى. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ سىزنى دەپ مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ، سىزدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەي يۈرگەن ئوخشايدۇ. شۇڭا، گۈلپەرى، ماڭا ياردەم قىلغىنىڭىز بولۇپ قالسۇن، مەن ئۆمەرجان بىلەن تويۇمنى قىلىۋالاي. سىز ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلاشمىسىڭىز، كۆرۈشمىسىڭىز؟

— مەن باشتىلا دېدىم، سىز خاتىرجەم بولۇڭ. مېنىڭ بۇ ئىشلاردىن رايىم يېنىپ كەتكەن. ئۇنداق ئىشنى ھازىر ئويلىغۇممۇ يوق. ماڭا ھازىر كۆڭۈل ئارامى كېرەك.

— ئۇنداق بولسا گېپىڭىزدە تۇرۇڭ، گۈلپەرى.

— بولىدۇ، مەن ئۆمەرجانغا بۇ جەھەتتە ھېچقانداق ئىمكانىيەت بەرمەيمەن.

— ئالدىڭىزدا خاتا قىلغان يەرلىرىم بولسا كەچۈرۈڭ، گۈلپەرى. تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن بىرنېمە دەپ بولمايدىكەن.

رابىيە شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى.

— توختاڭ، رابىيە،— دېدى گۈلپەرى كەسكىن تەلەپپۇزدا،— سىزنىڭ گېپىڭىز تۈگىگەن بولسا، ئەمدى مېنىڭ گېپىم بار.

رابىيەگە خۇددى گۈلپەرى بايىقى گەپلىرىدىن بىراقلا يېنىۋېلىپ: «ئۆمەرجان مېنى ئالىمەن دېسە، مەن ئۇنىڭغا تېگىمەن» دەيدىغاندەك بىلىنىپ ساراسىمە ئىچىدە جايىدا تۇرۇپ قالدى.

— بايا سىز «ئۆمەرجان نېمىشقا سىز بىلەن كۆرۈشىدۇ؟» دېدىڭىز. ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، مەن ئاكىڭىز

بىلەن تـوي قىلالـمـىساملا نـورمـال ياشاش ھـوقۇقۇمـدىـن ئايرىـلـىـپ قالـىـدىغـان ئـىش يوق. بۇ ھـەم ئـەقىـلـگـە سىـغمايدىـغان ئـىشـمۇ ئەمەس، شـۇڭا مېـنـىـڭ ئۆمەرجـان ياكى باشقا بىر ئادەم بىلـەن كۆرۈشۈشـكـە، ئىجتـىمائىـي مۇناسىۋەت باغلايدىغانغا سالاھىيىتىم توشمايدىغان ئىش يوق!

رابىيە بىرپەس جىم تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ياتاقتىن ئاستا چىقىپ كەتتى. نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆمەر بىلـەن تولا جاڭجالـلىشىـپ ئۆزىنى باسالـمـاي، گۈلپەرى بىلەن «چاچىلىشىـش»قا كەلـگـەن رابىـيە ھەم كـۆڭلى ئەمـىن تېپـىـپ، ھەم شـۈمشىيـىـپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

ياتاقنىڭ ئىشىكى يېپىلىشى بىلەن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىغان گۈلپەرى «پاڭڭىدە» يىغلىۋەتتى...

※ ※ ※

ھەسەن مۇئەللىمنىڭ يېقىنـدىن بۇيان ئـوچۇقتىـن - ئوچۇق قىلىۋاتقان يېقىنچىلىقلىرى ۋە ياردەملىرىدىـن گۈلپەرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدى، ئـەمما ئۇ بـۇ ئىشتا «بۇنداق بولمىسا ياخشى بولاتتـى» دەپ ئويلىـدى. گۈلپەرى ئەگەر ھەسەن مۇئەللىم ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىسا ئۆزىنىڭ قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئويلاشتىـن بۇرۇن باشـقـا تەرەپنى ئـويلـىـدى: «ئـەڭ ياخشىسى، بىر ئامال قىلىپ ئۇ ئوينى ھەسەن

مۇئەللىمنىڭ خىيالىدىن چىقىرىۋېتەي. بولمىسا، كېيىن بىھۇدە كۆڭۈل ئاغرىقى كېلىپ چىقىدۇ. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا ھەسەن مۇئەللىمگە ئوۋال بولۇپ كېتىدۇ...»

ياتاقنىڭ ئىشىكىنىڭ جالاقلاپ ئېچىلىشى بىلەن گۇلپەرىنىڭ خىيالى بۆلۈندى.

— چاققان بولۇڭ، ئۆزىڭىزنى تۈزەشتۈرۈڭ.

ئايقىز شۇنداق دېگىنىچە كىيىم تاللاشقا باشلىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى گۇلپەرى.

— چۈشتىن كېيىن مائارىپ ئىدارىسىدىن تەكشۈرگۈچىلەر كەلگەن ئەمەسمىدى؟ تەكشۈرۈش تۈگەپ ئەمدى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىدە كەچلەپ قايتىدىغان بوپتۇ. مەكتەپ مۇدىرى بىزنى «بىللە ئولتۇرۇشۇپ بېرىڭلار» دەيدۇ.

— بۇ مۇدىرنىڭ مۇشۇ ئىشىغا بەك ئۆچ بولدۇمغۇ، — دېدى گۇلپەرى قاپىقىنى تۈرۈپ، — بىردەم ئۇ باشلىق كەلدى دەۋاتقان، بىردەم يېزا باشلىقى ھال سوراپ كەپتۇ دەۋاتقان. ئادەمنىڭ كۆڭۈل خۇشى بىلەن كارى يوق، ھە دەپ تانسا ئويناشقا زورلىغان. باشقا مۇدىرلاردەك ئىلمىي بولسا بولمامدۇ؟ بولدى، مىجەزىم يوق، بارمايمەن.

— سىز بارمىسىڭىز تېخىمۇ بولمايدۇ، ھەسەن بىلەن ئىككىڭلار ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان بولدۇڭلار.

— نېمە بۇ گەپنى تېپىپتىغۇ ئەمدى؟

— مەكتەپ مۇدىرى بۈنى قاتتىق جېكىلىدى، شۇ تاپتا ھەسەن تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

— مەست بولۇپ تانسا ئوينايمىز، دەپ چاپلىشىۋالسا...

— كىمنى دەۋاتىسىز؟

— بىلىسىزغۇ...

— مەكتەپ مۇدىرىنى دەۋاتقانسىز؟ قارىسام سورۇنغا سىز بارمىسىڭىز تەرى تۇرۇلۇپلا قالىدىكەن. سىز بىلەن تانسا ئوينىسا يايراپلا كېتىدىكەن.

— شۇ، بىزگە زۇلۇم بولۇۋاتقانلىقى بىلەن كارى يوق.

— كارى يوق ئەمەسكەن. ئاڭلىسام، «دېھقان خوتۇننى قويۇۋېتىپ سىزنى ئالىمەن» دەپ يۈرگۈدەكقۇ. مانا ئەمدى «مۇدىر خېنىم» بولىدىغان بولدىڭىز.

— تولا ئادەمنىڭ ئىچىنى ئىلەشتۈرمەڭچۇ.

— ئىشقىلىپ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سىزنى يەۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ئويناپ - كۈلۈپ يۈرسەم مېنى خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئالدىنقى كۈنى ناھىيە بازىرىغا بارغاندا كۆڭۈل يېقىنلىق قىلىپ: «بىزگە قارارغا كۆزىڭىز يوق» دەپ قويسام، مېنى ئىندەككە كەلدى دەپ ئويلاپ قالدىمىكىن، قۇچاقلاپ يۈرىدۇ. ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە قارىتىپ تۇرۇپ: «ئەھۋالىڭىز ئۆزىڭىزگە ئايان بولغاندىكىن، نېمە ئىش قىلىسىز يالغان چېقىلىپ. يا دورىڭىزنى ئېلىۋالغانمۇ؟» دېۋىدىم، ئۇجۇقۇپلا كەتتى. هازىر ئۇنىڭغا گېپىم تېخىمۇ ئۆتىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئايقىزنىڭ گېپىگە گۈلپەرى تازا كۈلدى. ئاندىن:

— نەگە باشلىسا «ياق» دېمەي ماڭغاندىكىن سىزگىمۇ ئاز، — دېدى.

— بۇ يەردە ئىچىم بەك پۇشۇپ كەتتى، دوستۇم. مەن چىدىمىدىم، يا شەھەرگە ئالمىشىم كېتىمەن، يا «ئالە شەرىڭنى» دەپ ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلايمەن.

— مېنىڭ ئۇنچىلىك يولۇم يوق،— دېدى گۇلپەرى پەرىشانلىق بىلەن.

— ۋاي، ئۇنتۇغىنىمنى... سىزگە دېسەم، بۇ مۇئاۋىن باشلىق بىزگە ئوخشاش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشىغا مەسئۇل ئىكەن. شۇڭا قىيىنچىلىقىمىزنى ئېيتىدىغانغا ياتاقتا يېتىۋاتقان قىزلارنىڭ ھەممىسى بارىدىغان بولدى.

بۇ گەپ ھەرھالدا گۇلپەرىگە خۇشياقتى، شۇڭا ئۇمۇ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا سافا تىزىلغان چوڭ مېھمانخانا ئۆي راسلاپ قويۇلغانىدى. بىرنەچچە ئەر ئوقۇتقۇچى ئوچاق بېشىدا قىزغىنلىق بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى. قىزلار سافادا پىچىرلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ھەسەن مۇئەللىم بولسا ئېلېكترونلۇق رويالنى تەييارلاشقا باشلىدى. بىر چاغدا ئۆيگە مەكتەپ مۇدىرى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. گۈلدەك ياسانغان قىزلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى. سىرتتىن ماشىنىنىڭ سىگنالى كەلدى.

— باشلىق كەلدى، گېپىمنى ئېسىڭلەردە تۇتۇڭلار،— مەكتەپ مۇدىرى شۇنداق دەپ سىرتقا يۈگۈردى.

باشلىق سالاپەت بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە سالام بېرىۋاتقان قىزلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ تۆرگە ئۆتۈپ

ئولتۇردى. بىردەمدىلا تاماقلار تىزىۋېتىلدى. مەكتەپتە قاپىقىنى ئاچمايدىغان مەكتەپ مۇدىرى مۇنداق سورۇنلاردا قىزلارغا بۆلەكچىلا يېقىنچىلىق قىلىپ قىزغىنلىق كۆرسىتەتتى. شۇ تاپتىمۇ بىردەم - بىردەم قىزلارنىڭ يېنىغا كېلىپ پەس ئاۋازدا: «كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇڭلار» دەپ جېكىلىگىلى تۇردى.

تاماق ۋاقتىدا باشلىق ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تۆۋەن ئاۋازدا ئۆز پاراڭلىرىنى قىلىشىپ ئولتۇردى. ئەپتىدىن قىزلارغا قارايدىغان چولىسى يوقتەك ئىدى، ئەمما ھاراق چاي ئىستاكىنىدا لىقلىنىپ ئىككىلا ئايلىنىۋىدى، باشلىقنىڭ يېنىدىكى بىر بۆلۈم باشلىقى:

— سىيىت مۇدىر، ئاچچىق ھاراققا ئۆزىمىزنى ئۇرماي، ناخشا - پاخشىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرمامدۇق؟ — دېدى.

تەييار تۇرغان ھەسەن مۇئەللىم چوكىسىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە گۈلپەرىگە ئىشارەت قىلدى. ناخشا - مۇزىكا باشلاندى. مېھمانلاردىن بىرەيلەن قىزلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ناخشىچىلارنىڭ ھۆرمىتى بولسۇن، كېلىڭە، ئايقىز.

ئۇلار بۇرۇندىنلا تونۇشىدىغان چېغى، ئايقىز كۈلۈپ كەلگەن پېتى ئۇ كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تانسىغا چۈشتى.

— يەنىلا بىزنىڭ مەسۇم بۆلۈم باشلىقى چاققان - دە. يارايسىز!

بۇ گەپ بىلەن يەنە ئىككىسى قوپۇپ ئىككى

مۇئەللىمەنى مەيدانغا سۆرەپ چۈشتى. مەكتەپ مۇدىرى قالغان ئۈچ قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ پىچىرلىۋىدى، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان گۈلنىسا باشلىقنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— مېنىڭ باشلىق بىلەن تانسا ئوينىغۇم كېلىۋاتىدۇ. بولارمۇ قانداق؟

باشلىق ئىككى يانغا قاراپ كۈلدى:

— مەن... بۇنىڭدا قانداق بولار؟

— هۆرمىتىمنى قىلىپ قويۇڭ، جۇيجاڭ.

ئۇنىڭچە مەكتەپ مۇدىرى يۈگۈرۈپ كەلدى:

— جۇيجاڭ، خىزمەت قىلىپ هاردىڭىز، ئارام ئېلىش بولمىسا بولمايدۇ - دە. ئانچە - مۇنچە هەرىكەت قىلغانلىقنىڭ ئورنىدا...

باشلىق ئورنىدىن تۇردى:

— بوپتۇ، مېنى خىجىل قىلىپ قويدۇڭلار. بوپتۇ، بۇمۇ پىكىر ئالماشتۇرۇش بولسۇن.

مۇزىكا توختىۋىدى، هاراق ئىچىش يەنە باشلاندى. ئۇلار باشلىق بىلەن بەس - بەستە سوقۇشتۇرۇپ ئىچكىلى تۇردى. ئۇلار ئىستاكاندا لىقلاپ ئىچەتتى، باشلىق بولسا بىر ئوتلاپ قويياتتى. شۇنداق قىلىپ قالغانلار يولۋاسقا ئايلاندى.

— بەك يايراپ كەتتىڭىزغۇ؟ — سورىدى گۈلنىسا ئايقىزدىن.

— مەسۇم بۆلۈم باشلىقى مېنىڭ ئىشىمنى تەستىقلىتىپ قويۇپتۇ، — دېدى ئايقىز ماختىنىش

تەلەپپۇزى بىلەن. گۈلنىسا بولسا بېشىنى ئېتىپ مەغرۇر كۈلۈپ قويدى.

— ناخشا ئېيتىڭ، ئۇكام!

ھەسەن مۇئەللىمنىڭ ئاچچىقى كېلىۋاتقان بولسىمۇ مۇزىكا چېلىشقا مەجبۇر بولدى. ھەر قېتىممىغۇ شۇنداق، بۇ ئىشلارغا ئاچچىقى كېلىدۇ، لېكىن چالماي ئامالى يوق.

بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىققان مەكتەپ مۇدىرى ھويلىنىڭ بىر چېتىدە تاماكا چېكىپ تۇرغان مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بۆلۈم باشلىقىنى كۆرۈپ قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىگىنىچە ئۇنىڭ قېشىغا باردى:

— بۇ يەرگە چىقىۋاپسىزغۇ؟ ئۇيۇن قىزىپ كەتتى.

— تاماق يەپلا قايتساق بولاتتى، — دېدى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بۆلۈم باشلىقى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى، — بۇ قىلغىنىڭىز ياخشى بولمىدى. نېمە ئىش بۇ؟ باشقىلارغا قانداق تەسىر بېرىشىمىزنى ئويلاشمىدىڭىزمۇ؟

مەكتەپ مۇدىرى ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىنى بىر - بىرىگە سۈركىگىنىچە تىلىنى چاينىدى:

— خىزمەت قىلىپ چارچىغاندا ئانچە - مۇنچە ئولتۇرۇش قىلمىساق...

ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بۆلۈم باشلىقى ئاچچىق گەپكە ئاغزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە:

— سىز كىرىپ تۇرۇڭ. مەن ھېلى كىرىمەن،— دەپ قويدى.

مەكتەپ مۇدىرى كىرىپ كەتتى.

«ھەي، بەزى كىشىلەرنىڭ خۇي - پەيلىگە بىرنەرسە دەپ بولمايدىكەن. ئىدارە باشلىقى مۇشۇنداق ئىشلار بولمىسۇن، دەپ شۇنچە جېكىلىسىمۇ... مۇشۇنداق بىرقانچىسىنىڭ كاساپىتىگە باشقىلارنىڭمۇ كېتىپ قېلىشى چاتاق - تە!» ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بۆلۈم باشلىقى تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ غەزەپ بىلەن دەسسىگەندىن كېيىن ماشىنىغا چىقىپ يېتىۋالدى.

ئۆيگە قايتىپ كىرگەن مەكتەپ مۇدىرى يەنە بىر قىزغا پىچىرلاپ قويۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقان گۈلپەرىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

# ئون تۆتىنچى باب

## چىن ھېسسىيات، ئەمما...

ئۆمەر بىلەن رابىيەنىڭ 5 ـ ئايدا توي قىلىدىغانلىق خەۋىرى بولۇپ باغىقى كېلىۋىدى، گۈلپەرى بەك تەڭلىكتە قالدى. باراي دېسە رابىيە بىلەن ئۆمەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ بىر ئوبدان بولۇۋاتقان توي خۇشاللىقىغا كۆڭۈلسىزلىك سايىسى چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى. بارماي دېسە ھەرھالدا رابىيە بىلەن دوست، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي ئۈمىدسىزلىنىپ يۈرگەندە ئۆمەرجان ئۇنىڭ قەدرىنى قىلغان، دوستلۇق قولىنى سۇنغان. يامىنى، رابىيە «قورسىقىدا ئاغرىقى بولغاچقا كەلمىدى» دەپ تەتۈر سىگە ئېلىۋېلىشى مۇمكىن.

گۈلپەرى كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق نېمىلا بولسا بېرىپ «ئانچىكىم بىر كۆرۈنۈش قىلىپ قويۇش»نى لايىق تاپتى. شۇڭا ئۇ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان «مىڭئۆي رېستورانى»غا خېلى كېچىكىپ باردى.

گۈلپەرى زالغا كىرىپ ئۆمەر بىلەن رابىيەنىڭ چوڭلارنىڭ يېنىدا رەسىمگە چۈشۈۋاتقان پۈرسىتىدىن

پايدىلىنىپ، بولۇۋىدىكى بىر ئۇستەلگە بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇستەلدىكى مېھمانلار ناتونۇش بولغاچقا ئۇنىڭغا ئارتۇقچە دەخلى قىلىدىغان ئادەم بولمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئارام تېپىپ زال ئىچىگە سەپسالدى. ئەنە سەھنە. گۈلپەرىنى ھاياجانلىق ھېسسىيات ئىلكىگە ئالدى. غەمسىز، خۇشال، پاك ھېسسىياتقا بۆلەنگەن ئۇ چاغلار گۈلپەرىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. يۈرىكى ئازابتىن پۇچىلانغان تۇرغۇن ۋاقىتلاردا ئۇ مۇشۇ ئەسلىمە بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بەرگەن، مەدەت بەخش ئەتكەنىدى. ئەمما... ئارىدىكى قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدىغان شۇنچىلىك قاتتىق ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. بىر مەزگىل ئۇنى قىينىغان ئازابلىق ھېس ـ تۇيغۇلار بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭ يادىدىن كېچىشى بىلەن، گۈلپەرى ئاشۇ ۋاقىتتىكى پاك، بىغۇبار قىزدىن بۇگۈن بىردىنلا بىر قېرى قىزغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى.

ئۆمەر ۋە رابىيە قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇستەللەرنى ئايلىنىپ ئۇلارنىڭ ئۇستىلىگە كېلىپ قېلىۋىدى، چۆچۈپ كەتكەن گۈلپەرى ئەسلىمە قوينىدىن رېئاللىققا قايتىپ كەلدى.

... كۆزلەر ئۇچراشتى.

چىرايىدىن گۈزەللىك ۋە بەخت، خۇشاللىق بالقىپ تۇرغان رابىيەنىڭ چاقناق تۇرغان كۆزلىرى گۈلپەرىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. رابىيەنىڭ كۆز نۇرى سەل

خىرەلەشتى، بىر قارا تۇمان خۇشاللىق جىلۋە قىلىۋاتقان چىرايىنى شۇنداق تېز كېسىپ ئۆتتى، ئاندىن ئەسلىگە كېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ سالام ئۇچۇن بېشىنى لىڭشىتتى.
تېخىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ كەتكەن، بەختىيارلىق كۈلكىسىگە چۆمۈلگەن ئۆمەرنىڭ ئويچان كۆزلىرى گۈلپەرنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. ئۆمەرنىڭ كۆزلىرى باشقىچە بىر خۇشلۇقتىن ئۇچقۇنداپ، ۋۇجۇدىدا غايىۋى كۈچنىڭ تۇرتكىسىدە ھاسىل بولغان تەلپۈنۈشتىن بىر قىزىق ھارارەت پەيدا بولدى، ئاندىن غەمكىن بىر ھال ئۇنىڭ چىرايىغا تېپىپ چىقتى...
سالاملىشىش ئاخىرلاشتى.
گۈلپەرى «ئۇھ» دەپ يېنىك بىر تىنندى. ئۇ تائاملاردىن ئازراق ئالغان بولدى ۋە ئۆمەرلەر يەنە بىر ئۇستەلدىكى مېھمانلار بىلەن ئەھۋاللىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىرتقا ماڭدى.
ئىشىك تۇۋىگە يېتىپ بارغاندا ئۇ ئالىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئالىم ئۇنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى. گۈلپەرى جىددىيلەشتى ۋە باش لىڭشىتىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى، بىراق ئالىم ئېغىز ئېچىپ قالدى.
— قانداق ئەھۋالىڭىز؟
— ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى گۈلپەرى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ.
— مېنى كەچۈرۈڭ، گۈلپەرى، — دېدى ئالىم روھسىز ھالدا.
— مەن ئالدىرايتتىم... مەن ماڭاي...

— توختاڭ...

شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يېنىغا ياراشتۇرۇپ گىرىم قىلغان، قىممەت پۇللۇق كىيىمى كىيلىشكەن بەدىنىگە تېخىمۇ سۆلەت قوشقان شېرىنگۈل كەلدى ۋە گۈلپەرىگە بېشىنى لىڭشىتىپ سالام قىلغاندىن كېيىن:

— ئالىمجان، چاقىقان بولۇڭ، ئاپاملار ساقلاپ قالدى، — دېدى.

ئۇلار كېتىپ قالدى. گۈلپەرىنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىدى. زالدىن چىققۇچە «ئۇ قىز مېنىڭدىن چىرايلىق بولغاچقىلا ئالىم مېنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىپتۇ» دېگەن بىرلا ئوي ئۇنىڭ پىكرىنى قامال قىلىۋالدى. گۈلپەرى بۇرۇن ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىنى «چوڭلارنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى»، ئائىلە شارائىتى، خىزمەت دېگەندەك باھانىلەرگە جورۇپ ئۆزىگە زور تەسەللى بېرىپ كەلگەنىدى. ئۇ بۈگۈن چۈشەندىكى، ئۇنىڭچە ئالىم ئۇ قىز چىرايلىق بولغاچقىلا گۈلپەرىنى تاشلىۋەتكەن.

بۇنىڭدىن گۈلپەرى چىدىيالماي قالدى. چىراي نۇقتىسىدا قارشى تەرەپ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ بەختىڭنى تارتىۋالسا... قىزلار ئۈچۈن بۇ ئەڭ ئەلەملىك ئىش بولسا كېرەك. گۈلپەرىنىڭ يۈرىكىگە شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كىرگەن ئاغرىق ئۇنىڭ كۆرۈش سەزگۈلىرىنى قالايمىقان قىلىپ كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ يول بويىدىكى دەرەخكە يۆلىنىپ قالدى. ئۇ خېلىغىچە ئاشۇنداق تۇرغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئەسلىگە

كەلدى. ھېچكىمنىڭ تۇرمۇشىنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمايدىغانلىقى يادىغا يېتىپ ئەلەملىك كۈلۈمسىرىدى.

«ئۇلارنىڭ مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا بولۇشى ماڭا بەك زەربە بولىدىكەن. بولدى، مەنمۇ ئۆز يولۇمدا ماڭاي، ماڭىمۇ ئارتۇقچە ئازابىنىڭ كېرىكى يوق. ئۇلارنىڭمۇ مەن سەۋەبلىك كۆڭلى پاراكەندە بولمىسۇن، ئۇلارمۇ ئۆز تۇرمۇشىدا ياشاۋەرسۇن!» مۇشۇلارنى ئويلىغان گۈلپەرى ئېغىرلىشىپ كەتكەن قەدىمىنى تەستە يۆتكىدى.

※ ※ ※

ۋاقىت 5 ـ ئايغا ئۆتۈپلا قۇتىيار يېزىسى بەك ئىسسىپ كەتتى. بۇ يېزا ئىككى تاقىر تاغنىڭ باغرىدا بولغاچقا، ئەسلىدىلا ئىسسىق رايون بولغان بۇ يۇرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى سەللا ئۆرلىسە، بۇ ئىككى تاغمۇ تەڭ قىزىق ھارارەت ئۇچۇقىغا ئايلانغاندەك بولۇپ كېتەتتى. بولۇپمۇ كۈندۈزى قۇياش نۇرىنى بولۇشىچە سۈمۈرگەن تاغ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىسسىق ھاۋا پۈركۈشنى بىر باشلىۋالسا خېلى كەچكىچە يۇرت ئىچىنى تونۇرغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. بۇ دىمىقتا ئۇخلاشنىڭ ئۆزى بىر گەپ.

شۇنداق بولغاچقا، دەم ئېلىش كۈنلىرى ياكى بوش ۋاقىتلاردا كىشىلەر بىر ـ ئىككى كۈنلۈك بولسىمۇ ئىسسىقنىڭ دەردىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سالقىن ھاۋالىق

يەرلەرگە جابدۇنۇشاتتى، بەزىدە «مانا ئەمسە» دەپ ئۇرۇمچىگىلا يول ئالاتتى.

شۇ قاتاردا يېقىندىن بۇيان مەكتەپ مۇدىرى سىيتىنىڭمۇ «سالقىنلاش» ئۈچۈن مېڭىشى كۆپىيىپ قالدى. ئۇنىڭغا ياتاقتىكى قىزلاردىن بىرنەچچىسى ھەمراھ ئىدى. ئۇلارغا ئايقىز باش ئىدى. شۇڭا، گۈلپەرى ئۇلارنىڭ قەيەرگە بېرىپ كىملەر بىلەن «سالقىنلىغان»لىقىنى بىلىپ تۇراتتى. گۈلپەرى ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى ياقتۇرمىسىمۇ، لېكىن ئايقىزنىڭ «گۈلپەرى، بۇ توپ بىلەن ھەرگىز ماڭماڭ، بەزىدە ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ سىزنى زورلىسامۇ ھەرگىز بىز بىلەن ماڭماڭ» دېگەن گېپى بىلەن يەنە ئايقىزدىن خۇش بولۇپ قالاتتى.

«باللار بايرىمى» ئۆتۈپلا مەكتەپتە جىددىيچىلىكنىڭ باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە يىغىن ئېچىلىپ، ئىمتىھان ئىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شۇڭا، گۈلپەرى ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ ئايپىسىغا بۇ دەم ئېلىشىدا قايتماي، بىرنەچچە ئوقۇغۇچىغا ھەرپ يېزىشنى تەكرار قىلدۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويدى. ئۇ باللارنى قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن توققۇز ئوقۇغۇچىغا ئەتە مەكتەپكە كېلىشنى ئېيتتى. ئەتە — ئۆگۈن گۈلپەرى بۇ ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدىغان بولغاچقا، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كىر - قات يۇيۇۋالماقچى بولدى. ئۇ سۇ ئەكىرىش ئۈچۈن چېلەكنى ئېلىپ، ئىككى توپ ئاق تېرەك ئارىسىغا

ئـورۇنلاشتۇرۇلـغان جۇمەك تـۇۋىگە چـىقتى. دەرەخـلـەر ئارىسىدىكى كىچىك ئېرىقتا ئېقىن سۇ ۋە جۇمەك سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ ھەرھالدا كىشىگە ئارامبەخش تۇيغۇ بېغىشلايتتى. گۈلپەرى چېلەكنى قويۇپ جۇمەكنى چوڭ ئېچىۋەتتى.

— بۇ يەر ئازراق بولسىمۇ سالقىن ئىكەن - ھە!

گۈلپەرى چۆچۈپ قاراپ مەكتەپ مۇدىرى سىيىتنى كۆردى. ئۇ كېلىپلا چېلەكتىكى ساپلىققا جۇمەكتىن چۈشۈۋاتقان سۇدىن ئازراق ئېلىپ گۈپۈلدىتىپ ئىچتى، ئاندىن كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن ئۈزىنى يەلپۈگەچ بايىقى گېپىنى تەكرارلىدى:

— ھەرھالدا سالقىن ئىكەن بۇ يەر.

گۈلپەرى بىرنەرسە دېيىشكە مەجبۇر بولدى:

— سۇ بولغاچقا سىزگە شۇنداق بىلىنگىنى. بولمىسا، جاننى قىيناۋاتسا، بۇنىمۇ سالقىن دېگىلى بولامدۇ؟

— سىزمۇ قىينىلىپسىز - دە.

— قاراپ بېقىڭە بۇ ئىسسىققا، ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قاينىتىۋاتسا.

— ئۇنداق بولسا سالقىنلىتىپ كېلەيمۇ؟

شۇندىلا گۈلپەرى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بايىقى گەپلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى ۋە قاپىقىنى تۈرۈپ:

— رەھمەت، — دېدى.

— بەك كاتتا يەر دېسە، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، — ھاۋاسى سالقىن، دەرەخلىك،

ئىككى تەرىپىڭىزدە سۇزۇك سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. بىر بارىدىغان بولسىڭىز، بالدۇرراق بارمىغىنىڭىزغا پۇشايمان قىلىسىز.

— رەھمەت، مۇدىر، مەن ئارام ئالاي، مىجەزىم يوق.

— تازا ئارام ئالىدىغان يەر شۇ. ناخشا - مۇزىكا بولىدۇ، تىڭشايسىز. جاڭگال كاۋاپلىرى پىشۇرۇلىدۇ، تېتىيسىز. ھەر خىل ئويۇنلار بولىدۇ، كۆڭلىڭىز ئېچىلىدۇ...

— رەھمەت، سىزلەر بېرىڭىزلار، — گۈلپەرى بېرىپ چېلىكىنى ئالدى.

— سارالڭ قىز، «كۆكسۇ» سۇ ئامبىرى دېگەننى ئاڭلىماپسىز - دە.

— كېيىنچە بارارمىز.

— ئايقىزلار شۇ تاپتا بىزنى ئاپارسىكەن، دەپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا تەلمۈرگەنلەرنى رازى قىلىڭ.

گۈلپەرى مېڭىپ كەتتى. مەكتەپ مۇدىرى سىيىت ئۇنىڭ كەينىدىن ئاغزىنى تاتلىق قىلغىنىچە قاراپ قالدى: «بىر پارچە ئوتكەن بۇ... كاساپەتنىڭ نېمىسى ئادەمنى كۆيدۈرىدىغاندۇ؟ بىر پۇرسىتى كەلسە... قانچىلىك راھەت بولار - ھە! توختا، قولۇمدا كوزىر دېگەن جىققۇ. ئالدىمغا يېلىنىپ كەلتۈرمەيدىغان بولسام...»

پىلان قىلغان ئىشلىرىنى كەچكىچە تۈگىتىۋالغان

گۆلپەرى ياتىقىدا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ياتاققا ھەسەن مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر كىتاب بار ئىدى.

— كېلىڭ، بۇياقتا ئولتۇرۇڭ.

گۆلپەرى ئۇنىڭغا ئورۇندۇق قويۇپ بەردى.

— ئايىقىز يوققۇ؟ شەھەرگە كەتتىمۇ؟

— ياق، بىرنەچچە قىزلار بىلەن سالقىنلىغىلى ماڭدىمۇ نېمە.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھەسەن مۇئەللىمنىڭ چىرايىنى غەمكىنلىك قاپلىدى.

— ھەي، بۇ بىرنەچچە قىز بولمايۋاتىدۇ،— دېدى ئۇ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ،— شەرم - ھايا، ئىناۋەت دېگەن كېرەك ئەمەسكەن ئۇلارغا. ئۇلار قىز بالا تۇرسا، يەنە كېلىپ مۇئەللىم تۇرسا. نومۇسمۇ قىلمايدىكەن. مۇئەللىم دېگەن باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ تۈزۈك يۈرۈشى كېرەك.

باشتا گۆلپەرىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا تاپقانىدى، لېكىن ئۇنىڭ نوقۇل ھالدا قىزلارنىلا ئەيىبلىشىنى توغرا تاپمىدى. شۇڭا، گۆلپەرى گەپنى ئاياپ ئولتۇرمىدى:

— توغرا ئېيتتىڭىز، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى خاتا، لېكىن سىز گۇناھنى ئۇلارغىلا ئارتىپ قويسىڭىز بولمايدۇ - دە. ئۇلارنى مۇشۇ يولغا مەجبۇرلىغان مەكتەپ مۇدىرىچۇ؟ باشقا ئەر ئوقۇتقۇچىلارچۇ؟

— قىزلار ئۆزلىرىنى چىڭ تۇتسا مەكتەپ مۇدىرى ئۇلارنى نېمىمۇ قىلالايتتى؟

— مەسىلىنى ئۇنداق ئويلىسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر مەكتەپ مۇدىرى مەجبۇرلاشنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئاسرىغان بولسا، ئۇ چاغدا قانداقمۇ ئۇنداق بولمىغۇر ئىشلار چىقسۇن؟

— مېنىڭچە، بۇ يەردە مەجبۇرلاش مۇھىم ئەمەس، ئىدىيە مۇھىم. كۆرۈۋاتىمىزغۇ، مەكتەپ مۇدىرى مەجبۇرلىمىسىمۇ بەزى ئىشلارمۇ بولۇۋاتىدۇ، بەزىلەرمۇ مېڭىۋاتىدۇ.

گۈلپەرى ھەسەننىڭ مەقسەتلىك گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ھەسەنجان، سىز گۇمان بىلەن گەپ قىلماڭ.

ھەسەن مۇئەللىم غەزەپ ۋە چىدىماسلىق نەزىرىدە گۈلپەرىگە بىرپەس قارىغاندىن كېيىن قولىدىكى كىتابنى ئاچتى:

— بولدىلا، سىزگە ئارتۇقچە گەپ قىلماي، سىزگە مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپ بېرەي. بۈگۈن يېنىڭىزغا كىرىشتىكى مەقسىتىممۇ سىز بىلەن گەپ تەرگىشىش ئەمەس، مۇشۇ شېئىرنى ئوقۇپ بېرىش ئىدى.

ھەسەن مۇئەللىم چىرايىنى جىددىي تۇسكە كىرگۈزۈپ شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ماختىنىپتۇ بىرلىرى سېنىڭ بىلەن كېرىلىپ،
قاچان بولۇپ قالغانتىڭ سەن شۇلارنىڭ يېقىنى؟
مەن قىزغىنىپ يار سېنى، باقماي يۈرسەم شۇلارغا،
قويغانمىدىڭ كۆرسىتىپ سەن چىشىڭنىڭ ئېقىنى؟

شۆلار تۇتسا ئۇسسۇلغا يۇگۇرۇپ قوپۇپ ئويناپسەن،
رەقىبلىرىم شاد ئىكەن كەلتۈردۇق دەپ ئىندەككە.
گاھ ئۆزۈمنى بەزلەيمەن سورۇن ھۆكمى شۇنداق دەپ،
ماڭارسەنمۇ يەر دېسە، شۆلار سوقۇلغان كۆزلەككە؟

كۆلۈپ يۈرمە كۆلگەنگە، كۆلۈۋەرسۇن ئۆزلىرى،
ناخشا ئېيتساڭ يالغۇز ئېيت، ئاشۇلارغا قېتىلما.
ئەمىن تاپسۇن بۇ كۆڭلۈم، ئىرادەڭدىن ئۆچۈر بەر،
پەقەت مېنىڭ گۈلۈمسەن، باشقىلارغا ئېچىلما.

شېئىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەنچە ھەسەن مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى كەسكىن چىقىشقا، كىتاب تۇتقان قوللىرى تىترەشكە باشلىدى. گۈلپەرى بولسا شېئىر باشلىنىپلا جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. بولۇپمۇ «شۆلار تۇتسا ئۇسسۇلغا يۇگۇرۇپ قوپۇپ ئويناپسەن، رەقىبلىرىم شاد ئىكەن كەلتۈردۇق دەپ ئىندەككە» دېگەن مىسرالار ئوقۇلغاندا ئاچچىقتىن گۈلپەرىنىڭ نەپىسى قىسىلىپ كەتتى. غەزەپمۇ، ئامراقلىقمۇ، كۈنداشلىقمۇ سىڭىپ كەتكەن بۇ شېئىر گۈلپەرىنى ئېغىر، ئەمما مۇرەككەپ تۇيغۇلار تورىغا ئىلىندۇرۇپ قويدى.

— سىز... سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ — گۈلپەرى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ھەسەن مۇئەللىممۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھە دېسە ئۇ سورۇنغا، بۇ سورۇنغا ماڭىسىز.

— نورمال سورۇنغا بارىمىز.
— ئۇ نەدىمۇ نورمال سورۇن بولسۇن، ھەممىسى ئويۇن - تاماشىغۇ.
— نورمال سورۇندىمۇ ئويۇن - تاماشا بولىدىغۇ.
— نورمال سورۇن بولسا، كەينىڭىزدىن گەپ چىقامتى؟
— چىقسا چىقمامدۇ. «قورساق ئاغرىقىڭ بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما» دەپتىكەن.
— لېكىن، گۇلپەرى، خەق سورۇندىن چىقىپلا يامان گېپىڭىزنى قىلىۋاتسا...
— ئۇلار شۇنداق دېگەنگىلا يامان بولۇپ قالىدىغان ئىش يوق.
— توۋا دەڭ، گۇلپەرى، ئۇلار بىلەن تانسا ئوينىغاننى، ئۇسسۇل ئوينىغاننى، چاقچاق قىلىشقاننى ئۇ خەق بېزەپ قىلىپ تارقىتىۋاتسا...
گۇلپەرى بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى:
— ھە، ئەمدى بىلدىم، نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن. شۇنىڭغا بايىقى شېئىرنى ئوقۇپتىكەنسىز - دە! ئۇنچىلىك شېئىرلار بىلەن گەپ ئەگىتىپ سىز نېمە دېمەكچى؟
— «كەلسە - كەلمەس سورۇنلارغا بارماڭ، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېمەكچى!
بۇ گەپتىن گۇلپەرى ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.
— گۇلپەرى، مەن سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن! —

سۆزىنى تەكرارلىغان ھەسەن مۇئەللىم بولسا گۈلپەرىنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتتى. ھەسەن مۇئەللىمنىڭ قولى تېگىشى بىلەن گۈلپەرىنىڭ ۋۇجۇدىدا سىلكىنىش بولدى.

ئۇزاقتىن بۇيانقى مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش، كۆڭۈل ئاياش، دىلغا خۇشلۇق بېغىشلايدىغان سۆھبەتلەر، گىتار ۋە ناخشا بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سىردىشىشلار، غەمكىن ۋاقىتلاردا سۇنۇلغان ئىللىق قوللار گۈلپەرىنىڭ دىلىدىكى مۇزلارنى ئېرىتكەن، كۈز شىۋىرغانلىرى سارغايغان ياپراقلارنى ئۇچۇرتۇپ يۈرگەن بۇ دىلدا باھار گۈللىرىنى پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرغانىدى... ئاخىرى بۇ مېھرىبان يىگىت سۆيگۈگە تولغان كۆزلىرىنى تەشنالىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىپ كەلدى. گۈلپەرى بولسا قەلبىنى يەنىلا پىنھان تۇتۇپ، يىگىتنىڭ سۆيگۈسىنى ئۆز خانىسىدا ئاۋايلاپ پەپىلەپ كېلىۋاتقان ئىدى.

مانا ئەمدى سۆيگۈ ۋۇلقانى پارتلاپ چىقتى. گۈلپەرى بۇ ۋۇلقانىنىڭ تەپتىگە، ھارارىتىگە، قەلب تارلىرىنى قىمىزدۇرۇشىغا، كۆڭۈل خانىسىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ ئورنىدا سېلىپ قويۇلغان مۇز پارچىسىنى ئېرىتىۋېتىشىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. گۈلپەرى بىرىنچى قېتىملىق زەربىدىن كېيىن «ئەمدى مەندە مۇنداق ھېسسىيات بولمايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنداق بولسا، شۇ تاپتىكى ئۇنىڭدىكى ھېسسىيات داۋالغۇشلىرى نەدىن پەيدا بولدى؟ نېمىشقا ئۇنىڭدا شۇ دەقىقىدە ھاياجانلىنىش، ئىنتىلىش، تەلپۈنۈش ئويغىنىدۇ؟

قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن ھەسەن مۇئەللىم ئۆنى باغرىغا باستى، چاچلىرىنى پۇرىدى، گۈلپەرىنىڭ ئۇماق قولاقلىرىغا ئىللىق نەپەسلەر تەگدى. ھارارەتلىك، قىزىق، يۇمران لەۋلەر تەشنالىق بىلەن قىزنىڭ لېۋىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

شۇ چاغدا گۈلپەرىدە قاتتىق سىلكىنىش بولدى. روھ ئويغىنىشىۋاتقان بىلەن ئۆلگەن ۋۇجۇد قانداقمۇ ئويغىنالىسۇن!

گۈلپەرى ھەسەن مۇئەللىمنى ئاستا ئىتتىرىۋەتتى.

— گۈلپەرى، سىز... مەن...

— ھەسەنجان، سىز چىقىپ كېتىڭ.

— بۇ...

— ياخشىسى چىقىپ كېتىڭ!

گۈلپەرىنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ قاتتىقلىقىنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالغان ھەسەن مۇئەللىم چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

گۈلپەرى ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىگەنچە يېتىپ قالدى. «ياق، مەن ھەسەنجاننى ئۇ ئويدىن ياندۇرۇشۇم كېرەك. بولمىسا، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىپ قويىمەن. ماقۇل بولۇپ قويسام، كېيىنچە ھەممە ئىش ئاشكارا بولغاندا ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىش سەۋەبلىك ئازابقا دۇچار بولسا بولمايدۇ. ھەسەنجاندەك ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئۆز بەختى بىلەن ياشىشى كېرەك!»

گۈلپەرى ئاشۇنداق خىيال بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ پەسكويىغا چۈشتى، ئەمما بايا ھەسەن مۇئەللىم

مۇرىسىنى تۇتقاندا پەيدا بولغان تەن تەشنالىقىنىڭ يوشۇرۇن ئىزتىراپى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ بايىقى خىيالىغا ئۇلىشىپ ئالىم يادىغا كىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھېسسىيات بۆرىلىرى ئۇنىڭ ئەقىل قويلىرىنى بوغۇشقا باشلىدى. ئەنە، ئالىم ئىككىسى قىزغىن قۇچاقلاشماقتا، قايناق ھېسسىيات قۇچىقىدا ئەللەيلەنمەكتە... گۈلپەرى تاتلىق تولغىنىشقا، ئاھ ئۇرۇشقا، نازۇك ھېسلىرى ئويغىنىپ ئۇنىڭ بەدىنىنى قىزىتىشقا باشلىدى... گۈلپەرى ئىختىيارسىز «ئالىم» دەپ شىۋىرلىدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «ئالىمجان» دېگەن ئاۋاز ياڭرىغاندەك بولدى. گۈلپەرى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. گۈلپەرىنىڭ ئېنىق يادىدىكى، بايىقى «ئالىمجان» دېگەن ئاۋاز شېرىنگۈلنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئىپلاس!

گۈلپەرىنىڭ قاتتىق غەزىپى كەلدى، ئۆزىدىن نومۇسلاندى. بېرىپ مۇزدەك سۇ بىلەن يۈز - كۆزىنى يۇيدى، ئاندىن: «مەن ھەسەنجاننىڭ بۇ ھېسسىياتىنى قەدىرلەي. شۇڭا ئەتىلىككە ئۇنىڭغا ئوبدان بىر چۈشەندۈرۈپ قوياي» دېگەن ئويغا كەلدى.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن گۈلپەرى تەكرار قىلىپ بەرگەن ئوقۇغۇچىلار قايتىپ مەكتەپ ئىچى بوشىغاندىن كېيىن، ئۇلار جۈمەك يېنىدىكى دەرەخلىككە چىقىپ ئولتۇرۇشتى.

— گۈلپەرى، رەنجىدىڭىزمۇ؟ لېكىن مەن سىزنى

ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مەن سىزنى ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ دېمەكچى.

— ھەسەنجان، مەن سىزنى شۇنداق يېقىن كۆرىمەن ھەم بۇ ھېسسىياتىڭىزنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن. لېكىن، بىز رېئاللىقنى ئويلاشمىساق بولمايدۇ. سىز بۇ يەردە مۇقىم ئىشلەيسىز، ئۆيىڭىزمۇ قوشنا كەنتتە ئىكەن. مەن بولسام شەھەردە...

— بۇنداق باھانە بوگۇنكى كۈندە ئاقمايدۇ، ئىككىمىزلا مۇشۇ يەردە قالساق بولىدىغۇ، — دېدى ھەسەن مۇئەللىم خاپا بولۇپ.

— بايا دېدىمغۇ، سىز مۇقىم ئىشلەيسىز، مەن بولسام ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىمنى ئۇقمايمەن. ھازىر بىلىپ تۇرۇپتىمىز، بۇ تازا كەينى يوق ئىش ئوخشايدۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا، شەھەرگە قايتىپ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتمىساق بولامدۇ؟ بولۇپمۇ مەن ئاپام بىلەن سىڭلىمنى قىيناپ قويسام بولمايدۇ. شۇڭا، ھەسەنجان، بىز يەنىلا دوست بولۇپ ئۆتەيلى.

— گەپنى كېسىۋەتمەڭ، ئىشلار سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىلىك يامان ئەھۋالدىمۇ ئەمەستۇ؟

گۈلپەرى ھەسەن مۇئەللىمنىڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاياۋاتقانلىقىنى بىلىپ سۆيۈندى:

— ئۇنداق بولسا، شۇ ۋاقىتتا بىرنەرسە دېيىشەيلى، ھەسەنجان.

ئادەم دېگەن قىزىق. تېخى ئاخشاملا «ھەسەنجاننى چىرايلىقچە رەت قىلاي» دەپ ئويلىغان گۈلپەرىدە

ئەمدىلىكتە ھەسەن مۇئەللىمنىڭ ئۇمىدلىك گېپى بىلەن «يا بۇ يەرگە رەسمىي تەقسىملەپ قالسا گەپنىڭ ئوچۇقىنى دەپ ھەسەنجاننى كۆرۈپ باقارمەن» دېگەن ئوي لىپپىدە پەيدا بولدى.

※ ※ ※

تەتىلدە گۈلپەرىنىڭ دېمى بەك سىقىلغاچقا ئامال بار ئۆيدىن چىقماسلىققا تىرىشتى. ئۆيدە كىتاب ئوقۇپ يېتىۋالدى. چاقىرغۇ نومۇرىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ ئالىم، ئۆمەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ۋە ئالاقىلىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى. چۈنكى، ئۇ شۇ سەۋەبلىك ئارتۇقچە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋېلىشنى پەقەت خالىمىدى. ئۆيگە تېلېفون كەلسىمۇ ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىغا ئۆزىنى ئىزدەپ تېلېفون قىلغانلارغا «يوق» دەپ قويۇشنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. زۆرۈر بولسا كېيىن ئۆزى قايتۇردى. ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ ھەيرانلىق ۋە گۇمان بىلەن قارىشىغا بولسا «يېزىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى ماڭا بەك چاپلىشىۋالدى، شۇ ئىزدىشى ياكى ئارىغا ئادەم قويۇشى مۇمكىن» دەپ چۈشەنچە بەردى. ئاپىسى بىلەن سىڭلىسى بۇنى توغرا دەپ قارىغان بولسا كېرەك، ئارتۇقچە بىرنەرسە دېمىدى.

شۇ كۈنلەردە ئۇرۇمچىدىكى يىراق بىر تۇغقىنى ئۇلارنى يادىغا ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ باللىرى ئاساسەن سىرتتا بولغاچقا، تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قاپتۇ. ئىككىسىنىڭ

پېنسىيە مائاشى كۆپ بولغان بىلەن تۇرمۇش ئىشلىرىغا يېتىشىپ كېتەلمەيدىكەن، شۇڭا، مۇۋاپىق بىر خىزمەتكار تېپىۋالغۇچە خەلچەمگە قىزلىرىنىڭ بىرەرسىنى ئۆزلىرىگە قاراشقا ئىلتىماس قىلىپتۇ. خەلچەم بۇ ئىشقا قارىتا باشقىچە قاراشتا بولمىغاچقا، ئىختىيارنى قىزلىرىغا قويۇپ بەردى.

— ئۇلار دېگەن يات ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ تۇغقانلىرى. تۇغقانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھىت ئالماشتۇرۇپ كېلىسىلەر. كېيىنچە ئۇلار بىزنىڭمۇ ئىشلىرىمىزغا ياردەم قىلىپ قېلىشى مۇمكىن،— دېدى خەلچەم.

— ئىشقىلىپ، مەن چىقمايمەن،— دېدى گۈلنۇر،— تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە بىر - بىرىدىن دەرستە ئەلا باللار كەپتۇ. شۇنچە تىرىشساممۇ يىللىق ئىمتىھاندا نەتىجەم ياخشى چىقمىدى.

— سىنىپتا بىرىنچى بوپسىزغۇ؟— دېدى خەلچەم.

— سىنىپتا بىرىنچى بولغان بىلەن، يىللىقلار بويىچە ئالتىنچى بوپتىمەن، شۇڭا كۆپرەك دەرس تەكرارلىمىسام بولمايدۇ.

بۇ ئىشنى جىددىي دەڭسەپ كۆرگەن گۈلپەرى ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— بولدى، ئۇرۇمچىگە مەن باراي.

مۇھىت ئالماشتۇرۇش، يېڭى ئىشلار بىلەن بەند بولۇش، بۇ يەردىكى باش ئاغرىتىدىغان ئىشلاردىن مەلۇم

ۋاقىت بولسىمۇ قۇتۇلۇش... مانا بۇلار گۈلپەرىگە ياققانىدى.

— بوپتۇ، قىزىم، سىز چوڭ بولغاندىكەن،— دېدى خەلچەم،— مەنمۇ يىللىق دەم ئېلىشىمنى ئالسام، سىزنى ئاپىرىپ قويغاچ تۇرۇپ كېلىمەن.

— ئاپا، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە بېرىپ قايتىپ كېلەي،— دېدى گۈلنۇر.

شۇنداق قىلىپ گۈلپەرى تەتىل قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىككى مويسىپىت ناھايىتى خۇشخۇي بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر تۇغقىنىدەك، ھەتتا قىزىدەك مۇئامىلە قىلدى. بۇ ئۆيدە ئانچە ئېغىر ئىشلارمۇ يوق ئىدى. ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش، تاماق قىلىش، كىر يۇيۇش دېگەنلەر گۈلپەرى نەچچە يىلدىن بۇيان ئائىلىسىدە كۆندىلا قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلار. شۇڭا ئۇ يېقىن يەردىكى بىر تەربىيەلەش ئورنىغا بېرىپ خەنزۇ تىلى بىلەن كومپيۇتېر ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى.

شۇنداق قىلىپ تەتىلمۇ ئاخىرلاشتى. ئۇ مەكتەپكە كېلىپ ياتاقتا كىرىپ تۇرۇۋىدى، ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ گۈلپەرىنى چۆچۈتۈۋەتتى.

ئۇ ئۆزىگە يەۋەتكۈدەك قاراپ تۇرغان ھەسەن مۇئەللىمنى كۆردى.

— سىز... سىز نەگە كەتتىڭىز؟

گۈلپەرى كۈلۈمسىرىدى:

— ھېچ يەرگە كەتمىدىم. ئۈرۈمچىگە بېرىپ تۇغقانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىم.

— سىزنى شۇنداق كۆپ ئىزدەپ كەتتىم، تېلېفون قىلدىم. ئاپىڭىز سىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىڭىزنى دېگىلى ئۇنىمىدى.

— ئاپام سىزنىڭ نەچچە قېتىم تېلېفون قىلغانلىقىڭىزنى دېدى. كەچۈرۈڭ، ئاپامغا مەن شۇنداق دەپ قويغان.

— بەزىدە ھەتتا ئۆيىڭىزدە ئادەم يوق. تەتىل قىلىپ نەچچە كۈندىن كېيىن سىزنى ئىزدەپ بارغانىدىم، ئىككى كۈنگىچە ساقلىساممۇ ھېچقايسىڭلار يوق.

— بىز ھەممىمىز ئۈرۈمچىگە كەتكەنىدۇق.

— مېنى ئۇنداق قىينىمىسىڭىز بولاتتى.

— ھەسەنجان، بىز بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتىمىز. مۇشۇنداق ئۆتۈپ تۇرايلى. ۋاقتى كەلگەندە مەن سىزنى ئۆزۈم ئىزدەيمەن.

— ماقۇل، مەن ساقلايمەن...

ئوچۇق ئىشىك چېكىلىپ ھەسەن مۇئەللىمنىڭ گېپى بۆلۈندى.

ئىشىك تۈۋىدە مەكتەپ مۇدىرى سىيىت تۇراتتى.

— تىنچ - ئامان كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز، گۈلپەرى مۇئەللىم،— دېدى مەكتەپ مۇدىرى ئۆزىدە سۈنئىي سالاپەت پەيدا قىلىپ،— ئايقىز مۇئەللىم شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتتى. شۇڭا، سىز ياندىكى ياتاققا چىقىۋالسىڭىز، بىز بۇ ياتاقنى ئىشخانا قىلىدىغان بولدۇق.

سىيىت مۇدىر ھەسەن مۇئەللىمگە قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدى. گۈلپەرى: «توۋا، بۇ جاھاننى! ئايقىز

بىرنىمىلەر قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ. بىراق، دەردى ئىچىدىدە بىچارىنىڭ» دەپ ئويلىدى.

— يۈرۈك، ۋاقتىدا ئورۇنلىشىۋېلىڭ. چۈشتىن كېيىن خىزمەت تەقسىملەش يىغىنى بار ئىكەن. شۇ تاپتا چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى. تېنەپ قالماڭ يەنە.

ھەسەن مۇئەللىم گۈلپەرىگە ياردەملىشىپ كارىۋاتنى يۆتكەۋاتقاندا بىرەيلەن كېلىپ ھەسەن مۇئەللىمنى مۇدىرنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ھەسەن مۇئەللىم ئىشخانىغا كىرگەندە سىيىت مۇدىر مىجەزىگە مۇخالىپ ھالدا ئۇنى ئىللىق چىراي قارشى ئالدى ۋە:

— ئىشىكنى يېپىۋېتەمسىز – يە؟ — دېدى. ھەسەن مۇئەللىم ئىشىكنى يېپىۋەتتى.

— ھەسەن مۇئەللىم، سىز بىلەن مەن بىر يۇرتلۇق، شۇڭا مەن سىزگە رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرۇپلا ئەمەس، بەلكى ئاكىلىق سالاھىيەت بىلەنمۇ مەسئۇل بولۇش مەجبۇرىيىتىم بار.

ھەسەن مۇئەللىم بېشىنى لىڭشىتتى. ئەمما، سىيىت مۇدىرنىڭ نېمىشقا بۇنداق دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى.

— دېمەكچى، مەن سىزنىڭ خىزمەتنى قانداق ئىشلەۋاتقانلىقىڭىزغىلا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش ئىشىڭىزغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشۈم كېرەك.

شۇندىلا ھەسەن مۇئەللىم ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ۋە «قېنى نېمە دەيسەنكىن؟» دەپ جىم ئولتۇردى.

— سىزچۇ، تۇرمۇش ئىشىڭىزنى قانداق ئويلىشىۋاتىسىز؟

— ئويلاپ قويغان يېرىم بار،— دېدى ھەسەن مۇئەللىممۇ ئۇدۇللا.

— ياخشى، ئۇنچىلىك ئىشلارنى ئۆزىڭىز بىر تەرەپ قىلىپ مېڭىشىڭىز كېرەك. بولمىسا، چوڭلارغا ئاۋارىچىلىك بولغان. ھە، بىزنىڭ ئۇ سىڭىل كىم، نەدىن؟

— ئوتتۇرىدىكى ئىش پىشمىغاچقا ھازىرچە دېمەي تۇرسام.

— بوپتۇ، بوپتۇ. مەن كۆپ ئويلىنىپ بەزى ئىشلارنى ئالدىنئالا ئەسكەرتىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. سىلەر ياشلار دىققەت قىلالماي قېلىپ، بەزىدە كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىسىلەر. كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىش ئادەمگە پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ.

سىيىت مۇدىرنىڭ گەپ ئەگىتىشىدىن ھەسەن مۇئەللىمنىڭ ئىچى سىقىلىپ كەتتى. ئۇ سىيىت مۇدىرنىڭ گۇلپەرى ھەققىدە بىرنەرسە دەيدىغانلىقىنى جەزم قىلدى. بىراق زادى نېمە دېمەكچى؟

سىيىت مۇدىر بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىر گەپنى دېسەم ئىچىڭىزدىلا قالسۇن، سىزنى يېقىن كۆرۈپ، سىزگە پايدىسى بولۇپ قالسۇن، دەپ بۇ گەپنى دەۋاتىمەن. سىز مەكتەپتىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى ئابلەتنى بىلىسىز، سېمىزلىكىدىن قوڭى ۋېلىسىپىتنىڭ

ئېگىرىدىن ئىككى تەرەپكە ساڭگىلاپ قالىدىغان ئايالى پەرىدەنىمۇ بىلىسىز. ئابلەت مۇئەللىم مۇشۇ يېشىغىچە يۇمشاقباش بولۇپ يۈرىدۇ. ھەممە ئادەم ئارقىسىدىن كۈلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا پەرىدە زىلۋا، چىرايلىق قىز ئىكەن (نېمىسى نېمە بولغان، يېقىنقى ئىككى يىلدا تۇيۇقسىزلا سەمرىپ كەتتى)، ئەمما پەرىدەنىڭ مەلۇم ئىدارىدىكى ھۆسەيىن بىلەن چاتىقى بار ئىكەن. لېكىن، ئابلەت مۇئەللىم پەرىدەنى «جاھاندا مۇنداق چىرايلىق قىز يوق» دەپ، باشقىلار شۇنداق نەسىھەت قىلسىمۇ ئاپتۇ. كېيىن ھۆسەيىن ئابلەت مۇئەللىم بىلەن يېقىن ئاغىنە بولۇپ قالدى. مەكتەپتە بۇمۇ بىر قىزىق گەپ بولۇپ يۈردى. كېيىن ھۆسەيىن ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىنى قىلماقچى بولۇپ ئۇلارنى تويغا چىللاپ كەلدى. ئۆگۈنلۈككە توي دېگەن كۈنى ھۆسەيىن ئۇلارنى ئالغىلى ئۆزى بىر ماشىنىنى ھەيدەپ كەلدى. ئەمما، پەرىدە: «بالىلار يالغۇز قالسا بولمايدۇ. قوي ـ كالىلار ئاچ ـ سۇسىز قالمىسۇن» دەپ ئابلەت مۇئەللىمنى توي كۈنى بارىدىغان قىلىپ، ئۆزى ماشىنىغا چۈشۈپ كەتتى. ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ، ئابلەت مۇئەللىم ماشىنىنىڭ توپىسىدا خوشلىشىپ قالدى. ئويلاپ بېقىڭە، ئادەمنىڭ بۇنداق غورۇرسىز، ئاھانەت ئىچىدە ياشىغىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟

ھەسەن مۇئەللىم يەنە تىنتىلىدىدى. بۇ ئىشلار بىلەن گۈلپەرىنى پەقەت باغلىيالمىدى.

ــ مەن بۇلارنى سۆزلەپ نېمە دېمەكچى؟ سىزگە

كۆڭۈل بۆلمەكچى، سىزنى دىققەت قىلسۇن دېمەكچى. ئەگەر مۇنۇ گۈلپەرى بىلەن ئارىلاشمايۋاتقان بولسىڭىز ياخشى، ناۋادا ئارىلىشىش خىيالىڭىز بولسا ۋاقتىدا ئۆزىڭىزنى ئوڭشىۋېلىڭ. نېمىشقا مۇنداق دەيمەن؟ بەلكىم سىز بىلمەيسىز. بۇ گۈلپەرى دېگەن قىز ئىچىدە مۈڭگۈزى بار قىز. مەن شەھەردە بۇ ھەقتە كۆپ ئاڭلاپ كەتتىم. ئۇنىڭ كىيىنىشىگە، كۆزىگە، ئېڭىشىسە ئالدىدىن كۆكسىنىڭ يېرىقىنى، كەينىدىن قوڭىنىڭ يېرىقىنى كۆرسىتىپ يۈرۈشىدىنلا قانداقلىقىنى بىلمەمسىز كېيىن بىكار ئابلەت مۇئەللىمدەك سەت نامغا قالسىڭىز، ئۆزىڭىزگىمۇ، مەكتەپكىمۇ، بىز ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ نى ئات، نى نومۇس!

«نېمە دەيدىكىن» دەپ ئولتۇرغان ھەسەن مۇئەللىم بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدى:

— مۇدىر، نېمە دېگەنلىرى بۇ؟

— ئۇكام، چېچىلماڭ. كېيىن پۇشايمان قىلسىڭىز ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۇنداق قىزلار ناھايىتى ھىيلىگەر كېلىدۇ، كۆرۈنۈشتە ھېچقانداق ئىشنى بىلمىگەندەك يۈرىدۇ، بىراق ۋاقتى كەلگەندە سىزنى ئوڭدا قويىدۇ. ئويۇننى شەھەردە ئويناپ، شالتىقىنى بۇ يەرگە ملىغان...

— مۇدىر، — ھەسەن مۇئەللىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سىلى خەققە قارىسىغىلا ھاقارەت قىلسىلا بولمايدۇ.

سىيىت مۇدىرمۇ ئاچچىقلاندى:

— ھەي، ئۆكامەي، مەن بىر يېرىنى بىلىپ گەپ قىلىۋاتىمەن. «قارىسىغا ھاقارەت» دەۋاتقىنىنى. «مانا كۆر» دەپ ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان ئىشمىتى بۇ!

ھەسەن مۇئەللىمنىڭ مۇشتى تۈگۈلدى:

— ئەمىسە... ئەمىسە... نېمىشقا... نېمىشقا گۈلپەرىگە شۇنچە چاپلىشىۋالىلا.

— ماۋۇ بالىنى. سىزنىڭ ئۇ ئىشىڭىز بىلەن مېنىڭ ئىشىم قانداقمۇ ئوخشىسۇن.

— سىيىت مۇدىر، بۇ گەپلەر مۇشۇ يەردە قالسۇن. بىر قېتىم ھۆرمەتلىرىنى قىلىپ بولدى قىلاي. لېكىن، — ھەسەن مۇئەللىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي شىرەنى مۇشتلىدى، — لېكىن يەنە مۇشۇنداق گەپ چىقىدىغان بولسا كىم بولسا مەيلى، دېيىشىدىغان گەپنى جايىغا بېرىپ دېيىشىمەن.

سىيىت مۇدىر سوغۇق كۈلدى:

— ھوي ھەسەن، ناھايىتى گۈلپەرىنى ئالغۇدەكسەنغۇ، ماڭ چىقىپ جاكارلا.

— ئالىمەن قانداق؟!

— ئەتە - ئۆگۈن ئولتۇرارسەن بېشىڭغا كۈسىرىنى كىيىپ... بولدىلا، ئەمدى ساڭا گېپىم يوق.

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان ھەسەن مۇئەللىم ئىشىكنى «جاڭڭىدە» ياپقىنىچە چىقىپ كەتتى.

يىغىن مەيداندا گۈلپەرى ھەسەن مۇئەللىمنىڭ چىرايىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: «نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ بىئارام بولدى. سىيىت مۇدىر

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دىققەت قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمەتكە تەقسىملەش ئىشىنى ئېلان قىلدى. ھەسەن مۇئەللىمنىڭ يېزىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى ئىككى سىنىپلىق شۆبە مەكتەپكە بۆلۈنگەنلىكى ئېلان قىلىنغاندا، گۈلپەرى: «ھەسەنجان بۇنى بايا مۇدىردىن بىلىپ خاپا بولۇپ قالغانىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى. ھەسەن مۇئەللىم بولسا ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

كەچلىكى ھەسەن مۇئەللىم گۈلپەرى بىلەن خوشلاشقىلى كىردى. ئۇلار ۋاسكېتبول مەيدانىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى چوڭ ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. سىنتەبىر ئايلىرى بولغاچقا ھاۋا سالقىن ئىدى.

— بۇ مەكتەپتە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى يالغۇز سىزلا تۇرسىڭىز، نېمىشقا ئۇ يەرگە سىزنى ئەۋەتىدۇ؟ — كۆندۈز بويى ئۆزىنى قىيناپ كەلگەن سوئالنى سورىدى گۈلپەرى.

ھەسەن مۇئەللىمنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ گۈلپەرىنىڭ دىلىنى رەنجىتكۈسى كەلمىدى. شۇڭا ئۇ:

— بەلكىم مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئويلىغىنى باردۇ؟ — دەپ قويدى.

— يۇقىرىدىن مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بەرمەي باقسۇنچۇ، ئالدىڭىزغا يېلىنىپ بارماي ئامالى يوق.

— سىزدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ مۇدىرنى كۆندە كۆرمىگىنىم ياخشى

بولدى. ئۆزۈممۇ ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ تۇراتتىم.

— دېمىسىمىغۇ، مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ مۇدىر بولۇپ قېلىشى ئادەمنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەيدۇ.

— بولدىلا، — دېدى ھەسەن مۇئەللىم ئېغىر تىنىپ، — ئۇنداق پەس ئادەمنىڭ گېپىنى قىلىپ دىلىمىزنى غەش قىلغۇچە ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلىشايلى. گۈلپەرى، مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرىپ، سىز دېگەن پەيتنى ساقلايدىغان بولدۇم. نېمىلا بولسا ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇپتىمىز. مەن سىزنى ساقلايدىغان ئاخىرقى پەيتنى دەي، سىزنى ئىككىنچى مەۋسۇملۇق تەتىلگە قويۇپ بەرگۈچە ساقلايمەن. شۇ ۋاقىتقىچە بىرنېمە دېمىسىڭىز، سىزگە دەپمۇ قويماي ئۆيىڭىزگە ئەلچى كىرگۈزىمەن.

— مەن چوقۇم جاۋاب بېرىمەن، — دېدى گۈلپەرى.

— گۈلپەرى، ئەمدى كۆندە خالىغانچە كۆرۈشكىلى بولمايدۇ. شۇڭا سىزنى بىر قېتىم قۇچاقلاپ، باغرىمغا ھىدىڭىزنى قاچىلىۋالاي. سېغىنغاندا پۇرايمەن.

ھەسەن مۇئەللىم گۈلپەرىنىڭ قولىنى تۇتتى.

— بولىدۇ، لېكىن ئەسكىلىك قىلمايسىز جۇمۇڭ، — دېدى گۈلپەرى. ھەسەن مۇئەللىم گۈلپەرىنى ھاياجان بىلەن قۇچاقلىدى. گۈلپەرىمۇ بۇ ئىللىق قۇچاقتىن بىر خىل خاتىرجەملىكنى ھېس قىلدى.

— پېشانىڭىزگە سۆيۈپ قوياي.

گۈلپەرى پېشانىسىنى تەڭلىدى. گۈلپەرىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈۋاتقان ھەسەن مۇئەللىم تۇيۇقسىزلا

ئۇنىڭ لېۋىگە سۆيدى. ھاياجانلىنىپ كەتكەن گۈلپەرى ئازراق ماسلاشتى ـ يۇ، دەرھال ئۆزىنى تارتتى.

— ھەسەنجان، سىز...

— بولدى، ئارتۇق گەپ قىلماڭ، گۈزەل چۈشتەك تاتلىق ئەسلىمە بولۇپ ساقلىنىپ قالسۇن.

بۇ گەپ بىلەن گۈلپەرى بىرنېمە دېيەلمەي قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشنىمۇ خالىمىدى.

شۇ چاغدا ھەسەن مۇئەللىم بىر ئاتكرىتكىنى چىقاردى.

— مەن شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان بىرنەچچە كۇپلېتنى خاتىرە ئورنىدا بۇ ئاتكرىتكىغا يېزىپ قويدۇم. ناۋادا، مېنى سېغىنغاندا ئوقۇپ قويارسىز.

— نېمە شېئىر بولغىيتتى بۇ؟ يورۇقراق يەر بولسا ئوقۇپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— بولدى، ئۆزۈملا ئوقۇپ بېرەي.

— نېمە؟ يادلىۋالغانمىدىڭىز؟ ئۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى سىزمۇ كۆپ ئوقۇيدىكەنسىز ـ ھە. مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن.

ھەسەن مۇئەللىم گۈلپەرىنىڭ قالغان گەپلىرى بىلەن كارى بولماي، شېئىرنى ئوقۇشقا تەييارلاندى:

تەڭرىدىن تىلىگىنىم بىر سەن بولدۇڭ،
«تىلەكسىز ئوغۇل بولما» دېسە ئانام.

ئەزىزلەپ، ئۆچۈرۈڭنى بەرگەنلەرگە،
ئون كۆرسەم، بەردىم كۆندە ئون رەت سالام.

سورايمەن كۆرۈنگەندىن سىنى گۈلۈم،
توي تارتىپ ئۆتكەنلەرنى توراپ تۇرۇپ.
قانچە رەت يىغلىۋەتتىم چىدالماستىن،
يىنىشلاپ ئۆچۈرۈڭنى سوراپ تۇرۇپ.

قىيىدىسام كەچتى دىمە بۇ ۋىسالدىن،
كۆتۈشكە يارالغانمەن سۆيگۈنۈمنى.
چىكى يوق شۇ كۈتۈشتىن، جاھان كۆرسۇن،
ئۆمۈرلۈك مىنىڭ ساڭا كۆيگىنىمنى.

ھەسەن مۇئەللىم شىئىرنى تازا جايىدا تاللىغانىدى، شۇڭا بۇ شىئىر گۈلپەرىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر خاتىرە بولۇپ قالدى.

# ئون بەشىنچى باب

## ھاياتلىق گۈلگە ئوخشايدۇ

بۈگۈن سېلىم بەرگەن تېلېفون ئالىمنى ئالدىرىتىپ قويدى.

ــ ئاداش، سەن بىلەن ئۈزۈن يىللىق دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى دەپ بىر ئۆچۈرنى يەتكۈزەي: دۆلەت بايرىمىدىن باشلاپ ۋەزىيەت چىڭىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدىن باشلاپ خېلى بىر مەزگىلگىچە سەمىلەر مال كىرگۈزەلمەيدىغاندەك ھەمدە مال چىقىرالمايدىغاندەك قىلىدۇ. سەمىلەر «چوڭلار»دىن بۇ توغرۇلۇق ئېنىق كۆرسەتمە تاپشۇرۇپ ئاپتۇ، شۇڭا ھازىر قولىدىكى ماللىرىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىۋېتىپتۇ. مەن ئەتىلىككە ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئازراق ئەكېلىپ قوياي دەيمەن. ھەرقاچان سېنىڭمۇ چېكىدىغىنىڭ تۈگەپ قالدى بولغاي. تۆت ـ بەش مىڭ كوي جايلاشتۇرالىساڭ مەن بىللە بېرىپ ئازراق ئەكېلىۋالامسەن ـ يە؟ كېيىن لازىم بولغاندا ئىزدەپ ئاۋارە بولما دەيمەنا.

سېلىم تېلېفوندا شۇ گەپنى دېگەن بولدى، ئالىم

تۇرالماي قالدى. سىلىمنىڭ گېپى جېنى بار گەپ ئىدى. ئەگەر سەمىلەر جىم يېتىۋالىدىغان بولسا ئالىملا ئەمەس، باشقا ئۇلپەتلەرنىڭمۇ تۇگەشكىنى شۇ.

— ئالىم، مەن ئەتە چۈشكىچە ماڭىمەن. شۇڭا ئەتە ئەتىگەنگىچە جاۋابىنى بەر. ناۋادا كۆپرەك پۇل تاپالىساڭ كۆپرەك ئەكېلىپ پۇل قىلىمامسەن. شۇنداق دەپ بۇ خەۋەرنى سەندىن باشقا بىرسىگە دېمىدىم.

بۇ گەپ ئالىمنى ئوت ئالدۇرۇۋەتتى. ئالىم دەرھال ئىدارىسىدىن رۇخسەت سوراپ، ماشىنىسىنى تاشلاپ بەردى - دە، ئۆيىگە چاپتى. ئەمما، بۇ ئىشقا كەلگەندە بەك ئىشلەپ كېتىدىغان ئاددىي كاللىسى يول بويى جىددىي ئىشلەپ كەلدى. ئالىم ئۆيگە كىرىپلا شېرىنگۇلنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنى بىلەنمۇ كارى بولماي سۆزلەپ كەتتى:

— شېرىنگۇل، شۇنداق ياخشى بىر سودا چىقىپ قالدى، ئەگەر ئازراق مەبلەغ بولغان بولسا بەش - ئون كۈن ئىچىدە بىرمۇنچە پۇلغا ئىگە بولۇپ قالاتتۇق.

ئەمما، ئەينەككە قاراپ يۈزىنىڭ بىر يېرىدە ئانچىكىم پەيدا بولغان بىر داغنى سىلاپ تۇرغان شېرىنگۇل بۇ گەپكە ئانچە قىزىقمىدى.

— بىزگە سودا قىلىپ نېمە كەپتۇ؟ يا بىز ئۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىساق. يەنە كېلىپ پۇلىمىز ئېھتىياجىمىزدىن چىقىۋاتسا.

— پۇل ئازراق بولسىمۇ كۆپەيسە يامان ئىشمۇ؟

— يامان ئىشقۇ ئەمەس.

— شۇنداق بولغاندىكىن نېمىشقا قىلمايمىز؟

— ئىشقىلىپ، مەن سودا ئىشىنى چۈشەنمەيمەن.
— شۇڭا سىز گېپىمگە كىرىپ «ھە» دەپ ئولتۇرۇپ، تاپقان پۇلنى خەجلەڭ.
— ئۇنداق يېرى بولسا، بوپتۇ، قىلىڭ.
— ئەمدى شۇ،— ئالىم بىردىنلا كېكەچلەپ قالدى،— ئەمدى شۇ... مەبلەغنىڭ ئىشى...
شېرىنگۈل مىيىقىدا كۈلدى:
— ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن مەبلەغنىڭ ئامالىنى قىلىڭ، چوڭ ئۆيگە بېرىڭ.
— چوڭ ئۆيگە قانداق بارىمەن؟ تېخى ئالدىنقى ئايدىلا تۆت مىڭ كوي سورىغان تۇرسام.
— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟
— سىز بىر ئامال قىلىپ بېرىڭ.
— مەندە قانچىلىك پۇل بولماقچى. «ئۆتكەندە يەتتە مىڭ كوي لازىم» دەپ كارتامنى ئېلىۋېلىپ ئون مىڭ كوينى ئېلىۋالدىڭىز، «ھە» دېدىم. كېيىن ئۇ كارتىمۇ، بىر پۇڭچەن پۇلمۇ يوق. «ئېرىم بولغاندىكىن» دەپ سۈرۈشتۈرمىسەم ھازىرغىچە ئۇ توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ ئاق - كۆك دېمىدىڭىز. ھازىر تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغانغا مائاشىمدىن باشقا ھېچنېمە يوق.
ئالىم يالغاندىن كۈلۈشكە مەجبۇر بولدى:
— ئۇ پۇل بىلەنمۇ سودا قىلدىم. دەسلەپتە پايدا ئالغان، كېيىن بىر دوستۇمنىڭ دۈشمەنلىك قىلىپ يالغان ئۇچۇر بېرىشى بىلەن ھەممىدىن قۇرۇق قالدىم، شۇڭا خىجىل بولۇپ سىزگە دېيەلمىگەن.

— شۇڭا سىزنى سودا قىلماڭ دەۋاتىمەن.
— لېكىن بۇ قېتىم يۈزدە يۈز پايدا بار.
— لېكىن مەندە پۇل يوق دەۋاتىمەنغۇ.
— ئۆتكەندە ئۆزىڭىز «ئاتام بەرگەن بەش تۈمەن كوي پۇلنى سېلىپ قويغان كارتا بار. مۇھىم ئىشلاردا ئىشلىتىمىز» دېگەنغۇ. شۇ پۇلنى ئىشلىتىپ تۇرايلى.
شېرىنگۈل قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئالىمغا ئاچچىقى بىلەن تىكىلدى، ئاندىن خۇددى بىر ئىشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك بىرپەس تۇرۇۋېتىپ:
— كېيىن ئاتامغا پۇل لازىم بولۇپ قېلىپ قالسا، بېرەلمەي قالىمىز. ئاتام بىزگە بۇ پۇلنى ئەكەتتى، — دېدى.
— ئۇنداق بولسا بېرىپ ئەكېلىڭ.
— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.
— نېمىشقا؟
— ئۇ دېگەن ئاتام. ئۇ پۇلغا ئېھتىياجلىق تۇرسا، قانداقمۇ «پۇلۇمنى بەر» دېيەلەيمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ پۇل ئەسلىدىنلا ئاتامنىڭ پۇلى تۇرسا.
— مەن ئېرىڭىزغۇ؟ مەن پۇلغا ئېھتىياجلىق بولسام قاراپ تۇرامسىز؟
— ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئىشنى بۇنداق باغلىۋالسىڭىز بولمايدۇ.
— بۇنداق چىكىچ گەپلەرنى قىلمىسىڭىزمۇ، مەقسىتىڭىز ماڭا پۇل بەرمەسلىكقۇ.
— ئالىمجان، راست مەندە پۇل يوق.
— چىرايلىق گەپ بىلەن مېنى تولا گوللايمەن

دېمەڭ. شۇنچە باي ئاتىڭىز سىزنىڭ بەش تۈمەن كوي پۇلىڭىزغا قاراپ قالامتى.
— قانداقلا چۈشەنسىڭىز مەيلى، مەندە هازىر پۇل يوق.
— مەن بىلىمەن، سىز ماڭا ئامالنىڭ يوقىدا تەگكەن. ئەگەر شۇ تاپتا شېنجېندىكى ئاشنىڭىز بولغان بولسا بەش تۈمەن ئەمەس، ئەللىك تۈمەن بولسىمۇ بېرەتتىڭىزغۇ دەيمەن.
— ئالىمجان، ئاغزىڭىزغا بېقىپ گەپ قىلىڭ.
— راست تۇرمامدۇ، ئەگەر مېنى ئېرىڭىز قاتارىدا كۆرگەن بولسىڭىز، قىيىنچىلىقىم ئالدىدا قاراپ تۇرمىغان بولاتتىڭىز.
— بىلىۋېلىڭ، سىز مېنىڭ ئېرىم بولغىنىڭىز ئۈچۈن بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپتىمەن.
— ئۆزىڭىز بۇ يەردە ئولتۇرغان بىلەن كۆڭلىڭىز شېنجېندىدۇ؟
— سىز مېنى شۇنچە پەس كۆرۈۋاتامسىز؟ — شېرىنگۈلنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئالىم مەسخىرىلىك كۈلدى:
— قانداقلىقىڭىز ئۆزىڭىزگە بەش قولدەك ئايانغۇ.
— سىز! — شېرىنگۈل قولىدىكى تارغاقنى ئالىمغا ئاتتى، — ماقۇل، سىز دېگەندىكىن، مەنمۇ دەي. تويدىن بۇرۇن مەن سىزگە بۇ توغرۇلۇق دېگەن. تويىنىڭ ئەتىسىمۇ مەن سىزگە تاللاش پۇرسىتى بەرگەن. ئۆزىڭىز ھەممىگە ماقۇل بولغان تۇرۇقلۇق ئەمدى كېلىپ مېنى

شىنجىندىكىنى پالان ـ پوستان دەيسىزا. ئۆزىڭىزچۇ؟ ئۆزىڭىز قانداق؟

— مەن قانداقكەنمەن؟

— مىنى بىلمەيدۇ دېمەڭ. مەن سىزنىڭ خىروئىن چېكىدىغانلىقىڭىزنى ئاللىقاچان بىلگەن.

— نېمە؟ — ئالىم چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، — نېمە يوق گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز؟

— يوق گەپ ئەمەس، نەق گەپ. مەن ئۇ ئىشنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەنمۇ؟ سىزنىڭ ھازىرقى ھالىڭىز، يەۋاتقان تامىقىڭىز، يانچۇقىڭىزدىن چىقىۋاتقان نەرسىلەر... مەن شۇلارغا قاراپ ئاللىقاچان بىلىپ بولغان.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالىم داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى:

— سىز بۇلارنى قانداق بىلىسىز؟

— بىلىپ قويۇڭ، شىنجىندىكىسى مۇشۇ ئىشقا كىرىشىپ قېلىپ قول ئۈزەلمىگەچكە مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇ ئامالسىز شىنجىنغا كىرىپ كەتتى. ھازىر ئۆلدىمۇ، يوق؟ بىلمەيمەن. مەن سىزنىڭمۇ شۇنداقلىقىڭىزنى بىلگەندە «ئاھ، خۇدا! مېنىڭ تەقدىرىم مۇشۇنداق يارىتىلغانمۇ؟ نېمىشقا تىنىچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇش ئاتا قىلمايدىغانسەن؟» دەپ ئاھ ئۇردۇم. ئەمما نېمە ئامال؟ شۇڭا سىزنىڭ ئىنسابىڭىزنى تىلەپلا يۈردۈم.

بۇنى ئاڭلىغان ئالىم:

— مۇنداق ئىشمىتى، — دەپ غودۇڭشىدى ۋە: «ئۇ

خۇنپەرمۇ چىقىدىكەن - دە» دەپ ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

— ئالىمجان، دېگەن يەردە تۇرۇڭ، — دېدى شېرىنگۈل ئالىمنىڭ كۆزىگە دادىللىق بىلەن تىكىلىپ، — بولمىسا مېنىڭمۇ دەيدىغىنىم بار.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى. ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بۇ سودىنى قىلاي...

شېرىنگۈل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— بولدى، ئالىمجان، يەنە ماڭا يالغان ئېيتىمەن دەۋاتىسىزغۇ؟ بۇنداق ئەھۋالىڭىزدا سىز قىلىدىغان نەدىكى سودا ئىكەن.

— سىز...

شېرىنگۈل ئۇدۇللا دەۋەردى:

— چىقىدىغىنىڭىز تۈگەپ قالغاندۇ شۇ.

— سىز مېنى شۇنچە نامرات كۆرۈۋاتامسىز؟

— مەن دېمىسەممۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى ئۆزىڭىزگە ئايان. مەن بىلىپ تۇرۇپتىمەن، ئۆتكەنكى ئىككى تۈمەن كوينىمۇ چىقىپ تۈگەتتىڭىز. ئۆتكەندىمۇ ئالتۇن ھالقام يوقاپ كەتكەندە ئۆيدە بىرنەچچە كۈن تۇرغان تۇغقانلىرىمغا ئارتىپ تۈگەتتىڭىز. دېسەم - دېمىسەم، ئۇنىمۇ ئىككى چىقىم ئىسقا تېگىشتۈرەتتىڭىز...

— بولدى، ماڭا بۇنداق بوھتان چاپلىغۇچە «پۇلنى بەرمەيمەن» دېسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— بەرمەيمەن.

— بىلىمەن، سىزدە پۇل بار، سىز قەستەنگە

بەرمەيمەن دەۋاتىسىز، قارىغاندا مەن سىزنىڭ ئېرىڭىز ئەمەسكەنمەن.

— شۇنچىلىك ئويغا كەلگەن بولسىڭىز خەتەرلىك ئويغا پېتىپ قاپسىز. سىز مېنى قىستىماي، ياخشىراق ئويلاپ بېقىڭ. ئەسلىي مەن بۇنچە كېچىكتۇرمەي، ئۆز ۋاقتىدىلا سىزنى زەھەر تاشلايدىغان ئورۇنغا بېرىشقا دەۋەت قىلسام بوپتىكەن.

— بولدى قىلىڭە...

ئالىمنىڭ خۇمارى تۇتۇشقا باشلىۋىدى، نېرىقى بىنادىكى ئۆلپەتدىشىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى ۋە يولدا كېتىۋېتىپ: «ئەمدى بېرىپ ئاپامغا يېلىنىپ باقاي» دەپ ئويلىدى.

※ ※ ※

مائاشىنى قورساق ۋە ئانچە - مۇنچە كىيىمگە يەتكۈزۈپ، تۇزۇك ئىشىنچا قىلالمايۋاتقان گۈلپەرى ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلىقتىن يالتىيىپ شەھەرگە قايتىپ باشقا بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئويىغا كېلىپ تۇرغاندا رەسمىي ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىنىڭ گېپى چىقىپ قېلىپ، سىيىت مۇدىرنىڭ ئىلمەك گەپلىرى، تېتىقسىز قىلىقلىرىغا، قاتتىق - يىرىك تېگىشلىرىگە ئاچچىقى بىلەن لېۋىنى چىشلەپ غەيرەت قىلىپ يەنە بىر يىل ئىشلىۋەتتى.

ئارىدا گۈلپەرىنى ئەڭ تەڭلىكتە سالغان ئىش ھەسەن

مۆئەللىمىنىڭ توي قىلىش تەكلىپى بولدى. ھەسەن مۆئەللىم ئىككىلەنمەي، ھېرىپ قالماي ئۇنىڭغا «شېرىن ھوجوم» قىلىۋەرگەندىن كېيىن ھەسەن مۆئەللىم بەلگىلەپ بەرگەن مۆھلەت توشقاندا ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئوچۇق دېمەكچى بولدى. ئەگەر ھەسەن مۆئەللىم ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزەلىسە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچىمۇ بولدى. لېكىن، شۇ كۈنلەردە ھەسەن مۆئەللىمنىڭ ئاتىسى تۇگەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسىبەت سەۋەبلىك ھەسەن مۆئەللىم بۇ ئىشقا ئالدىراپ كەتمىدى. شۇنداق قىلىپ 2004 - يىلىنىڭ بىرىنچى مەۋسۇمىمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى.

گۈلپەرى ياتىقىدا مەشكە كۆمۈر جىقلاپ تۇراتتى، ياتاقتا قىممەت پۇللۇق پەلتو بىلەن سالاپەتلىك بولۇپ كەتكەن سىيىت مۇدىر كىرىپ كەلدى.

— بۇ قېتىم ناچار كۆمۈر كېلىپ قاپتىكەن، جاپا تارتىپ قالمىغانسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۆڭۈل بۆلۈش تەلەپپۇزىدا.

— بىزگىمۇ مەيلى، ئەمما باللارغا جاپا بولۇۋاتىدۇ. يا سىنىپ ئوبدان ئىسسىمىغان.

— يەنە ئون نەچچە كۈن غەيرەت قىلسا تەتىل بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — سىيىت مۇدىر شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. بۇنىڭدىن كۆڭلى تۇيغاندەك بولغان گۈلپەرى ئىشىككە ماڭدى:

— مېنىڭ دەرسىم بار ئىدى.

قورقىغان ئىش بولدى. سىيىت مۇدىر ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى.

— مۇدىر، سىز...

— گېپىمنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟ مەن بىلەن شەھەرگە بېرىڭ.

— مۇدىر، بۇنداق يامان خىياللارنى قىلىپ يۈرگۈچە يامانلىقتىكى ئايالىڭىزنى ئەكېلىۋالسىڭىز بولمىدىمۇ؟

— شۇڭا سىزنى شەھەرگە بېرىڭ دەۋاتىمەن. ئەگەر گېپىمگە كىرسىڭىز ئايالىمنى ئەمەس، سىزنى ئۆيگە ئەكېلىۋالىمەن.

ئۇنىڭ بۇ گېپى گۈلپەرىگە غەلىتە ۋە كۈلكىلىك تۇيۇلدى. بۇنىڭدىن «تووۋا!» دەۋەتتى گۈلپەرى.

گۈلپەرىنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، «مەيلى بار ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالغان سىيىت مۇدىر گۈلپەرىنى «كاپپىدە» قۇچاقلىۋالدى. گۈلپەرى ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چىقىش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن يۇلقۇنۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا چاقىرغۇ كەلدى. سىيىت مۇدىر بۇنىڭ بىلەن كارى بولماي گۈلپەرىنى بىر قولى بىلەن قۇچاقلاپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن پاتىڭنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. گۈلپەرى سىيىت مۇدىرنىڭ كۈچلۈك قولىغا تەڭ كېلەلمىدى. شۇڭا ئۇ ئاغزىنى چىڭگىدە يۇمۇپ تۇرۇۋالدى. بىر ئامال قىلىپ ئۆزىنى بىر چەتكە تارتقان گۈلپەرى:

— مۇدىر، نېمە بولسام بولاي، ئەمدى ۋارقىرايمەن،— دېدى.

— ۋارقىراڭ،— دېدى سىيىت مۇدىر. گۈلپەرى بار كۈچى بىلەن «ۋايجان...» دېيىشىگە، بۇنى پەقەت

كۈتمىگەن سىيىت مۇدىر قورقۇپ كېتىپ گۈلپەرىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى ۋە ئۇنى قويۇۋەتتى.

— يا ماڭا تەگكىن دېسەم ئۇنىمايسەن،— دېدى سىيىت مۇدىر ئاچچىقى بىلەن،— بوپتۇ، ئۆزۈڭگە قىلدىڭ. ھەسەن قايتىپ كەلسە كېيىنكى مەۋسۇمدە جاڭگالنىڭ تەمىنى تېتىپ باقساڭ بولغۇدەك.

سىيىت مۇدىر ئۇنىڭغا ئاشۇنداق تەھدىت سېلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. گۈلپەرى ئەلەم بىلەن ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. ئۇ خېلى ئۇزاققىچە مىچىلداپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چاقىرغۇسى يەنە سايرىدى. گۈلپەرى چاقىرغۇسىغا قاراپ يېشىنى سۈرتتى. چاقىرغۇ ئۆيىدىن كەلگەنىدى. گۈلپەرى يۈزىنى يۇيۇۋېتىپ مەكتەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ شۇ يەردىكى دۇكاندىن تېلېفون قايتۇردى. گۈلپەرى «ۋەي» دېيىشىگىلا ئاپىسى ئالدىراپ ـ تېنەپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— قاراڭ، قىزىم، بەك خۇشاللىق ئىش بولدى، ئويلىمىغانلا خۇشاللىق... شۇ تاپتا خۇشلۇقۇمدىن...

— ئاپا، نېمە ئىش بولدى؟

خەلچەم يەنە بىر ئاز تاققا ـ تۇققا گەپ قىلغاندىن كېيىن مەقسىتىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان گۈلپەرىمۇ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە قايتا ـ قايتا «راستىمۇ، ئاپا؟» دەپ سورىۋەتتى.

— بولىدۇ، ئاپا، مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىنلا يېتىپ بارىمەن،— دېدى گۈلپەرى خوشلىشىپ.

بايىلا ئازابتىن نەملەنگەن گۈلپەرىنىڭ كۆزلىرى

ئەمدى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل سىيىت مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. بايا خۇيلىنىپ، باتناپ، ئاچچىقلىنىپ قالغان گۇلپەرنىڭ ئەمدىلىكتە خۇشال كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سىيىت مۇدىر كۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى. «ئاخىر پۇشايمان قىلىپسەن ـ دە! ئۇ جاڭگاللىقتا بىرىش كىملەرنى باش ئەگدۇرمىگەن. كېلىڭە، ئوماق قۇشۇم، ماموۇق پەيلىرىڭىزنى سىلاپ قويای.» سىيىت مۇدىر تاتلىق تەمە بىلەن گۇلپەرىگە قولىنى سۇندى، ئەمما گۇلپەرى يىرگەنگەندەك قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى.

— مەن كېتىدىغان بولدۇم.

— نېمە؟

— مەن ئەمدى بۇ يەردە ئىشلىمەيدىغان بولدۇم.

— سىز... سىز نېمە قىلماقچى؟ — سىيىت مۇدىر تېڭىرقاپ قالدى.

— بولدى، مەن ئىشلىمەيمەن.

— ئىشلىمەيمەن؟ بۇنداق ئورۇنغا كۆز تىكىپ تۇرغانلار كۆپ جۇمۇڭ. ھازىر ئالدىراپ مۇنداق دەپ قويۇپ كېيىن پۇشايمان قىلماڭ يەنە.

— قىلچە پۇشايمان قىلمايمەن، شۇ تاپتا شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

— خېنىم، ئەتە ـ ئۆگۈن رەسمىيلىشىدىغان ئىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

— ئەمدى ئۇنىڭغىمۇ قىزىقمايمەن.

بۇ گەپكە سىيىت مۇدىرنىڭ راستلا ئەقلى يەتمەي

قالدى. مۇشۇ كۈنلەردە مۇنداق ئورۇنلارغا ئېرىشىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس تۇرسا.

— ئۇنداقتا، سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟

— بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن.

— تولا چاقچاق قىلماڭ.

— مەن سىزگە ھەرگىز چاقچاق قىلمايمەن. خوش، — گۈلپەرى ئارتۇقچە سۆزلەشنى خالىماي ئىشىككە قاراپ ماڭدى، — ھە، راست، مۇدىر، ئىككى يىل بىللە ئىشلەپتىمىز. سىزگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي. بىرى، نېمىلا بولسا ماڭا مۇئەللىمچىلىكنىڭ يولىنى ئۆگەتتىڭىز، شۇڭا سىزگە رەھمەت؛ ئىككىنچىسى، بۇ يەرنىڭ مەكتەپ ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ. «مەكتەپ مۇدىرى بولدۇم» دەپ يۈرگۈچە ئالدى بىلەن ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىڭ.

سىيىت مۇدىر ھاڭۋاقىقانچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇ شۇ چاغقىچە «مېنى ئېلىپ قالسىلا» دەپ يېلىنغاننى كۆرگەن، بىراق «ئالە بۇنداق خىزمىتىڭنى!» دەپ قەددىنى رۇسلاپ كەتكەن ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلاپ:

— ساراڭ بوپتىمۇ نېمە بۇ؟ — دەپ غودۇڭشىدى.

چۈشتىن كېيىن گۈلپەرى قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئاپىسىنىڭ تېلېفونى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغاندەك ئىدى. ئاپىسىنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ ئۆيى بىر قورۇلۇشنىڭ مەركىزىگە

توغـرا كـەپتۇ، شـۇڭـا چىقـىـلـىدىـكـەن. ئەتە قـۇرۇلـۇش شىـركىتى بىلەن تۆلەم ئىشى توغرۇلۇق سۆزلـەشمەكچـى ئىكەن. كـىشىلـەر يىگىـرمە تۇمەن كـوينىـڭ گـېپىـنـى قىلىشىۋاتقۇدەك.

※ ※ ※

دەرۋەقە، ئۇ ئىش راست بولۇپ چىقىپ بۇ بىـر ئائىلـە كىشىلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئالەمچە خۇشاللىقتـا، بېسىـپ بولغۇسـىز شادلـىقتا چۆمـۈلدۈرۈۋەتتـى. پۇل ئەمەلىيلەشكەن كۈنى ئـۇلار پاقلان گۆشـىنى قايـنـىتـىپ قـويۇپ، قانداق قـىلـىش كـېرەكلـىكى ھەققـىدە پاراڭـغا چۈشتى.

— ئاپا، ئـەمـدى پۇلدىـن غـەم قىـلـمـاي خاتىـرجـەم ئوقـۇيـدىغان بـولـدۇم،— دېدى گـۈلـنۇر پاراڭـنـى ئـۆز غېمىدىن باشلاپ،— ئـالدىنقى يىلى ئـارزۇ تولدۇرۇشتـا كېتىپ قالدىم. ئەمدى ھېچ ئىشقا سەل قارىمايمەن.

ئۇنىڭ بۇ گېپى خەلچەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىـم قىلىـپ قويدى. دېمىسىمۇ، بۇ ئـائىلـىدە بىر ئـىشنىڭ پـىلانىغا ئەگىشىپ پۇلنـىڭ غېمـى ئوتتۇرىـغا چىقـاتتى، شۇڭـا بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئـايىشـىپ، بىر ئـىش قىلـىش توغرۇلۇق ئالدىراپ ئېغىز ئېچىشمـايتتى. گـۈلنۇرنـىڭ ئوقۇشى بەك ياخشى بولغاچقـا، ئۇلار ئوقۇش پـۇلى باشقـا مەكتەپلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن يۇقىرى بولغان تەجرىبە ئوتتـۇرا مەكتەپـتە چىشـىنى چىشلەپ ئوقـۇتۇۋاتاتـتى.

گۈلپەرىنىڭ ئازغىنە مائاشىدىن ئېشىنىپ سىڭلىسىنىڭ مەكتەپتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك خىراجەتلىرىگە بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خەلچەم ئۆز قىيىنچىلىقىنى قىزلىرىنىڭ چۈشىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تولاتتى. ھەر قىيىنچىلىق، قىسىنچىلىق ۋاقىتلاردا غىڭ قىلماي كەلگەن گۈلنۇر ئەمدىلىكتە ئۇ گەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ خەلچەمنى خىجىل قىلىپ قويىدى. ئەمما، خەلچەم «قىزلىرىم ئەمدى خۇشال بولغاندا» دەپ ئۇ گەپنىڭ خاپىلىقىنى يادىدىن چىقىرىۋەتتى.

— ئوقۇڭ، قىزىم،— دېدى خەلچەم گۈلنۇرنىڭ يۈزىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ،— قۇربىڭىز نەگىچە يەتسە شۇ يەرگىچە ئوقۇڭ. چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇڭ.

— چوقۇم چەت ئەلدىمۇ ئوقۇيمەن،— دېدى گۈلنۇر ۋە تاتلىق خىيالغا چۆمۈلدى.

گۈلپەرى بولسا چوڭقۇر ئويغا پېتىپ ئولتۇراتتى.

— قىزىم گۈلپەرى، سىزمۇ ئوقۇۋالامسىز ـ يە؟— ئېھتىيات بىلەن سورىدى خەلچەم،— يېڭى ئۆيگە كۆچۈۋالساقمۇ يەنە نۇرغۇن پۇل ئېشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى قەرز پۇل بېجىرىپ تۆلىسەكمۇ بولىدىكەن ئەمەسمۇ. ئۇ يېرىگە مېنىڭ مائاشىم بولغاندىكىن...

— ئاپا، مەن ئوقۇماي،— دېدى گۈلپەرى قەتئىيلىك بىلەن.

خەلچەم بىلەن گۈلنۇر ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— ئاپا، مېنىڭچە، ئۇ پۇلنى پۇل تاپىدىغان بىر ئەر ئىشقا ئىشلىتەيلى.
— پۇل تاپىدىغان ئىش؟
— ھەئە، بىخەتەررەك سودا بولسا قىلىمىزمۇ ياكى بىر ئەر سودىگەر بىلەن ھەمكارلىشىمىزمۇ...
— لېكىن... لېكىن... قىزىم، بۇ سودىنى كىم قىلىدۇ؟
— مەن قىلىمەن.
— سىز؟
— ئاچا، بۇ...
— مەن بىر نىيەتكە كېلىپ بولدۇم. گەرچە بۇ باشقىلار دېگەندەك كۆپ پۇل بولمىسىمۇ، ماڭا بىر قېتىم يول قويۇپ بېقىڭلار.
— ئۇنداقتا خىزمىتىڭىزچۇ؟
— بولدى، ئىشلىمەيمەن.
— ئۇنداق ئالدىراپ ۋاز كەچمەڭ. «ئىشتاتلىق قىلىدۇ» دەۋاتاتتىڭىز.
— ئاپا، مەن ئۇ ئىشتاتقىمۇ قىزىقمايمەن، مەن مەكتەپتىن گەپنى كېسىۋېتىپ قايتىپ كەلدىم.
— نېمە؟ — خەلچەمنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى.
— ئاپا، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. سىز بىزنى جاپا تارتىپ قالمىسۇن دەۋاتىسىز. مەنمۇ ھەممىمىزلا جاپا تارتىپ قالمىساق دەۋاتىمەن. مەن كۆپ ئويلاندىم، ئاپا، قىلىمىز دېسەك، جەمئىيەتتە قىلىدىغان ئىش كۆپ ئىكەن. مەن بۇ خىيالغا كەلگىنىم بىلەن

كونكرېت نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى تېخى ئويلاپ يېتەلمىدىم. ئاپا، ماڭا ئىشىنىڭ، مۇشۇ بىر قېتىم گېپىمگە كىرىپ بېقىڭ، ماڭا مەسلىھەت بېرىڭ. ھېچبولمىسا، قىلىدىغان ئىشىمنى بولسىمۇ ئاڭلاپ بېقىڭ.

بىراق، خەلچەم ئىچىنى تىڭشىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن گۇلپەرى ماموق چاپىنىنى كىيىپ سىرتقا ماڭدى:

— مەن سىرتنى ئايلىنىپ كىرەي.

گۇلنۇر بولسا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى.

گۇلپەرى يېڭىشەھەر رايونىدىكى كىنو - تىياتىرخانا ئەتراپىنى، مەركىزىي تۆت كوچىنى، يېڭى تەرەققىيات سودا بازىرىنى ئايلاندى. كىيىم - كېچەك دۇكىنى، قۇرۇق يېيىش دۇكىنى، گۇلخانا، تورتخانا قاتارلىقلارنى ئويلاندى. ھەتتا ئۇ قېتىنقىراق گىرىم قىلىشقىمۇ ئۆچ تۇرۇپ پەردەزخانا ئېچىشنىمۇ ئويلاشتى، ئەمما بىرىمۇ تازا پىسەنتىگە كەلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەركىزىي سودا شەھەرچىسى ئەتراپىغا بېرىپ باقماقچى بولدى. مانا ئۇ يەردىمۇ ئوقەتلەر ئۆز يولىدا ئېقىۋېتىپتۇ: ئۇششاق ئېلىپساتارلار سودا شەھەرچىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۇزۇلمەي كىرىپ چىقىۋېتىپتۇ. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئۇن - سىن دۇكانلىرىدىكى كانايلار يۇقىرى ئاۋازدا ۋاڭىلداۋېتىپتۇ. نىمكەش يان تېلېفون دۇكانلىرىدا ئادەم بېسىق. يېڭىدىن

ئېچىلغان «ئىخلاس تاللا بازىرى» قايىنام ـ تاشقىنلىقتا تولغان. بۇلارغا قاراپ تۇرغىلى خېلى بولۇپ قالغان بولغاچقا، گۈلپەرىنىڭ قولى مۇزلىدى. ئۇ پەلىيىنى كىيىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا سودا شەھەرچىسىدىن ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر مەست چىقىپ، كىمدۇر بىرىنى تىللىغىنىچە كېتىپ قالدى.

شۇ ئارىدا تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ قىلىشقان پاراڭى گۈلپەرىنىڭ قۇلىقىغا كىردى:

ــ يېقىندا زابويلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ دېسە.

ــ شۇ تاپتا بۇ بازارنىڭ ئىچىدىكى بوتكىلار قىزىپ كەتكەن بولغىيتتى؟

ــ بۇ تاپتا زابويلار پاراڭدىن توختاپ مەست بولۇش تەرىپىگە ئۆتكەن بولماي.

ــ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى بەك قىزىق دەيدىغۇ.

ــ نېمىسى قىزىق بولسۇن. ئۇلارغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ. ھازىر كەتكەن ئۆمەر زابوينىڭ قارا تۇرقىغا، بىر چاغلاردا قانداق ئەر ئىدى. «مىڭئۆي رېستورانى» دېسە، ئادەمنىڭ ئاغزىغا بىر كېلەتتى. مانا شۇ يىگىتنى خوتۇنى تۇگەشتۇرەي دېگەن ئىدى. ئەمدى قالغىنىنى ھاراق تۇگەشتۇرىدىغان ئوخشايدۇ.

ــ شۇنداقمۇ، ئۆمەر دېگەن بالا شۇمىدى؟ ۋاي ئىست!

گۈلپەرىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، ئىچى سىيرىلىپ كەتتى، ئەمما ئىشەنگۈسى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بايىقى مەست كەتكەن يەرگە ئىتتىك قەدەملەر بىلەن

ماڭدى. ئازراق مېڭىپلا ئۇ مەستكە يېتىشىۋالدى. شۇنچە سوغۇققا قارىماي يېلىڭ كىيىنىۋالغان بۇ مەست بىر تۇۋرۇككە يۆلەنگەنچە موخوركا ئوراۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولى ئەپلىشىپ بەرمىگەچكە، موخۇركا ھە دەپ يەرگە تۆكۈلەتتى.

گۈلپەرى «توۋا!» دەپ ياقىسىنى تۇتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۆمەر ئىدى. «مىڭئۆي رېستورانى»نىڭ خوجايىنى ئۆمەرجان ئىدى!

گۈلپەرى بۇنى پەقەت ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. زادى قانداق بولۇپ ئۆمەرجان بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ؟ قېنى رابىيە؟ قېنى شەھەر باشلىقى؟ نېمە كۆرگۈلۈكلەر ئۆمەرجاننى بۇنچىۋالا يانچىۋەتكەندۇ؟ ئاھ، خۇدا! ئۆمەرجاننىڭ قايسى گۇناھى ئۈچۈن بۇنچىلىك قىسمەتلەرنى كۆرسىتىۋاتىسەن؟

كۆزىگە ياش كەلگەن گۈلپەرى ئۆمەرنىڭ ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ئىككى تەرەپكە چايقىلىپ تۇرغان گەۋدىسىگە قايتا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

«نېمە ئىش بولغانلىقى ئاشكارا بولماي قالمايدۇ.» گۈلپەرى كەينىگە ياندى، ئەمما ئۇنىڭ كۆز نۇرلىرى ئارىسىغا بىچارە قىياپەتتە بىر رومكا ھاراققا تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر زەئىپ سىما ئورنىشىپ قالدى...

ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە چاقىرغۇسى سايرىدى. ئۇ چاقىرغۇسىغا قاراپ ئۆيىنىڭ نومۇرىنى كۆردى ۋە ئىتتىك ئۆيىگە كىردى.

— ئاپا، نېمە ئىش؟ — سورىدى گۈلپەرى.

— نەگە كەتتىڭىز ئادەمنى ئەنسىرىتىپ؟ — دېدى خەلچەم ئىسسىق چايدىن بىر چىنە ئەكېلىپ. گۈلنۇر كۈلۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.
— ئاپام سىزنىڭ كېيىڭىزگە قوشۇلدى.
— راستىما؟ — گۈلپەرى ئاپىسىغا تەلمۈرۈپ قارىدى.
— قىزىم، مەيلى قىلىپ بېقىڭ. لېكىن‍ىزە، خەتىرى بار، ئۆزىڭىزنى ئۈپرىتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماڭ.
— رەھمەت، ئاپا، — گۈلپەرى ئاپىسىنى قۇچاقلىدى.
— ئاچا، ئەمدى سىزمۇ سودا قىلىدىغان بولغاندىكىن يان تېلېفون تۇتۇڭ، — دېدى گۈلنۇر ئاچىسىغا ئەركىلەپ، — قاچانغىچە چاقىرغۇچە ئىسىپ يۈرىسىز.
— زۆرۈر بولسا ئالىمىز. بۇ گەپنى قويۇپ، قېنى ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشنى تېپىپ باقايلى.
خەلچەم مەمنۇن بولغان ھالدا قىزلىرىنىڭ پارىڭىغا قوشۇلدى.

※ ※ ※

بۈگۈن سورۇن شۇنداق مول بولسىمۇ، لېكىن ئارىنى بىر خىل يېقىمسىز جىملىق باسقانىدى. بۇرۇنلاردا بولسا سورۇن ئاددىي بولسىمۇ، كۆڭۈللۈك پاراڭلار ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇراتتى. سېلىم سىرلىق كۈلگىنىچە قېتىپ ئولتۇرۇۋالغان، رېھىم بۇ سورۇن ۋە سورۇندىكىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتەك پەرۋاسىز ھالدا تاماكىسىنى چېكىۋاتقان، ئالىم بولسا شۈمشىيىپ

كەتكەنىدى. «چاقچاق قىلدىم» دەپ زورلاپ پاراڭ قىلىپ ئاخىرى باشقىلار كۆلگۈچە ئۆزى كۈلۈپ قېتىپ قالىدىغان ھەبىبۇللامۇ بىر ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى دەڭسەۋاتقاندەك ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى.

بۇلارغا قاراپ پەرھاتنىڭ ئىچى پۇشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان ئىتتىرىلىپ ـ بۇيان ئىتتىرىلىپ بىر چەتتە تۇرۇپ قالغان ھاراق بوتۇلكىسىنى قولىغا ئالدى.

ــ بۇ بولماپتۇ، ئاغىنىلەر. ھەر قېتىم كەلسەم بارغانچە قىشتا قېلىۋاتقان گۈلدەك سولاشقىنىڭلار سولاشقان. قېنى بىزدىكى بۇرۇنقى قىزغىنلىق؟ سورۇننى بېشىغا كىيىدىغان ئاغىنىلەرنىڭ بىرسىمۇ قالماپتىغۇ؟

ــ تۇرمۇش يامان نېمە، پەرھات،ــ دېدى سېلىم تاماكا تۇتاشتۇرۇپ،ــ ھېلىغۇ سولىشىپتىمىز، تۇرمۇش، غېمىچۇ، نۆۋەتتە كەلگەندە ئادەمنى توزۇتۇپمۇۋېتىدۇ.

ــ ئادەمنى قورقۇتىدىغان گەپلەرنى قىلمىغىنە،ــ دېدى پەرھات چاي ئىستاكىنىغا لىقلاپ ھاراق قۇيۇپ.

ــ ئىشەنمىسەڭ مەكتەپنىمۇ پۈتكۈزۈپ باق. خىزمەتقۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، جان بېقىش ئۈچۈنمۇ ھەر تەرەپكە قاترايسەن.

ــ مېنىڭ ئوقۇشۇم ياخشى، بىلىم يەردە قالمايدۇ.

ــ توغرا، بىلىم يەردە قالمايدۇ. لېكىن يولۇڭ، پۇلۇڭ بولمىسا بىلىملىك ئادەم يەردە قالىدۇ.

پەرھات ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۈمىد بىلەن ئالىمغا قارىدى، بىراق ئالىم بۇ گەپلەرگە دىققەت قىلمىغاندەك ئۆز ھالى بىلەن ئولتۇراتتى.

— خوشە، ئاغىنىلەر، تالىشىدىغان گەپلەرنى سورۇننى باشلىغاندىن كېيىن قىلىشىۋالساقمۇ ئۈلگۈرىمىز،— دېدى پەرھات ۋە ئىستاكاننى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭغا «هاي» دەيدىغان بىرى چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ پەرھات هاراقنى بىر كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى، ئاندىن ئۇ يەنە بىر ئىستاكان قۇيۇپ هەببۇللاغا بەردى. هەببۇللا «خوش» دەپ قۇيۇپ ئارتۇقچە سۆز قىلماي ئىچىۋەتتى. پەرھات يەنە بىر ئىستاكان هاراق قۇيۇۋىدى، ئالىم ئورنىدىن تۇردى. پەرھات: «هەرنېمە بولسا ئالىمنىڭ ئىچى قايناپتۇ» دەپ خۇشال بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئالىم ئۆتۈنگەندەك تەلەپپۇزدا:

— سېلىم ئاداش، بۇياقتا چىققان بولساڭ،— دەپ ئۆزى سىرتقا ماڭدى. پەرھات بۇنىڭدىن هەيران قالدى. سېلىمنىڭ ئىسمىنى ئاتىسا «كۈچۈك» دېگەن نامنى قوشماي قالمايدىغان ئالىمنىڭ بايىقى سۆزى ۋە تەلەپپۇزى... سېلىمنىڭ جىممىدە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پەرھات هاراقنى رېھىمگە بەردى.

— نېمە ئىش؟— دەپ سورىدى ياندىكى ئايرىمخانىغا كىرگەن سېلىم.

— نېمە ئىشلىقىنى بىلىدىغان بولغاندىكىن خۇپسەنلىك قىلما.

— ئۇنداق يېرى بولسا ئارتۇقچە سۆزلەشمەيلى. هېلىمۇ دوستلۇقنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئالدىنقى قېتىملاردىن قېپقالغان پۇللارنى سۈيلىمەيۋاتىمەن.

— مۇشۇ كۈنلەردە مەن بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن. ئۇنداق قىلماي بىر ھەپتىلىك بېرىپ تۇر، ئۇنغىچە مەن ئامالىنى قىلاي.

— ئۆتكەندىمۇ مۇشۇنداق دېگەنىدىڭ.

— بۇ قېتىم راست، ئاداش.

— ئاتاڭدىن پۇل ئال.

— ۋاي، ئۆتكەن قېتىم ئالدىم.

— بىر شەھەرنى سوراۋاتقان ئادەمگە ئۇنچىلىك پۇل نېمىدى؟

— ئىدارىدىن ئالغان پۇللارنى قايتۇرالماي، بۇ ئىش تېشىلىپ چىقىۋىدى، شۇ پۇلنىمۇ ئاتام تۆلىدى. ئەمدى يەنە...

— سەن دېگەن بالىسى، ئۇن قېتىم پۇل لازىم بولسا ئاتىدىن ئۇن قېتىم سورايدىغان ئىش. يا سەن ئۇلارنىڭ ئۆگەي بالىسىمۇ؟

— مەن ساڭا راست گەپ قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتاملار مېنىڭ بۇ ئىشىمنى بىلگەندىن كېيىن ئاسانلىقچە پۇل بەرمەيدىغان بولۇۋالدى، بولمىسا، بۇرۇنلاردا پۇل دەپ بولغۇچە...

سېلىم بىزار بولغاندەك ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— يا ئاتاڭدىن پۇل ئالمىساڭ، يا ئاپاڭدىن پۇل ئالمىساڭ، نەدىن تاپىسەن پۇلنى؟

— ئۇنداقتا ساڭا گەپنىڭ راستىنى دەي: شەھەر ئەتراپىدا مېنىڭ نامىمغا سېلىنغان بىر يۇرۇش قورۇ - جاي بار. شۇنى ساتاي دەۋاتىمەن. ئالىدىغان ئادەممۇ چىقتى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سېلىمنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ئەمما چاندۇرمىدى:
— لېكىن بۇ ئىشىڭنى مەن ئۇقمىدىم جۇمۇ.
— ھە، ئەمدىغۇ بىرەرسەن؟
بۇ گەپ بىلەن سېلىمنىڭ چىرايى يەنە تۇگۈلدى.
— «كۇچۇك» دەپ كۇلگىنىڭلار بىلەن ھالىڭلار مۇشۇ سىلەرنىڭ. كۇچۇكنىڭ قانداقلىقىنى بىلگەنسىلەر. مەن كۇچۇك بولسام سىلەر لالما ئىت مۇشۇنداق.
سېلىمنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئالىمنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر كىرمىدى، بىراق سېلىم بىرنەرسىنى ئويلاپ قالدى.
— بايىقى گېپىڭگىمۇ تازا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىمنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىد ئالامەتلىرى يوقاپ، تەشنالىق كۇچلۇك ئىپادىلەندى.
— مېنىڭ بىر شەرتىم بار. شۇنى ئورۇنلىساڭ ساڭا ئىشىنىمەن.
— ئورۇنلايمەن، ئورۇنلايمەن،— دېدى ئالىم ئالدىراپ.
— ھېلى سورۇنغا كىرگەندە ئۆزۈڭنى «مەن لالما ئىت» دەيسەن.
— بۇ...
سېلىم قوينىدىن بىر كىچىك سولياۋ بولاقنى چىقاردى:
— مېنى «كۇچۇك» دېگىنىڭلاردىمۇ چىداپ كەلدىمغۇ؟
ئالىم بولاققا ئاچ كۆزلەرچە تىكىلدى:

— بولىدۇ.

— مە، بۇنىڭ بىلەن ھازىر خۇمارىڭنى بېسىۋال، قالغىنىنى شەرتىمنى ئورۇنلىساڭ بېرىمەن، — سېلىم شۇنداق دەپ سولىياۋ بولاقتىن بىر بولاقچىنى ئېلىپ ئالىمغا تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.

— نېمە ئۆزۈڭنى ئەپقاچىسەن؟ — دېدى پەرھات سېلىمگە خاپا بولۇپ.

— بۇنداق تېرىكىپ ئولتۇرغۇچە قويە ھارىقىڭنى، — دېدى سېلىم خۇشال ھالدا. پەرھات ئۇنىڭغىمۇ ىىقلاپ ھاراق قۇيدى. سېلىممۇ ھاراقنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋەتتى.

بىر چاغدا روھى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئالىم سورۇنغا كىردى.

— ئالىم، ساڭىمۇ بېلىق كۆزى قىلىپ...

— ياق، مەن بۇگۈنچە ئىچمەي. سەل مىجەزىم يوق تۇرىدۇ.

— مىجەزىڭنى ئوڭشايدىغان نېمە بۇ.

— بىزمۇ سەن زورلىغاندا شاققىدە ئالغان.

— ئۇنداق بولسا، سەل تۇرۇپ ئۆزۈم تەلەپ قىلاي.

— مانا ئەمدى ئالىمدەك گەپ قىلدىڭ.

سېلىم بۇ ماختاشقا قارىتا ئالىمغا مەسخىرىلىك قارىدى ۋە ئىشارەت قىلدى، ئەمما ئالىم كۆرمىگەندەك ئولتۇرۇۋەردى. ھاراق كىچىك رومكىدا بىر ئايلىنىپ، ئالىم بىر رومكا ئىچكەندىن كېيىن سېلىم ئۇنىڭغا يەنە ئىشارەت قىلدى. بۇ قېتىممۇ ئالىم دىققەت قىلمىغاندەك

قىزىق چاينى ئوتلاۋەردى. بۇنى كۆرگەن سېلىمنىڭ ئاچچىقى كەلدى: «ماۋۇنىڭ خۇمسىلىق قىلىپ ئولتۇرۇۋالغىنىنى. ئەمدى ساڭا ئىسسىق پوقنى بېرەي.»

خۇددى ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالغاندەك ئالىم ئورنىدىن تۇردى:

— پەرھات ئاداش، ئىككى رومكا قۇيە. مەن سېلىم «كۇچۇك» بىلەن ئىچىمەن.

سېلىم چاچراپ ئورنىدىن تۇردى:

— نېمە؟ مەن «كۇچۇك» بولسام، سەنچۇ؟ سەن دېگەن بىر لالما ئىت!

ئالىم كۇلدى:

— توغرا، مەن لالما ئىت.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سېلىم ئالىمنىڭ ئۇستاتلىقىغا ھەيران قالدى. نېمىلا بولسا بۇنى ئۆزىنىڭ غەلىبىسى ھېسابلاپ قاقاھلاپ كۇلدى:

— ئالىم لالما ئىت!

— توغرا، بۇگۈندىن باشلاپ مېنى «ئالىم لالما ئىت» دەڭلار.

— خوشە، لالما ئىت!

— خوشە، كۇچۇك!

سورۇندىكىلەر بۇ گەپلەرگە ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپلا قېلىشتى. كۇلكە - چاقچاقتا تولغان قايناق سورۇننى ئارزۇلاپ كەلگەن پەرھات ئەپسۇسلانغان ھالدا:

— نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بىزنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىمىز؟ — دېدى.

بىراق، ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى.

ۋىسالىغا يەتكەن ئاشىق ئويناقشىۋاتقان يۈرىكىنى سىلىغاندەك ئالىم قويۇن يانچۇقىدىكى بولاقنى سىلاپ خۇشال ھالدا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ قورۇغا كىردى ۋە: «بۇنى ئەپلىك بىر يەرگە يوشۇرمىسام بولمىدى. بولمىسا، ئاپام ئاختۇرىدىغان بولۇۋالدى» دەپ ئويلاپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كارىدورنىڭ ئىشىكىگە ئاچقۇچ سالدى. ئالىم ئىشىكنى ئېچىپ جايىدا تۇرۇپلا قالدى. مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، چىراغ يىنىقلىق ئىدى. ئاتىسى بىلەن ئاپىسى چىرايلىرىدىن مۇز ياغدۇرغان ھالدا كارىدورنىڭ ئىشىكىگە مىختەك قادىلىپ ئولتۇراتتى.

— ئالىم، بۇياققا كىر!— ئاتىسى ۋارقىرىدى. ئالىم ئاستا مېھمانخانا ئۆيگە كىردى.

— ئولتۇر!

ئالىم خۇددى سوراققا تارتىلىدىغان گۇمانداردەك ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— بۈگۈن سىلەرنىڭ رەھبىرىڭلار مەن بىلەن سۆزلەشكىلى كەپتۇ. ئاڭلاپ باقسام، بىزنىڭ سەن توغرۇلۇق گەپ قىلىدىغان يېرىمىز قالماپتۇ. مەن قوشۇلدۇم، ئەتىدىن باشلاپ خىزمەتكە بارمىساڭمۇ بولىدۇ.

— ئاتا، بۇ...

— بولدى، ئۇ ئىش شۇنداق بولسۇن، ھېلىمۇ ئۇلار مېنىڭ يۈزۈمنى قىپتۇ، بولمىسا، بۇ چاغقىچە سەن...

— جىنىم بالام، نېمىشقا ھە دېسە ھەممە يەردە بىزنى سېستىپ يۈرىدىغانسەن...

— كىم ئۇ يامان گېپىمىزنى قىلغان؟ مەن ئۇنداق نېمىنىڭ...

— ھە، نېمە قىلماقچى؟ — ئاتىسى جالال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ھېلىمۇ بىزگە تېپىپ بەرگەن ئاۋارىچىلىكىڭ ئازمۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان سېنىڭ غېمىڭنى يەپ ئاپاڭ ئىككىمىز تۈگىشىپلا كەتتۇق.

— كوچا - كويلاردىمۇ تۈزۈك يۈرگىلى بولمىغان. نومۇستىن ئۆلدىغۇ كىشى مۇشۇ كۈنلەردە...

سائادەت مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى.

— مەن يۈزىمىزگە سەت بولمىسۇن، دەپ باشتىلا سەل قاراپتىمەن. ئەسلىي سېنى شۇ ۋاقىتتىلا ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ قويىدىغان ئىش ئىكەندۇق. شۇ ۋاقىتتا ئىناۋىتىمىزنى ئايايمىز، دەپ يوشۇرۇۋىدۇق، مانا ئەمدى نېمە بولدى؟

— ئاتىسى، گەپنى ئاز قىلىپ تەييارلىق قىلايلى. بۇنىڭ مۇشۇ ھالىنى كۆرسەملا نېرۋام ئۆرلەپ يۈرىكىم ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى.

— نە... نەگە؟

— زەھەر تاشلاش ئورنىغا.

ئالىم قورقۇپ كەتتى:

— ياق، بارمايمەن.

— ئەمدى بارمىساڭ ھەممىمىزگە بالا تېرىيسەن.

— ئاتا، مەن تۈزىتىمەن، دىققەت قىلىمەن، باشلىققا دېسەڭ خىزمىتىمنى قىلىۋەرسەم...

جالال چىچىنى چاڭگاللىدى، ئاندىن قوشۇمىسىنى چىڭ تۇردى:

— بولدى، بالام، ئەمدى بۇ يەردە ئىمكانىيەت قالمىدى. مۇشۇ نىجىس بىلەن دوست بولۇپ باشتا بىرمۇنچە پۇلنى سورۇۋېتىپتىڭ. پۇلنىڭ ئىشىغۇ مەيلى. كېيىنچۇ؟ ئاپالىڭنىڭ تويلۇق ئالتۇن جابدۇقلىرىنى سېتىپسەن، شېرىنگۇلنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ كەتكۈزۈۋېتىپتىڭ، سەترەك گەپ قىلسام، ئىدارەڭدە ئىش بېجىرىشكە بەرگەن پۇلدىن نۇرغۇنىنى ئېلىۋاپسەن، ئىشنىمۇ بېجىرمەپسەن، يالغان ئېيتىپ بىزدىنمۇ نۇرغۇن پۇل ئېلىپ بولدۇڭ. ئاخىر نېمە بولدى، بالام؟ ئەمدى «قېرىغاندا ئولتۇرارمىز» دەپ سالغان ئۆينى سېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپسەن. يەنە نېمە قىلساڭ بولاتتى؟

بۇنى ئاڭلىغان ئالىم چۆچۈپ كەتتى ھەم ئاتىسىدىن قورقۇپ قالدى. ئاتىسى بولسا خۇددى ھەممە ئامالنى قىلىپ ھېرىپ قالغاندەك، شۇنداقلا ئۇ گەپلەرنى ئالىمغا دېيىشنىڭ قىلچە پايدىسى يوقتەك بىر خىل تەلەپپۇز بىلەن دېدى. ھەتتا ئالىمنىڭ قورقىنىدەك ۋارقىراپمۇ كەتمىدى. ئەكسىچە يېنىك كىچىك تىنىپ ئورنىدىن تۇردى:

— ماڭ، چىقىپ تەييارلىق قىل.

— ئاتا...

— بولدى، بالام، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە

يوشۇرىمىز دېسەك بولمايدۇ. «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەن مۇشۇ شۇ.

يۈرىكى لەختە ـ لەختە قان بولۇپ كەتكەن سائادەت بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە ئالىمنى ئىتتەردى:

ــ نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ماڭ، سومكاڭنى تەييارلا، تولا چىشىمنى قېرىشتۇرماي. رابىيە ئەقىلسىزمۇ «تۇزۇك بىرسىنى تاپ» دېسەم، «سودىگەر، پۇلى بار» دەپ بىرنى ئىككى قىلالماي يۈرگەن بىرسىنى تېپىۋېدى، مانا ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ تۇل بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تۇۋا! مەن ئادەم بالىسىنى باقتىم، دەپ يۈرۈپتىمەن. ئەسلى ئىككى قۇرتنى بېقىپتىمەن، يۈرىكىمنى يەپ، مېنى قېرىتىپ تۈگەشتۈرىدىغان قۇرتنى!

ــ بولدى قىل، تىللىغىنىڭ بىلەن ئورنىغا كېلەمدۇ؟ سەنمىچۇ، «ۋاقتىدا داۋالىتايلى» دېسەم، «دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا يۈزىمىز چۈشىدۇ، ئۇڭشىلىپ قالىدۇ» دەپ شۆھرەتپەرەسلىك قىلمىغان بولساڭ بۇ كۈن يوق. ئەمدى تويدۇڭمۇ؟ مانا ئەمدى كۆتۈرگۈدەك يۈزۈڭمۇ قالمىدى. رابىيە توغرۇلۇق سېنىڭ دېگۈدەك يېرىڭ يوق، سائادەت.

جالال تاماكا تۇتاشتۇرغىنى بىلەن چەكمەي، خېلىغىچە تۇتۇپ تۇردى. قارىغاندا، ئوغلىنىڭ ئەلمى ئىچ ـ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەندەك ئىدى.

ــ ئوغلۇم، سېنىلا ئەمەس، بىزنىمۇ بۇ بالا ـ قازادىن قۇتقۇزۇۋېلىشنا شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. ماڭ، كىرىپ

تەييارلىقىڭنى قىل! ئەتە ئەتىگەندە مېڭىپ كېتىمىز.

جالال تاماكىسىنى ئاچچىق - ئاچچىق شورىدى: «ھەي، بۇ بالىنىڭ دەستىدىن مېنىڭ ئىشلىرىممۇ يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالمىسا بولاتتىغۇ. مۇشۇ ئىش تېنچ ئۆتۈپ كەتسىدى ئىلاھىم!»

ئالىم ئامالسىز ھۆجرىسىغا كىردى ۋە قويىنىدىكى بولاقنى چىقىرىپ، قىيالماسلىق بىلەن ئۇلتۇرۇپ كەتتى.

※ ※ ※

دەسلەپتە ئايپىسىنىڭ قوشۇلماسلىقى گۈلپەرىنىڭ بېشىنى قاتۇرغان بولسا، ئەمدى ئايپىسى قوشۇلغان بىلەن نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەي بېشى قېتىپ كېتىۋاتاتتى. نېمە ئىش قىلىش، ئورۇننى نەدىن تاللاش ئىشىدا گۈلپەرى شۇنچە كۆپ ئويلانغان بولسىمۇ، بىرەر ئىشقا، بىرەر ئورۇنغا پەقەت كۆڭۈل توختىتالماي قالدى. شۇڭا ئۇ كۈنبويى شۇ كويدا يۈرۈپ خىيالدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئىچى تىتىلدايتتى، تولا ئويلاشتىن بېشى ئاغرىپ كېتەتتى.

— بولدى، قىزىم، — دېدى بىر كۈنى خەلچەم گۈلپەرىنىڭ ھالىغا چىدىماي، — ئۆزىڭىزنى ئۈپراتماڭ، مۇشۇ كۈنلەردە پەقەت خاتىرجەم يۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىز، ئىشتىھايىڭىزمۇ تۇتۇلۇپ كەتتى. سىزگە قاراپ بىزمۇ بىر كۆڭۈللۈك ئىش قىلالمايدىغان بولۇپ

قىلمۇاتىمىز. سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاياپ دېمىگەن ئىدىم. مۇشۇ كۈنلەردە تولا جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدىڭىز. جۆيلۈسىڭىز «سودا»، «پۇللا» دەيدىغان بولدىڭىز. بولدى، قىزىم، كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلىدىغان باشقا ئىش قىلىڭ. قولىمىزدىكى پۇل بىلەنمۇ بىر ئوبدان ياشاپ كېتەلەيمىز.

گۈلپەرى ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇشىنىڭ ئورنىغا كۈلۈپ كەتتى.

— ئاپا، — دېدى گۈلپەرى، — سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم. مەن بۇ ئىشنى چىن كۆڭلۈمدىن قىلىمەن دەۋاتقاچقا، ئىچ - ئىچىمگە ئورنىشىپ كېتىپتۇ. دېمەك، مەن بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالىغۇدەكمەن. توختاڭ، ئاپا، ھامىنى ماڭا مۇۋاپىق بىر ئىش چىقىدۇ.

خەلچەم قىزىنىڭ قەتئىيلىكىگە ھەيرانلا قالدى.

— ئاپا، مەن ئايلىنىپ كېلەي.

— بايا سىرتتىن كېلىپ تاماق يەپلا يەنە ماڭدىڭىزغۇ؟ ھاۋا سوغۇق، تولا سىرتتا يۈرۈۋەرمەڭ.

— ماقۇل.

گۈلپەرى سىرتقا ماڭدى. ئۇ ئەمدى ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىگە ئاپىسى ئۇنى چاقىردى.

— قىزىم، بايا ئامىنە دېگەن دوستىڭىز كەپتىكەن.

گۈلپەرى توختىدى:

— ئامىنە؟ قايسى...

— ئىچكىرىدە ئوقۇيدىكەنغۇ.

— ھە، ھە. ئۇ نېمە دېدى؟

— ئۇ سىزنى سورىۋىدى، «بىر ئىش قىلىمەن دەپ ئالدىراپ يۈرىدۇ» دېۋىدىم، «بىكار بولسا تېلېفون قىلسۇن» دەپ بۇ نومۇرنى بەردى.

گۈلپەرى نومۇر يېزىلغان قەغەزنى ئېلىپ خۇشاللىق بىلەن تېلېفون تۈۋىگە ماڭدى...

ئىككى دوست ئامىنەنىڭ ئۆيىدە قىزغىنلىق ۋە ئامراقلىق بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ساۋاقداشلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، ئامىنە ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ شارائىتى، مەنزىرىسى ھەققىدە سۆزلىشىپ كەتتى. ئامىنە دالىيەن سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئىدى. مەكتىپى ھەققىدە ئامىنە ھەۋەس بىلەن سۆزلىسە گۈلپەرى ئەلەم بىلەن ئاڭلىدى، ئامىنە يۈرۈۋاتقان يىگىتى بىلەن دېڭىز بويلىرىدا قىلغان ساياھىتىنى سۆزلىسە گۈلپەرى ئۆزىنىڭ تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان تۇنجى سۆيگۈسىنى ئويلاپ قەلبى يىغلىدى...

— بولدى، ئۇ ئىشلار توغرۇلۇق مۇشۇنچىلىك سۆزلەشسەك بولار، — دېدى ئامىنە ئۆزى ھەققىدە بەك سۆزلىۋەتكەنلىكىنى ئويلاپ خىجىل بولۇپ، — ھېلىمۇ يېرىم كۈندەك سۆزلىشىپتىمىز. ھە، ئۆزىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەڭچۇ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ كۆرۈشمىگىلى نەچچە يىل بوپتۇ، سىزدە نېمە ئۆزگىرىشلەر بولدى؟

— نېمە ئۆزگىرىش بولاتتى؟ — دېدى گۈلپەرى كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا، — قايتا ئوقۇغۇم كەلمىدى. بىر

مەزگىل بىكار يۈردۈم. كېيىن ئىككى يىلدەك يېزىغا بېرىپ ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولدۇم. يېقىندا ئۇ ئىشتىنمۇ يالتىيىپ شەھەرگە قايتىپ كەلگەنىدىم. ھازىر نېمە ئىش قىلىشىمنى بىلەلمەي لاغايلاپ يۈرىمەن.

— ئاڭلىسام بىرمۇنچە تۆلەم پۇلىغا ئېرىشىپسىلەرغۇ؟

گۈلپەرى بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەن ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن ئاتام بىلەن ئاپام ئۇكامنى ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى سەۋەبلىك ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالدى. شۇڭا مەنمۇ تەتىللەردە ئاساسەن ئۈرۈمچىدە بولدۇم. بۇ تەتىلدە كەلسەم تاغام قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. تاغامنى يوقلاپ تۈنۈگۈن كەلگەنىدىم. كېلىپلا كەتكۈم كەلمىدى. ھۇجرامدا بىر - ئىككى كۈن ياتقۇم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرۇپ قالدىم. بۈگۈن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا سىزنى ئويلاپ قالدىم. ئۆيىڭىزگە بارسام سىزنى ئىش ئىزدەپ چىقىپ كەتتى، دېدى. قالغان ئىشلارنى ئاپىڭىزدىن ئاڭلىدىم. بىرەر ئىش قىلىش خىيالىڭىز بارمۇ نېمە؟

— تۇرۇپ شۇ ئويغا كېلىپ قالدىم، مەكتەپتىمۇ ئىشلەپ باقتىم. تۆۋەندە ئىشلەش بەك جاپالىق ئىكەن. ئۇغۇ مەيلىغۇ. رەسمىي خىزمەتچى بولمىسىڭىز كۆڭۈل ئاغرىيدىغان ئىشلار جىق بولىدىكەن. بۇرۇنغۇ پۇل يوق، باشقا ئىشلارنى ئويلاش مۇمكىنچىلىكىمۇ يوق ئىدى. ئۇنداق ۋاقىتتا باشقا ئىشلارنى خىيالمۇ قىلمايدىكەنسىز. بىرمۇنچە پۇل بار بولۇپ قېلىۋىدى، شۇنداق بىر خىيال كاللامغا كىرىۋالدى.

— نېمە ئىش قىلىشنى ئويلاشتىڭىز؟
— ئىشقو جىققەن، قوروق يويۇش دۇكىنى، گۈلخانا، پەردەزخانا دېگەندەك. لېكىن، بۇ ئىشلارنى قىلىشقا تازا كۆڭلۈم چۈشمىدى.
— بەزىدە ئادەمگە قىلىدىغان ئىش قالمىغاندەك، ياخشى ئىشنىڭ ھەممىسىنى باشقىلار قىلىپ بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. مېنىڭچە، سىز بۇنداق نۇقتىدىن ئويلىماي، بازار نۇقتىسىدىن، ئېھتىياج نۇقتىسىدىن ئويلىشىڭ.
— ئۇنى مەن قانداق بىلىمەن؟
— ئوقىتى ئېقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشنى كۆزىتىڭ، شۇ ئىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىش پۇرسىتى ۋە ئىمكانىيىتى بارمۇ، يوق؟ ئاشخانىنى مىسالغا ئالسىڭىز، بىر يەرگە ئاشخانا ئېچىلسىلا نېمە ئۈچۈن شۇنىڭ يېنىغىلا يەنە بىر ئاشخانا ئېچىلىدۇ؟ لېكىن سودىسى يەنىلا يۈرۈشىدۇ؟ ئوبدان ئويلانسىڭىز بۇنىڭ سىرىنى بىلەلەيسىز؟ ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ «ئارمان تېز تاماقخانىسى» ئېچىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا يەنە بىر ئادەم ئاشخانا ئاچىدىغان ۋاقىتتا كىشىلەر نېمىلەر دېيىشمىگەن؟ بىراق ھازىرغىچە ئىككىسىنىڭ سودىسى ياخشى بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى، «ئارمان تېز تاماقخانىسى»دا مىللىيچە تاماقلار ئاساس قىلىنغان. ئۇ ئاشخانىدا بولسا مەخسۇس توخۇ قوردىقىلا قىلىنىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر «بۇ سودىنى باشقىلار قىلىپ بولدى» دەپلا ئويلايدۇ. تېخىمۇ ياخشى قىلىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەيدۇ.

گۈلپەرى ئامىنەنىڭ سۆزلىرىگە ھەيرانلا قالدى. ئامىنەنىڭ چاقماقتەك سۆزلىشىگە، ئورۇنلۇق سۆزلىرىگە، ئەتراپلىق، قايىل قىلارلىق مۇلاھىزە قىلىشىغا ھەۋەس قىلىپ قالدى ۋە: «ئوقۇغان ئادەم باشقىچە پىكىر قىلىدىغان بولىدىكەن» دەپ ئويلاپ يەنە ھەسرەتلەندى.

— بەك جىق گەپ قىلىپ پىلانلىرىڭىزنى قالايمىقان قىلىۋەتتىممۇ نىمە؟ ئويلىنىشىپ بېقىڭ دېمەكچى.

— ئامىنە، ياخشى گەپ قىلدىڭىز. راست گەپ قىلسام، ماڭىمۇ قىلىدىغان ئىش قالمىغاندەك بىلىنگەنىدى. سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ ئۇ خىيالىمدىن قۇتۇلغاندەك بولدۇم. لېكىن ئاران بىر كەلگىنىڭىزدە سىزنى بۇ پاراڭلارغا تۇتۇۋېلىپ سەت ئىش بولدى.

— مېنىڭچە، سىز توغرا ئويلاپسىز، مەن سىزنى قوللايمەن. شۇڭا ياخشىراق بىر ئىشنى باشلىۋالسىڭىز ئەلۋەتتە مەن خۇشال بولىمەن — دە.

قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرۈپ گۈلپەرى ئورنىدىن تۇردى.

— قاچان قايتىسىز؟ — سورىدى گۈلپەرى.

— ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەن.

— ئۇنداق بولسا، ئەتە چۈشتە بىزنىڭ ئۆيگە تاماققا بېرىڭ.

بۇ تەكلىپكە ئامىنە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. گۈلپەرى ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا ئامىنە ئۇنى چاقىرىۋالدى:

— گۈلپەرى، بىر گەپ بار ئىدى. ئاپىڭىزدىن سىزنىڭ بىرەر ئىش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلاپلا شۇ ئىش خىيالىمدىن كەچكەنىدى. لېكىن، ئۆزۈممۇ تازا كۆڭۈل توختىتالمىغاچقا سىزگە دېمىگەنىدىم. باياتىندىن بېرى نەچچە قېتىم تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەلگەن بولمىسا...

گۈلپەرى كەينىگە يېنىپ دوستىنىڭ يېنىغا كېلىپ كۈلدى:

— بۇنچىلىك تەكەللۇپ قىلماڭ، ئاممىنە. نېمىلا گەپ بولسا دەۋېرىڭ. سىز ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ گەپ قىلىۋاتسىڭىز، بولغۇدەك يېرى بولسا، بامەسلىھەت بىر ئىش قىلمايمىزمۇ؟

— ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن پەقەت ئاڭلاپ بېقىڭ. قارارنى ئۆزىڭىز چىقىرىڭ، چۈنكى ئىشنى قىلىدىغان ئادەم سىز. بۇ ئىشنىمۇ تاغام ئويلاپتىكەن، مېنىڭ پەقەت تاغامدىن ئاڭلاپلا قالغان يېرىم بار.

ئۇلار قايتىپ يەنە ئولتۇرۇشتى.

— قاراڭ، گۈلپەرى، تاغام ئەسلى بۇ شەھەردە بىرەر ئىش قىلىش كويىدا يۈرگىلى ئۇزاق بولغانىدى. ئۆتكەن يىلى يىل ئاخىرىدىن باشلاپ شەھەر ئىچىگە بىر ئارامگاھ ئېچىش پىلانىنى تۈزۈپتۇ. پىلانى پۈتۈپ بولغاندا كېسەل بولۇپ قېلىپ پىلانىدىن ۋاز كەچتى.

بۇ گەپكە گۈلپەرى ئەلۋەتتە قىزىقتى.

— تاغىڭىزنىڭ پىلانىنى تەپسىلىي دەپ بېقىڭە.

— يۇرتىمىزنىڭ ئىسسىقلىقى ھەممىمىزگە ئايان.

شۇڭا ياز كەلسە ئاساسەن قوشئۆستەڭ جىلغىسىدا سالقىنلايمىز. تاماقلىنىش بىلەن ئارام ئېلىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئارامگاھلارمۇ كۆپ. ئەمما، قاتناش مەسىلىسى بىر قىيىنچىلىق. بىرى، ئازراق بولسىمۇ چىقىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە بىرى، ماشىنا قىسلىقى. كۈندۈزىغۇ ياخشى. كەچلىكى دەماللىققىلا ماشىنا تېپىپ قايتىپ كەلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا تاغام: «كىشىلەرنى ھەم يىراققا ماڭدۇرمايدىغان، ھەم قولايلىق بولغان، ھەم سالقىن بولغان ئارامگاھنى شەھەرگىلا ئاچقىلى بولماسمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاغام شەھەر ئىچىدىن سالقىن، شاماللىق مۇھىت ئىزدەپتۇ. شەرقىي ئايلانما يول تەرەپ بەك سالقىن ھەم شاماللىق. شۇنىڭ بىلەن تاغام كۆپ ئويلىنىپ، شۇ يەردىن ئورۇن كۆردى. بۇ توغرۇلۇق كەنت مۇدىرلىرى بىلەن ئاستىرتىن سۆزلىشىپمۇ قويغانىدى. ئەمدى مەن دېمەكچى، شۇ ئىشنى...

— شەھەردە ئارامگاھ ئېچىش؟ — گۈلپەرى ئويلىنىپ قالدى.

— مەن پەقەت تاغامنىڭ پىلانىنى دەپ قويدۇم، ئاداش.

— مېنىڭچە، بۇ ئىشنى ئويلىشىپ باقساق بولغۇدەك. ئارامگاھنىغۇ پۇل چىقىرىپ ياسارمەن. لېكىن، مەن بۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىسام، قانداق يۈرۈشتۈرۈپ كېتەرمەن؟

— شۇ ئىشنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بىرەرىنى ئىشقا سالامسىز؟

گۈلپەرى:

— ماقۇل، رەھمەت سىزگە، ئويلىنىپ باقاي،— دېدى ـ يۇ، بىراق كۆزى يەتمىدى.

— ئۆزىڭىزنى مەجبۇرلىماي ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ. ئەگەر قىلىش قارارىغا كەلسىڭىز مەن تاغامدىن پىلاننى ئېلىپ بېرىمەن، پايدىلىنارسىز.

گۈلپەرى رەھمەت ئېيتىپ ئۆيدىن چىقتى. ھاۋا سوغۇق ئىدى. ئۇ تاكسى توسۇماقچى بولدى ـ يۇ، ئەمما ئامىنەنىڭ تەكلىپىنى يەنمۇ ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىش مەقسىتىدە پىيادە ماڭماقچى بولدى. ئۇ چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ئالدىدىن كېلىۋاتقان بىرنەچچە ئايالنى كۆرۈپ يولنىڭ بىر چېتىگە ئۆتتى. ئۇ ئاياللار كوچىدا ئۆزلىرىلا باردەك يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

— رابىيە، بۇ كىيىمىڭىز بىلەن بۈگۈنكى چايدا ھەممىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان بولدىڭىز.

— ھېلىقى «ئۆمەك باشلىقىنىڭ قىزىمەن» دەپ گىدىيىپ يۈرگەن پور سېمىزنىڭ ئىچىگە ئوت كەتسۇن ئىلاھىم.

— ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى بىر كۆرسىتىپ قويىدىغان بولدىڭىز، رابىيە.

— ئاتىڭىزنىڭ شەھەر باشلىقى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ سىز بىلەن قېرىشقىنىنى ئۇنىڭ.

— ئەمدى كۆرسۇن.

ئۇ ھەقىقەتەن رابىيە ئىكەن. يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قالغان گۈلپەرى يۈزىنى ئىسسىتقان بولۇپ، قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى. بىراق، ئۇلارنىڭ يول بويىدىكى بىراۋغا دىققەت قىلغۇدەك چولىسى يوق ئىدى. قايسىدۇر بىر قىزنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشقىنىچە ئۆتۈپ كەتتى.

شۇ ھامان گۈلپەرىنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆمەرنىڭ ۋەيرانە ھالىتى كەلدى. ئۆمەر بىر رومكا ھاراقنى دوم چۈشۈپ پەسلىشىپ يۈرىدۇ. رابىيە بولسا كىيىمىنىڭ ئېسىلىنى كىيىپ، ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن رېستوراندىن بېرى كېلەلمەيدۇ.

«ئۆمەرگە چوقۇم بىر ئىش بولدى؟ بىچارە ئۆمەرجان، سىزگە نېمىمۇ بولغاندۇ؟ بۇرۇن قانداق چوڭ، كاتتا پىلانلار بىلەن يۈرىدىغان بولغىيتتىڭىز - ھە؟» گۈلپەرى ئۆمەرگە ئېچىندى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز بىر خىيال پەيدا بولۇپ ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. «ياق، ياق، بۇ بولمايدىغان ئىش!» گۈلپەرى ئۆزىدىكى بۇ خىيالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشتى. لېكىن، «كەسپ ئەھلى دېگەن ئۆمەرجان شۇغۇ» دېگەن خىيال ئۇنىڭ باشقا خىياللىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇرۇنۇشلىرىنى بىكار قىلىۋەتتى...

※ ※ ※

بۈگۈن چۈشتە ئامىنە ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا

كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئەتىگەندىلا كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلدى. مېھمان ئۇچۇن خۇشاللىق بىلەن پايپېتەك بولۇۋاتقانلىقى گۇلپەرى بىلەن خەلچەم ئىككىسىگە ئايان ئىدى. «گۇلپەرىنى دوستۇم» دەپ بىلگەن، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بەرگەن، كۆڭۈل بۆلگەن، غېرىب كۆڭلىگە زوق ـ ھەۋەس ھېسلىرىدىن ئۇرۇق تەرگەن بۇ دوستىنى بۇرۇن قولىنىڭ قىسلىقىدىن بىرەر قېتىممۇ مېھمان قىلىپ باقمىدى، ھەتتا مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى كىچىك تاللا بازىرىدىن ئىككى يۈەنلىك ماروژنىمۇ ئېلىپ بېرەلمىدى. شۇڭا بۇگۇن ئۇنى ياخشى كۇتۇش كېرەك.

گۇلپەرى ئالدىراپ يۇرۇپمۇ ئاخشامقى خىيالىنى ئۆزىدىن نېرى قىلالمىدى. شۇ سەۋەبلىك كېچىچىمۇ تۇزۇك ئۇخلىيالمىغانىدى. ئامىنەنىڭ تەكلىپى بارغانچە ئۇنىڭغا ئورۇنلۇقتەك، ئىستىقبالى پارلاق ئىشتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ بۇ تەكلىپنى قانچىكى ئورۇنلۇق دەپ بىلگەنچە ئۆمەر ئۇنىڭ يادىغا شۇنچىكى كۆپ كېلەتتى. ئارقىدىن ئامىنەنىڭ «كەسىپ ئەھلىدىن بىرنى ئىشقا سال» دېگەن گېپى قۇلاق تۇۋىدە جاراڭلايتتى. ئاخشام مۇشۇنداق روھىي ھالەتتە بولۇپ، ھەم جىددىيلىكتىن، ھەم خۇشاللىقتىن ئۇخلىيالمىغان گۇلپەرى ئاخىرى: «نېمىلا بولسا ئۆمەرجان بىلەن كۆرۇشۇپ ئەھۋالىنى بىلىپ باقاي. ئۇنىڭچە ئامىنەنىڭ تەكلىپىنى ۋە بۇ ئويۇمنى ئاپاملارغا ئۇقتۇرماي تۇراي.

بولمىسا، ئارتۇقچە ئەندىشە قىلماي، ئىشتىن چاتاق چىقارمىسۇن، مىنىمۇ ئىككى تايىن قىلماي قويمىسۇن»
دېگەن يەرگە كېلىپ تەسلىكتە ئۇخلاپ قالغانىدى.
ئامىنە بۇ ئىللىق ئائىلىدىكى مېھماندارچىلىقتىن ھەقىقەتەن خۇش بولدى. بولۇپمۇ ئۆزى خېلى پىششىق بىلىدىغان، قەيسەرلىك بىلەن ياشاۋاتقان بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلغىنىغا خۇرسەن بولدى. خەلچەم ئوچاق بېشىدا ئاۋارە بولۇۋاتقاندا ئامىنە گۈلپەرىدىن سورىدى:
— قانداق، ئاخشامقى تەكلىپىمنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟ مەنغۇ شەھەر ئىچىگە ئارامگاھ ياراشماس دەپ ئويلايمەن. شۇڭا بۇ تەكلىپ بىلەن سىزنىڭ باشقا پىلانلىرىڭىزغا دەخلى قىلماي قويماي، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.
— ياق، ئامىنە، مەن ئارامگاھ ئېچىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ قالدىم. سىزگە رەھمەت!
— راستمۇ؟
— راست ئېيتىۋاتىمەن. ئاخشام مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم. مەن قىلماقچى بولغان، تاپالمايۋاتقان كۆڭلۈمدىكى ئىش شۇ ئىكەن.
— ئۇنداقتا، ئۇ يەرنى باشقۇرىدىغان ئادەمنى تاپتىڭىزمۇ؟ بۇ بەك مۇھىم جۇمۇ.
گۈلپەرى دەسلەپتە ئۆمەر ھەققىدىكى گەپنى ئامىنەگە دەپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بېقىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن ھازىر ئۆمەر توغرۇلۇق ئۆزىمۇ ئېنىق بىر

ئەھۋالنى بىلمىگەچكە، ئۆمەر ھەققىدە دېمەي تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەنىدى.

— ياق، بۇ توغرۇلۇق ئويلىشىپ باقمىدىم، — دېدى گۇلپەرى يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، — مەن يەنە بىرنەچچە كۈن ئويلىشىپ باقاي، شۇ ئورۇننى كۆرۈپ باقاي. ئاندىن ئاپامنى قايىل قىلمىسام بولمايدۇ. شۇ جەرياندا ئاستىرتىن شۇ ئىشقا يارايدىغان ئادەمنى ئوقۇشۇپ باقمايمەنمۇ؟

— توغرا ئويلاپسىز. بىر گەپنى دېسەم كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن. تاغام بۇنى ماڭا ئالاھىدە تاپىلىدى. سىزنىڭ مۇستەقىل ئىش تەۋرىتىپ باقماقچى بولغانلىقىڭىزنى بىلىپ بۇ گەپنى سىزگە دېدىم، چۈنكى ھازىر بىزدە پۇلنى باستۇرۇپ يېتىپ: «تۇرمۇشىمىزغا كەلگەندە — كۈشادە يەتسە بولدى» دەيدىغانلار جىق. ئەمما، سىز ئۇلاردەك يول تۇتمىدىڭىز. شۇنداقتىمۇ بۇ گەپنى يوشۇرۇن تۇتۇڭ. كەنت بىلەن توختاملىشىپ بولمىغىچىلا باشقا ئادەملەرگە دەپ يۈرمەڭ.

— مەقسىتىڭىزنى چۈشەندىم، مەن چوقۇم بۇ قىممەتلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلايمەن.

— ئەمىسە سىزدىن خاتىرجەم بولدۇم، بۇ ئىشقا كۆڭلىڭىزنى ھەققىي توختاتقان كۈنى ماڭا تېلېفون قىلسىڭىز تاغام بىلەن ئالاقىلىشىپ بېرىمەن.

— بولىدۇ، ھە، راست، ئامىنە، مەن بۇ ئىشنى ھازىرچە ئاپامغا دېمەي تۇردۇم. ئاپامنىڭ ئەنسىزلىكىنى بىلىسىز، رايىمنى ياندۇرۇپ قويمىسۇن دەيمىنا. شۇڭا

پاراڭ ئارىلىقىدا ئىيغىزىڭىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن.
— بولىدۇ، مەنمۇ بۇ قىممەتلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلايمەن.
بۇ گەپتىن ئىككىسى كۈلۈپ كېتىشتى.
گۈلپەرىنىڭ خىيالىغا ئۆمەر كىرىۋالدى. شۇڭا ئامىنە ئۆزىنى بىلەنلا گۈلپەرى تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئۆمەرنىڭ ئاپىسى ھەجگە مېڭىش چېيى بەرگەندە بىلىۋالغىنى بويىچە ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى.
دەرۋازا ھاڭغىرقاي ئوچۇق، بۇرۇنقى سەرەمجان ھويلا قالايمىقان، ئىشىك ئالدىغا ئەخلەت دۆۋىلىنىپ قالغان، يان تامنىڭ تۈۋىنى چاشقان كولاپ ھالىنى قويمىغان... گۈلپەرى بۇ ئالامەتلەرگە قاراپ بىر ۋەيرانچىلىقنى ھېس قىلىپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.
ئۇ ئۇدۇلدىكى ئىشىكنىڭ قىيا ئوچۇقلۇقىنى كۆرۈپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيئىچى تېخىمۇ ۋەيرانە ئىدى. ئۆي جاھازلىرىنى توپا ـ چاڭ باسقان، كاڭغا يوتقان ـ كۆرپىلەر قالايمىقان دۆۋىلەپ قويۇلغان، ئوتتۇرىدىكى شىرە ئۈستىگە يۇيۇلمىغان تەخسە ـ چىنىلەر تىزىلغان، مەشىنىڭ ئالدى كۈل بىلەن تولغان، تېلېۋىزور شىرەسىنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە پارچە نان توپا بېسىپ تۇرغان، ئىشىك تۈۋىدە بولسا يىغىپ قويۇلغان ئەخلەتنىڭ ئۈستىگە سۈپۈرگە تاشلاپ قويۇلغان... ئەگەر بۇ ئۆيىنىڭ تېگىگە چاقچۇق يېيىلمىغان، ئۆيىنىڭ تورۇسى گەجدىن زىننەتلەنمىگەن، ئۆيدە 29 ديۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، VCD ئاپپاراتى، توڭلاتقۇ بولمىغان

بولسا بۇ ئۆيدە بىر ئادەم زاتىنىڭ ياشىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ئاشۇنداق مەينەتچىلىكلەر ئىچىدە — سۇرتۇلمىگىلى خېلى ئۇزاق بولغان سافاغا چۆكۈپ ئۆمەر خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى.

ئۆمەر باياتىندىن ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ قويغان بىلەن تېخى چەكمىگەن تاماكىسىنىڭ كۆيۈپ بىر يەرگە بارغانلىقىنى كۆرۈپ يەرگە تاشلىۋەتتى ۋە پەرۋاسىزلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ھە، باشلىق ئاتاڭنىڭ راھىتىنى كۆرمەي يەنە نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ گۈلپەرىنى خاتا تونۇپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. قارىغاندا ئۇنى رابىيە دەپ قالغان چېغى.

گۈلپەرى ئۆمەرگە سەپسالدى: ئۇنىڭدا بۇرۇنقى سالاپەت، ئىللىق چىراي، قىزغىن ھالىنىڭ ئىزىمۇ قالمىغانىدى. ئۆسۈپ كەتكەن چاچ ـ ساقاللىرى ئۇنى تولىمۇ بىچارە ۋە ئاۋارە كۆرسىتەتتى. بىر چاغلاردا ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن، ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ قويغان يىگىت مۇشۇ ـ ھە؟ بۇنىڭدىن گۈلپەرىنىڭ يۈرىكى تارتىشىپ كەتتى.

ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن باياتىندىن بېرى شامال كىرىپ تۇرغاچقىمۇ ياكى مەشتىكى كۆمۈر كۆيۈپ ئاز قالغاچقىمۇ ئۆي ئىچىدىن سوغۇق چىقىپ تۇراتتى.

— ئۆمەرجان!

گۈلپەرى ئاستا چاقىردى. ئۆمەر چۆچۈگەندەك بولۇپ

بىشىنى كۆتۈردى، ئاندىن ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك بىر پەس تۈرۈۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئالدىرىدى.

— سىز... سىز... گۈلپەرىمۇ؟ گۈلپەرى، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟

گەپلىرىدىن ئۆمەرنىڭ كەيپىلىكتىن تولۇق يېشىلىپ بولالمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— سىزنى يوقلاپ كەلدىم.

— مېنى؟

ئۆمەر ئاستا گۈلپەرىنىڭ يېنىغا كەلدى. گۈلپەرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئەلەملىك كۈلدى.

گۈلپەرى سومكىسىنى بىر چەتكە قويۇپ مەشكە كۆمۈر سېلىشقا باشلىدى، ئاندىن چۆگۈنگە سۇ ئېلىپ مەشنىڭ ئۈستىگە قويدى. بۇنىڭغا قاراپ باياتىدىن گاڭگىراپ قالغان ئۆمەر گۈلپەرىنىڭ يېنىغا كەلدى:

— چايداندا قايناق سۇ بار ئىدى. ئەستا، مېنى خىجىل قىلماڭ، ئەكېلىڭ، ئەخلەتنى ئۆزۈم ئېلىۋېتەي.

— سىز ئۆينىڭ ئىگىسى بولغاندىكىن، چاينى ئۆزىڭىز دەملەڭ.

— ماقۇل، ماقۇل.

بولۇۋاتقان ئىشلاردىن مەستلىكى تولۇق يېشىلگەندەك بولغان ئۆمەر چاي دەملەشكە تۇتۇندى. گۈلپەرى بولسا ئەخلەتنى سۈپۈرۈپ ئېلىپ جايىغا جۆندىۋەتكەندىن كېيىن ئۈستەل ئۈستىنى بېسىقتۇرۇپ، ئۆزى ئەكەلگەن مېۋە - چېۋىلەرنى تىزدى. شۇندىلا ئۇ تونۇردىن يېڭى قومۇرۇلغان نان ئالغاچ كەلمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى.

ئۆنغچە مەشتىكى كۆمۈر گۈرۈلدەپ كۆيۈپ ئۆي ئىللىدى. ئۆمەر تەمى چىققان چاينى ئەكىلىپ خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈپ چىنىگە چاي قۇيدى.

— كىلىپ ئولتۇرۇڭ، مېۋە يەڭ، — دېدى گۈلپەرى.

ئۆمەر كىلىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى.

— ھەي، نېمە دېسەم بولار؟ سىزنى كىلەر دەپ ئويلىمىغان ئىدىم، لېكىن سىزنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن خۇش بولدۇم. بىراق، كەلمىسىڭىز بەك ئوبدان بولاتتى. نېمىشقىمۇ كەلگەنسىز؟

ئۆمەر بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا ئاۋازى بىلىنەرلىك تىترىدى، سولغۇن چىرايىدا ئازاب ئىزنالىرى روشەن كۆرۈندى.

— سىزدىن ئەھۋال سوراپ كەلدىم، — دېدى ئۆمەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن ئىچى سىيرىلىپ كەتكەن گۈلپەرى.

— مېنىڭ ئەھۋالىم بولسا مۇشۇ...

گۈلپەرى بىر تال ئالمىنى ئاقلاپ يېرىمىنى كىسىپ ئۆمەرگە سۇندى. ئۆمەر قولى تىترىگەنچە ئالمىنى ئالدى.

— ئىشلىرىمنى ئاڭلىغانسىز؟ — سورىدى ئۆمەر ئالمىنى بىرنى چىشلەپ قويۇپ.

— ياق، مەن يېزىدىن قايتىپ كەلگىلى ئەمدى نەچچە كۈن بولدى. تېخى بىرەرسى بىلەن كۆرۈشكۈدەك بولمىدىم.

ئۆمەر ئىشەنمىگەندەك گۈلپەرىگە قارىدى ۋە ئالمىنى زەردە بىلەن چىشلەپ يېيىشكە باشلىدى.

— لېكىن، سىزنى بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىدا كۆرگەنىدىم... ئۆمەرجان، سىز مۇنداق يۇرمەسلىكىڭىز كېرەك ئىدى.

ئۆمەر جىمىپ كەتتى، ئاندىن بېشىنى «شارتتىدە» كۆتۈردى:

— شۇڭا مېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى بىلگۈڭىز كەلدى، شۇنداقمۇ؟ مەن بىلىمەن، سىز بىراۋنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت، ئەلەم ئۈستىدىن كۈلىدىغان قىز ئەمەس. مەن باشقا گەپ قىلماي. سىزنىڭ ھازىر قىزىقىدىغىنىڭىز ھەم ئىچىڭىزنى پۇشۇرۇۋاتقان ئىش توغرۇلۇق سۆزلەي. مېنىڭمۇ پىغانىم ئۆرلەپ تۇراتتى.

ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ سافانىڭ كەينىدىن يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئالدى. بۇنى كۆرگەن گۈلپەرىنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— ئۆمەرجان، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ سىز ئۆزىڭىزنى تارتماقتا يوق، ئۆزىڭىزنى مۇشۇنداق نابۇت قىلىدىغان يولغا ماڭسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ئۇنى يەنە ئىچكىلى تۇرسىڭىز، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا بىكارغا كەلگەن بولمايمەنمۇ؟

— ئاچچىقلانماڭ، گۈلپەرى، بۇرۇن ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئاچچىقىمنى بېسىش ئۈچۈن ئىچكەن بولسام، بۈگۈن سىزنىڭ مېنىڭدەك بىر ئادەمنى ئىزدەپ يوقلاپ كەلگەنلىكىڭىزنىڭ ۋە سىزنى كۆرگەنلىكىمنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئىچىمەن... ئاندىن

ئۆزۈمنى قويۇپ بېرىپ دەردلىرىمنى يۇخادىن چىققۇدەك بىر سۆزلىۋالاي.

بۇ گەپ بىلەن گۈلپەرى ئۇنى توسۇشنى خالىمىدى. ئۆمەر ئالما، ئاپىلسىننى زاكۇسكا قىلىپ، ھاراقنى غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى.

ئۆمەر ئىغىر تىنىۋېتىپ سافاغا يۆتۈن ئىغىرلىقى بىلەن تاشلاندى ۋە ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— ئەمدى مەن سۆزلەي.

# ئون ئالتىنچى باب

## يىگىت بېشى ئېگىلدى

تويدىن كېيىن ئۆمەرنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ يۈرۈشۈپ كەتتى. ئاپىسى ئۇنىڭدىن رازى، رابىيە بولسا بارغانچە كۆچىيىۋاتقان قىزغىنلىقى بىلەن «ۋاي ئاپا! ۋاي ئۆمەرجان!» دەپ پايپېتەك بولۇپ يۈردى. شۇڭا، ئاپىسى ئىككىسىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۇچۇن تىلەك تىلەپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. رېستورانىنىڭ سودىسىمۇ ئۆز يولىدا يۈرۈشۈپ مېڭىۋاتاتتى. تويغا بىر ئاي قالغاندا بانكىدىكى قەرز پۇلىمۇ ھەل بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۆمەر قىرىق تۈمەن كويدەك پۇلنى ئەتە ـ ئۆگۈن بولىدىغان پايدىنىڭ ھۆزۈرىغا چۆمۈلۈپ تۇرۇپ ھامۇت ھاجىمغا ئىككى قوللاپ تۇتقۇزدى.

ئۆمەر ئەمدى ئاپىسىنىڭ مېھرىگە چۆمۈلۈپ، رابىيەنىڭ تاتلىق گەپلىرىدىن مەست بولۇپ، كۈنسېرى ئېقىۋاتقان بەركەتلىك سودىسىدىن شادلىنىپ، بەختىيار، تىنچ ـ خاتىرجەم ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان يەرگە كەلگەنىدى.

بىر كۈنى تاماقتىن كېيىن رابىيە ئەركىلەپ

ئولتۇرۇپ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆمەرگە تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئارزۇسىنى يەنە تىلغا ئالدى:

— ئۆمەرجان، بىز قاچان بىنا ئۆي ئالىمىز؟ يەرلىك ئۆيلەرگۇ ياخشىكەن، كىرىپ - چىقىشتا قولايلىق، يازدا ئۆگزىسى سالقىن لېكىن، ئەپسىز تەرەپلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. كۆرۈۋاتىسىز، مەن بەك جاپا تارتىپ كېتىۋاتىمەن. مۇنداق جاپا ئۇسسۇلچىنىڭ فىگۇرىسىنى ئاسانلا بۇزۇپ قويىدۇ. بەدەن سۈپىتى بۇزۇلغان ئۇسسۇلچىنىڭ سەھنىگە چىققىنى ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىنى...

— بولدى، رابىيە، بۇ گەپلەرنى بەك جىق دەپ كەتتىڭىز،— دېدى ئۆمەر چاقچاق ئارىلاش،— بۇ گەپلەر ماڭا ياد بولۇپمۇ كەتتى. ئەمدى دېيىش توغرا كەلسە، سىز «بىز قاچان بىنا ئۆي ئالىمىز؟» دەپ باشلاپلا بېرىڭ، قالغىنىنى ئۆزۈم دەۋېتەي.

— ساراڭنىڭ دەۋاتقان گېپىنى،— رابىيە ئۆمەرنى يالغاندىن مۇشتلاپ ئۇنىڭغا يېپىشتى،— راست گەپ قىلىڭە، ئۆمەرجان.

— دېدىمغۇ، هامۇت هاجىم بىلەن بولىدىغان سودا پۈتسۇن دەپ.

رابىيە دومسىيىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۆمەر بولسا ئامېرىكىنىڭ بانكا بۇلاش مەزمۇن قىلىنغان بىر كىنوسىنى بېرىلىپ كۆرۈۋاتاتتى.

— ئۆمەرجان،— دېدى رابىيە بىر چاغدا سىرلىق كۈلۈپ،— ماڭا راست گەپنى دەپ بېقىڭە، بىزنىڭ زادى قانچىلىك پۇلىمىز بار؟

ئۆمەر رابىيەگە هەيران بولۇپ قارىدى.

— نېمە بۇ گەپنى قىلىپ يۈرىسىز؟ — دېدى ئۆمەر يەنە تېلېۋىزورغا قاراپ.

— دەپ بېقىڭە؟

— تېخىچە بىلمەيۋاتامسىز؟ ھازىرغىچە رېستوران ئاچقۇچە ئالغان قەرزلەرنى قايتۇرۇۋاتىمىز؟

رابىيە كۆلۈپ باش چايقىدى:

— باشقىلارغىغۇ شۇنداق دەڭ، ئەمدى ماڭىمۇ شۇنداق دەمسىز؟

— مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

— بولدى، ئۆمەرجان، مەن باشقا بىر نېگە دەپ يۈرمىگەندىكەن.

— ھەي، — ئۆمەر ئەجەبلەنگەن ھالدا رابىيەگە قارىدى، — سىز مېنى جىق پۇلى بار دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسىز؟

— شۇنچە چوڭ رېستوران كۆندە «پۇل، پۇل» دەپ گۈرۈلدەپ مېڭىۋاتسا...

— رېستوراننىڭ «پۇل، پۇل» دەپ گۈرۈلدىگىنى بانكىدىكى، يېقىن - يورۇقلاردىكى قەرزلەرنى ئېسىمگە سېلىپ سىگنال بەرگىنى.

— ياللا، ئۆمەرجان، — دېدى رابىيە نېمىگىدۇر ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك ھېسسىياتتا، — باشقىلار سىرتتا سىزنى يىگىرمە - ئوتتۇرا تۈمەننى قىرلىۋەتتى، دەپ يۈرۈۋاتسا...

— قەدىرلىكىم، ئۇ گەپلەرگە ئىشەنمەڭ. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، سىزنى يەرگە قاراتماي باققۇدەك پۇلۇم بار.

بۇ گەپ بىلەن رابىيەنىڭ چىرايىدىكى قىزغىنلىق ياندى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى رابىيە ئۆمەردىن ئاجرىلىپ بوش ئاۋازدا، — سىز ھازىرغىچە قەرز قايتۇرۇۋاتامسىز؟

— ھەئە.

— بۇ قەرز قاچان تۈگەيدۇ؟

— يەنە ئون يىلدا.

رابىيە بىر خىل ئۇمىدسىز كەيپىياتتا ئولتۇرۇپ قالدى، ئاندىن لېۋىنى چىشلىۋېتىپ سورىدى:

— رېستوراندىن تاپقان پۇلنىڭ ھەممىسى قەرزگە كېتەمدۇ؟

— پايدىنىڭ بىر قىسمى بانكا قەرزىگە، بىر قىسمى باشقىلاردىن ئالغان قەرزگە ماڭىدۇ. يەنە بىر قىسمى ئىش ھەققى، توك پۇلى دېگەندەك تاراق - تۇرۇقلارغا كېتىدۇ. قالغىنى رابىيەنىڭ يانچۇقىغا چۈشىدۇ.

ئەمما، بۇ گەپكە رابىيە كۈلمىدى.

— ئايدا قانچىلىك بىرنېمە قالىدۇ؟

— ئوخشاشمايدۇ. يازدا ئارانلا ئىزى چىقسا بولىدى. قىشتا ھوسۇل ھەرھالدا ياخشى. سىزنىڭ مائاشىڭىزنى بىرنەچچە قاتلايدۇ.

رابىيە بوشاشقان ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى. «قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ؟ لاۋبەن، لاۋبەن دەپ ئېغىزىمىزغا بىر كەلتۈرۈپ يۈرسەك... ئۆمەرجان بىرمۇنچە قەرزنىڭ گېپىنى قىلىدىغۇ؟» بۇ ئەلەملىك خىيال رابىيەنى لاسىدە قىلىپ قويدى.

رابىيە جىمىپ كېتىۋىدى، ئۆمەر ئۇنىڭغا قارىدى. رابىيە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۇلگۈردى. بىراق، شۇ كۈنى نېمىشقىدۇر رابىيەنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. كەچلىكى «مىجەزىم يوق تۇرىدۇ» دەپ يېتىۋېلىپ تۈنجى قېتىم قېيىنئانىسىغا تاماق ئەتكۈزدى.

شۇ كۈندىكى ئۆمەر ئۈچۈن ئادەتتىكىچىلا، رابىيە ئۈچۈن كۆڭۈلسىز بولغان سۆھبەتتىن كېيىن رابىيەنىڭ كۆڭلى پەقەت ئارامىدا بولمىدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ رابىيە يەنە بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ قالدى.

— ئۆمەرجان، راستلا پۇلىمىز يوقمۇ؟ بىرمۇنچە قەرز بىلەن ياشاۋاتىمىزمۇ؟

ئەمدى ئۆمەر بۇ گەپكە رەسمىي دىققەت قىلىپ قالدى.

— رابىيە، بۇ گەپنى ئۆتكەندىمۇ سورىغان ئىدىڭىز. ئىشەنگۈڭىز كەلمىسە بانكىغا بېرىپ ئېنىقلاپ بېقىڭ.

— ئۇنىڭ نېمە ھاجىتى؟ راست گەپ قىلىسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— رابىيە، مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن. بىرمۇنچە قەرز بىلەن ماڭغان رېستوران بۇ.

ئەمدى رابىيەمۇ قىزىشتى:

— ئۇنداق بولسا، ھېلىقى ھاجىمغا بەرگەن پۇلچۇ؟

— ئۇنىمۇ بانكىدىن ھەل قىلدىم، بىر قىسمىنى دوستۇمدىن ئالدىم.

— نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى...

— رابىيە،— دېدى جىلە بولۇپ قالغان ئۆمەر ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ،— مەن سىزگە دېسەم، سىز

ئىقتىسادىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەي، خىزمىتىگىزنى ئوبدان قىلىپ، ئۆينى گۈلدەك تۇتۇپ مېنى خاتىرجەم قىلىڭ. قالغان ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.

رابىيە ئۇلتۇرۇپلا قالدى. قۇلاق تۈۋىدە «قەرز» دېگەن سادا ياڭراپ تۇختىماي ۋاتقاندەك بولدى. شۇ كېچىسى رابىيە پەقەت ئۇخلىيالمىدى. «ئاپاملارنىڭ ئالدىدا چوڭ سۆزلەپ، چوڭ كۆرسىتىپ، ماختىنىپ تۇرۇپ تەگكىنىم مۇشۇنداق ئادەم بولۇپ چىقتىمۇ؟ قېنى مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا ماختىنىپ يۈرگىنىم، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كېرىلىپ كەتكىنىم... ئۇلار ئۆمەرجاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغان بولسا شۇ ماختانغانلىرىمغا، كېرىلگەنلىرىمگە ئارقامدىن كۈلگەندىمۇ؟ تۇۋا! مەن ئەمدى... مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئەتە ـ ئۆگۈن نېمە بولىدۇ؟ ناۋادا رېستوران ماڭماي قالسا، سودىدا زىيان تارتسا... ۋاي خۇدايىم، بىنا ئۆي ئېلىشقۇ نېرى تۇرسۇن، قەرزنىڭ دەردىدە جان باقىلىمۇ بولارمۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا دوست ـ دۈشمەن ئالدىدا، ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىدا قانداق يۈز كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟ ئاتا ـ ئانام باشقىلارنىڭ ئالدىدا گەۋدىسىنى قانداق تىك تۇتۇپ يۈرەلەيدۇ؟ ئەستا، پوقتەكلا بىر ئىش بولدىغۇ بۇ...» رابىيە ئويلىغانچە قورقۇپ كەتتى، مۇدھىش بىر خىيال ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇشقا باشلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن گەرچە رابىيە ئۆزىنى ئۇنداق يامان خىيالنى قىلماسلىققا ئۈندەپ، «تېرە سودىسىدىن كۆپ پايدا ئېلىپ قالار» دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىنى

ئۇمىدلەندۈرۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۆمەردىن قېيىدىغۇسى، باتنىغۇسى كېلىدىغانلا بولۇپ قالدى. شۇنداق بولغاچقا ئۆيدە غۇژ ـ غۇژ پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

بىر قېتىم رابىيە «گىرىم قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگۈدەكمەن، خىزمەتكە كېچىكىپ قالغۇدەكمەن» دېگەن گەپ بىلەن ئەتىگەنلىك ناشتىنى ئاپىسىغا تەييارلاتقۇزۇۋىدى، ئۆمەر ئۇنىڭ بىلەن تەرگىشىپ قالدى. ئۆمەر:

— گىرىم قىلىش ئاپىدىنىمۇ مۇھىممۇ؟ — دېگەن بولدى، ئارانلا تۇرغان رابىيە بىرمۇنچە چالۋاقاپ قېيىنئانىسىنىڭ شۇنچە تۇتقىنىغىمۇ قارىماي، ھۆكىرەك ئېتىپ يىغلىغىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

رابىيەنىڭ مۇنداق قىلىشىنى زىنھار كۈتمىگەن ئۆمەر داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ رابىيە بىلەن تونۇشۇپ تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ مۇلايىملىقىنىلا كۆرگەن، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىگە قاتتىقراق ئاۋازدا گەپ قىلىپ باققىنىنىمۇ كۆرمىگەنىدى. رابىيەگە زادى نېمە بولغاندۇ؟

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ، بالام؟ — ئاپىسى تەنبىھ قىلدى ئۇنىڭغا، — شۇنىڭغىمۇ مۇشۇنچە قىلغان بارمۇ؟ رابىيەگۈل قىزىم بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كەلمىگەندىمۇ مەن قىلىپ كېلىۋاتقان تاماققۇ بۇ، بالام.

— لېكىن، ئەمدى سەن بۇنداق ئىشلارنى قىلساڭ بولمايدۇ ـ دە.

— نېمىشقا بولمايدۇ؟ يا مەن مېيىپ بولۇپ قالمىسام، يا كېسەلچان بولۇپ قالمىسام. بىزدە «ھاجىم»لار تاماق قىلسا بولمايدۇ، دېگەن گەپ يوقتۇ؟

ئاپىسىنىڭ ئورۇنلۇق گەپلىرى ئالدىدا ئۆمەر گەپىنىڭ تېمىسىنى يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى:

— ئاپا، سەن بىلمەيسەن، يېقىندىن بۇيان ئۇ مۇشۇنداق قىزىقچە - يېنىچە تېگىدىغان بولۇۋالدى.

— بالام، ئادەم دېگەننىڭ مىجەزى بىر خىللا تۇرۇۋەرمەيدۇ. مىجەزى باشقىچە بولۇپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ.

— بولدى، ئاپا،— دېدى ئۆمەر ئۆزىنىڭ ئاپىسىغىمۇ قاتتىق گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ،— ناشتىمىزنى قىلايلى. ئىدارىسىگە بارغۇچە ئوڭشىلىپ قالار.

— بالام، بىلىمەن، سېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭ كۆپ. ھەممىسىنى بىزنى دەپ قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. رابىيەمۇ بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس. شۇڭا ئۆزۈڭنى ئايا، ئارتۇقچە چېچىلما، بولمىسا سالامەتلىكىڭگە زىيانلىق. يەنە بىرى، مېنى دەپ رابىيە بىلەن يامانلىشىپ يۈرمە. مېنى خۇش بولسۇن دېسەڭ، ئېجىل - ئىناق ئۆتۈڭلار.

ئۆمەر بېشىنى لىڭشىتتى. ئاپىسى بولسا: «سائادەتخانىلار شۇنچە چوڭ كىشىلەر تۇرۇپ بىزنى شۇنچە ئادەم ئېتىۋاتىدۇ. شۇڭا رابىيە ئۇنداق - مۇنداق دەپ قويسا، خاپا بولۇپ يۈرۈشىمىزگە ئورۇن يوق» دېمەكچى بولدى - يۇ، ئۆمەرنىڭ تېخىمۇ خاپا بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇ گەپنى يۇتۇۋەتتى.

ئەمما، شۇ ئاخشىمى رابىيە قايتىپ كەلمىدى. ئۆمەر چاقىرغۇ قىلسا قايتۇرمىدى، يان تېلېفونى بولسا

ئېتىك. شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە تېلېفون قىلىشقا مەجبۇر بولدى. تېلېفوننى قېيىنئانىسى سائادەت ئالدى.

— رابىيەنىڭ مىجەزى يوق، ئەتە قايتىپ كېتىدۇ.

قېيىنئانىسىدىن ئىلمان تەلەپپۇزدا شۇ جاۋابنى ئالغان ئۆمەر ئاپىسىغا يالغان گەپتىن بىرنى توقۇپ ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئەتىسى بولسا رابىيە ئۇرۇمچىگە كەتكەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپلا قالدى.

ئۇ ئاپىسىنىڭ سوئال - سورىقىدىن قېچىپ رېستورانغا ئەتىگەنلا كېلىۋالدى، ئەمما قولى پەقەت ئىشقا بارمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رېستوراننىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ سىرتقا چىقتى.

ئۇ رېستوراننىڭ ئالدىدا بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن باتۇرغا كۆڭلى تارتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى. بۇ ئۆمەرنىڭ باتۇرغا تۇنجى قېتىم تېلېفون قىلىشى ئىدى. شۇ كۈنى ئۆمەر ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئېغىر مەست ئىدى.

شۇ سەۋەبلىك ئۆمەر ئادەتتىكىدىن ۋاقچە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ شۇنچىلىك مەست ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىدىن چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئاپىسى ھاجىم بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇنداق ئىچىپ قويىدىغان ئىشقا كەلگەندە ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. «ئاخشام ھېچنېمىنى ئويلىماي ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپتىمەن دېسە. ئەستا! نېمە قىلغىنىم بۇ؟»

ئۆمەر راستىلا خىجىللىق ھېس قىلدى، لېكىن غەمسىز ئۇخلىغىنىغا، ئەتىگەندىمۇ ئۆزىنىڭ يېنىك بولۇپ قالغانلىقىغا خۇش بولدى. تۇنۇگۈنچۇ؟ رابىيەگە ئاچچىقى كېلىپ، بوغۇلۇپ، ئۇيقۇسى ئۇيقا، ناشتىسى ناشتا بولمىغانىدى.

رابىيە ئىككىنچى كۈنى چۈشتە ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۆمەر ئاپىسىنى ئاياپ، رابىيە بىلەن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك سالاملاشتى. بىراق، رابىيە ئۆمەرگە قاپىقىنى ئاچمىدى، قېيىنئانىسى بىلەنمۇ زورغا كۈلۈمسىرەپ كۆرۈشتى. بۇنىڭدىن ئۆمەر باشقىچىلا بولۇپ قالدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ رابىيەنىڭ چوڭ ئۆيگە كېتىدىغان ئىشى كۆپەيدى. بەزىدە تېخى چوڭ ئۆيگە بېرىۋېلىپ كەچكە يېقىن خەۋەر قىلىپ قويسا، بەزىدە ھەتتا خەۋەرمۇ قىلىپ قويمايتتى. ئىچى تىتىلداپ كەتكەن ئۆمەر سۇرۇشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاران ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالاتتى. بەزىدە بولسا سائادەت قەستەنگە رابىيەنى كەلمىدى، دەپ ئۆمەرنى ساراسىمىگە سېلىۋېتەتتى. رابىيەنىڭ بۇ قىلىقى ئۆمەرنىڭ مىجەزىگە تەسىر قىلغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە كىرگەن ھامان كىچىك ئىشلار ئۈچۈنمۇ رابىيەنىڭ غىزىلدىشى باشلانسا، ئۆمەر ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئاستىلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان بولدى، بەزى ۋاقىتلاردا بولسا «ئەسلىدە سەن مۇشۇنداق رابىيەمىدىڭ؟» دەپ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ كېتەتتى. بەزىدە ئۆزىنى باسالمىسا رابىيە بىلەن تەڭ

ۋارقىرىشاتتى. رابىيە ئانچىكىم ئىشلار ئۆچۈنمۇ ۋارقىراپ يۈخادىن چىقمۇالغاندىن كېيىن ئالدى ـ ئارقىغا قاراپمۇ قويماي چوڭ ئۆيگە ماڭاتتى. ئۆمەر بولسا ئاپىسىنىڭ بىرمۇنچە تەنبىھىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ سىرتقا چىقاتتى ۋە ئاغىنىلىرىگە تېلېفون قىلىپ هاراق ئىچىدىغان سورۇن تەييارلايتتى ياكى سورۇن ئىزدەيتتى.

دەسلەپتە ئۇنىڭغا هەيران قالغان ئاغىنىلىرى بارا ـ بارا ئۇنى بىكارچىلىقتا هاراق ئىچىدىغانلارنىڭ مۇهىم بىر ئەزاسى قىلىۋالدى. بىر كۈنى هاراق سورۇنىدا ئەسەيدۇللا ئۇنىڭغا:

ــ ئاداش، سەن هاراقتا ئۆزۈڭنى بۇنداق ئۇرساڭ بولمايدۇ، كۈنبويى سورۇن چۆرگۈلەپ يۈرسەڭ تېخىمۇ بولمايدۇ. سالامەتلىكمۇ مۇهىم. سەن چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم، شۇڭا سەن ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالساڭ بولاتتى، ــ دېدى كۆڭۈل بۆلۈپ.

ئۆمەر بىرنەرسە دېگۈچە بارات ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى:

ــ سەنلا بىر خوتۇنۇڭنى چوڭ بىلىپ، قويىدىن چىقماي يۈرۈۋەر.

باتۇرمۇ ئۇنى جىملىدى:

ــ بىلىۋال، هەقىقىي ئەركەك دېگەن خوتۇندىن زېرىكسىمۇ، هاراقتىن زېرىكمەيدۇ.

«خوتۇن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئۆمەرنىڭ زەردىسى قاينىدى:

— تولا گەپ قىلماي، قويە ھارىقىڭنى.

ئۆمەر ھاراقنى كۆپ ئىچىپ غەمسىز ئويقۇغا، خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندەك قىلغان بىلەن تېرىككەك بولۇپ قالدى. رابىيە بىلەن بولغان غىڭ‌ژىلدىشىشى ئەمدى ئاپىسىنىڭ ئالدىدىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا بولىدىغان بولۇپ كەتتى. تېخى رابىيە بىرنى دېسە، ئۆمەر ئىككىنى دەيدىغان بولدى. ئاپىسىمۇ ئۆمەرگە تولا نەسىھەت قىلىپ ھاردى ۋە ئۆزىنى كۆز يېشىغا زورلاپ بىر چەتتە يىغلاپ ئولتۇرىدىغان بولدى.

بۈگۈنكى جېدەلدە رابىيەنىڭ دېگەن گېپى ئۆمەرنىڭ «رابىيە نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالدۇ؟» دېگەن سوئالىغا ئېنىق جاۋاب بولدى. بۈگۈن بىرئاز ئېچىلىپ قالغان رابىيە قېيىنئانىسى بىلەن بىنا ئۆيىنىڭ ئەۋزەللىكى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ، ئەگەر بىنا ئۆي ئېلىش توغرا كەلسە، رابىيە ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى دەپ ئولتۇراتتى، ئۆمەر زەردە بىلەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— رابىيە، ئاپامغا ئۈنچىلىك دەپ كەتمىسىڭىزمۇ، قەرزلەر تۈگىسە ئالايلى دېدىمغۇ؟

رابىيەمۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى:

— مەن نېمە گۇناھىمغا نەگىلا قارىسا قەرز بولۇپ كەتكەن بىر ئۆيگە كېلىن بولۇپ قالغاندىمەن؟ بۇنچە قەرز بىلەن «بىنا ئۆي ئالىمىز» دەپ ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر گوللاپ ئۆتسەم بولغۇدەك ـ تە.

بۇنىڭدىن بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولغان ئۆمەر ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى:
— ھە، ئەسلىدە مېنى پۇلى جىق خوجايىن دەپ ئويلاپ... ئەمدى قەرزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەن بىلەن توي قىلغانغا پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟
— دېمىسىمۇ شۇنچىۋالا قەرز تۇرامدۇ؟
— بىلىۋېلىڭ، مەن شەھەر باشلىقىنىڭ ئارزۇلۇق بالىسى ئەمەس، بىر يېتىم ئوغۇل تۇرۇقلۇق مۇشۇنچە ئىگىلىك تىكلىيەلىدىم. ئوبدان ئاڭلىۋېلىڭ: مەن نۇرغۇن قەرز بىلەن ئىش تەۋرىتىۋاتىمەن. بۇنى ھەم ھېچكىمدىن يوشۇرغىنىمۇ يوق. ئەگەر قەرزى بار ئائىلىگە كېلىن بولغانغا پۇشايمان قىلغان بولسىڭىز يول ئوچۇق.
رابىيە ئاغزىنى ئۆمەللەپ قويۇپ يالتىيىپ قالدى ۋە سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى.
كۆزنەك لىققىدە ياش ئالغان ئانا ئۆمەرگە:
— بالام، بىر ئېغىز گەپتىن قالساڭ بولمامدۇ، — دېدى.
— ئاپا، كەتسە كەتسۇن، بىزنى تۆۋەن كۆرىدىغان ھەرقانداق ئادەم ماڭا كېرەك ئەمەس. ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىز نېمە جاپالار بىلەن بۇ ئىگىلىكنى تىكلىدۇق؟
— بالام، ئايال كىشى تۇرسا، كۆڭلى قورققاق كېلىدۇ، چىرايلىق چۈشەندۈرسەڭ بولمامدۇ؟
— بولدى، ئاپا، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. بېرىپ ئاتىسى بىلەن ئاپىسىغا بولغان ئىشنى دەپ باقسۇن، ئۇلارغۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلەر، مەن رېستورانغا بېرىپ كېلەي.

ئۆمەر ئۆيدىن چىقتى. ئەمەلىيەتتە بۇگۇن رېستوراندا پارچە مېھمان يوق، بەلكى بىر توي بار ئىدى، شۇڭا رېستوراندىكى مەسئۇل كىشىلەر يېتىشەلەيتتى.

ئۆمەر بىر ئىشتان ئېلىش خىيالى بىلەن تەرەققىيات سودا بىناسىغا قاراپ ماڭدى. بۇرۇنلاردا رابىيە كىيىمنى ئۇنىڭغا ئۆزى تاللاپ بېرەتتى. ئۆمەر نورمال باھالىق كىيىملەرگە ماڭسا، رابىيە ئۇنى داڭلىق ماركىلىق كىيىم ساتىدىغان ماگىزىنغا سۆرەيتتى، تازا تاللاپ ئۆمەرگە قايتا ـ قايتا كىيدۈرۈپ سىناپ كىيىم ئالاتتى. كۈندە ئۆيدىن چىقىشتىن بۇرۇن ئۆمەرنىڭ كىيگەن كىيىملىرىنىڭ پار كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈرەتتى. مانا ئەمدىچۇ؟ ئارىدا كۆڭۈلسىزلىك باشلانغان بىرنەچچە ئايدىن بۇيان رابىيەنىڭ ئۆمەرنىڭ كىيىم ئالغان ـ ئالمىغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، كۈندە نېمە كىيىۋاتقانلىقى بىلەنمۇ كارى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بىرەر قۇر يېڭى كىيىم ئالىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىدى.

ئۆمەر ئىشتان ساتىدىغان ماگىزىندىن پۈرلەشمەيدىغان رەختتىن تىكىلگەن ئىشتاندىن بىرنى تاللىدى. ئۇ ئىشتاننىڭ پۇچقىقىنى پۈكىدىغان، كىيىم تىكىدىغان تىككۈچىلەر ئورۇنلاشقان يەرگە كېتىۋاتقاندا رابىيە يادىغا كىرىۋالدى. «ھەي رابىيە، سەن ماڭا پەقەت مېنى باي دەپلا تېگىپتىكەنسەن ـ دە؟ شۇڭا سەن ھازىر مېنى بىسەرەمجان قىلىۋاتىسەن. خەپ، قىيىنچىلىق تارتىدىغان ۋاقىتلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر...»

ئۇ بىرەيلەنگە ئىشتاننىڭ پۇچقىقىنى پۇكۇشكە بېرىۋېتىپ يەنە شۇ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتى.

— شۇنچە چوڭ خوجايىن تۇرۇپ نېمە ئېغىر غەم بۇ؟

ئۆمەر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە تىككۈچىنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خىجىل بولۇپ كەتتى. تىككۈچى ئاق يۈزلۈك، تۇرقى يېقىملىق، بىرلا قارىغان ئادەمگە ۋۇجۇدىغا ياشلىق گۈزەللىكى يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەك بىلىنىدىغان جۇۋان بولۇپ، ئوتلۇق كۆزلىرىنى ئۆمەرگە تىكىپ تۇراتتى.

— سىز «مىڭئۆي رېستورانى»نىڭ خوجايىنى ئۆمەرجانغۇ؟

— ھەئە،— دېدى ئۆمەر بوش ئاۋازدا.

— بىز رېستورانىڭىزغا كۆپ بارىمىز. رېستورانىڭىزدا بايراملىق پائالىيەتلەرنى قىلغاندا سىزنى نەچچە قېتىم كۆرگەن ئىدىم، شۇڭا سىزنى تونۇۋالدىم.

— رەھمەت، يەنە بېرىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز،— دېدى ئۆمەر بىر ئاز جانلىنىپ.

— بەكلا غەمگە چۆكۈپ كېتىپسىز؟ بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ياق،— دېدى ئۆمەر.

— ياق دېمەڭ، ئەرلەرنى ئىككى نەرسە غەمگە پاتۇرىدۇ. بىرى، پۇل. يەنە بىرى، خوتۇن. قارىغاندا، سىزدىكى خوتۇن غېمىدەك قىلىدۇ.

ئۆمەر ھەيران بولۇپ تىككۈچىگە قارىدى. تىككۈچى يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۆمەر كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— كېلىڭە، ئۆلچىۋالاي.

تىككۈچى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆمەرنىڭ بويىنىغا شېرىن ئەتىرنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. بۇ ھىد ئۆمەرنىڭ ۋۇجۇدىنى غىدىقلىدى. ئۆمەر بۇ «غىدىق» تۇيغۇلۇق تىككۈچىگە يەنە قارىدى. «ئەجەب چىرايلىق نېمىكىنا!» ئۆمەر تۇرۇپلا بۇ چوكان بىلەن پاراڭلىشىشنى خالاپ قالدى.

— سىز بۇ يەردە ئىش قىلىۋاتقىلى ئۇزاق بولدىمۇ؟

— نەچچە يىل بولدى. سىز بىزدەكلەرگە دىققەت قىلمايسىز. بىز ئاددىي تىككۈچى ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي، ئىسمىم ماھىرە.

— ماھىر تىككۈچى دەڭ.

— شۇنداق، سىزگىمۇ بىرەر قۇر كىيىم تىكىپ بېرەيمۇ؟

— رەھمەت.

— بىز تىككەن كىيىملەر تەييار كىيىملەردىن قېلىشمايدۇ.

ماھىرە شۇنداق دەپ كۆز مۆلچەرى قىلىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا بىر قۇر قارىدى، ئاندىن ئىشتانىنىڭ پۇچقىقىنى پۈكۈشكە باشلىدى.

— ئەر كىشىنىڭ قورسىقى كەڭ بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ئۆيدە خوتۇن بىلەن بولغان كۆڭۈلسىزلىكنى سىرتتا سۆرەپ يۈرمەسلىكى كېرەك.

— سىزنىڭ يولدىشىڭىز شۇنداق قىلامدۇ؟

ماھىرە بىر خىلدا ئىش قىلغاچ جاۋاب بەردى:

— شۇنداق قىلالىغان بولسا ياخشى بولاتتى. چاتاق

يېرى، شۇنداق قىلالمىسىمۇ يولدىشىم يوق ئەمەسمۇ؟!
ئۆمەر: «قارىغاندا يولدىشى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ بۇ سوئالنى سورىغىنىغا خىجىل بولدى، ئەمما ماھىرە ئۇنىڭ پەرىزىگىمۇ جاۋاب بەدى:
— بىز قۇتيار يېزىسىنىڭ قوشكارىز كەنتىدىن. يولدىشىم ئۇزاق يىللار ئىلگىرى نېرۋىسىدىن كېتىپ قالغان. شۇڭا مەن ئامالسىز شەھەرگە كېلىۋالغان. شۇنىڭدىن بۇيان يالغۇز جان بولۇپ يۈرىمەن.
قۇتيار يېزىسىنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن ئۆمەرنىڭ يادىغا گۈلپەرى كەلدى ۋە: «شۇ ۋاقىتتا تاللاشتا خاتالىشىپتىمەن» دەپ ئويلىدى ئەلەم بىلەن.
ئىشتان پۈتتى. ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ پۇلنى تۆلىدى.
— راست گەپنى قىلسام، مەن سىزگە بىر كانۋا كۆڭلەك تىكىشنى ئويلاپ قويدۇم. مەن ئىشلىگەن كانۋا كۆڭلەكنى نۇرغۇن يىگىتلەر ياقتۇرۇپ كىيىۋاتىدۇ. بىر لايىھەنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويۇپ ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا كۆڭلۈم ئۇنىماي تۇراتتىم. قارىغاندا، ئۇ سىزنىڭ رىزقىڭىز ئوخشايدۇ. تېلېفون نومۇرىڭىزنى قويۇپ قويسىڭىز، پۈتكەندە سىزگە خەۋەر قىلاي.
— ھوي، بۇ...
— يا مەن تىككەن كىيىمگە ئىشەنچ قىلالمايۋاتامسىز؟
ئۆمەر يان تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ماھىرەمۇ ئۇنىڭغا بىر قەغەزنى سۇندى:
— ئۆمەرجان، بۇ مېنىڭ چاقىرغۇ نومۇرۇم.

مېھمانلىرىڭىز كېلىپ دۇتار ئاڭلىغۇسى كېلىپ قالسا چاقىرارسىز. ئۇنىڭدىنمۇ ئانچە ـ مۇنچە خەۋىرىم بار.

ــ ۋاھ، نېمىدېگەن ياخشى. بۇگۈن بۇ يەرگە كېلىپ كۆڭلۈم ئېچىلىپلا قالدى. رەھمەت سىزگە!

ــ مەن كۆرۈپلا خوتۇنىڭىزدىن رەنجىپ قالغانلىقىڭىزنى پەرەز قىلغانىدىم. ئاددىي تىككۈچى بولغىنىمىز بىلەن خەقنىڭ ھالىغا يەتكۈچىلىكىمىز بار.

ــ رەھمەت، مەن ماڭاي.

گۈزەل چوكان تاتلىق كۈلۈپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

رابىيە شۇ كەتكەنچە ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ قايتىپ كەلمىدى. تېلېفون قىلىپ ئىزدەپ بارسا ئۇنى چىرايلىق گەپ، ئورۇنلۇق باھانىلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويدى. ئۆمەر ئۇ يەردىن خاپا بولۇپ ياناتتى ـ دە، ئۇدۇل سورۇنغا چېپىپ ئۇ يەردىن خۇشال غىڭشىپ ئۆيىگە كېلەتتى.

ئۇچىنچى كۈنى ماھىرەدىن ئۇنىڭغا تېلېفون كەلدى. ئۆمەر دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا باردى. گۈزەل چوكان ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ:

ــ يىگىتلەردەك مۇنداق كۈلۈپ كەلمەمسىز،ــ دېدى. كۆڭلەك ھەقىقەتەن چىرايلىق تىكىلگەنىدى. ئۆمەر ئۇنى كىيىۋاتقاندا بىرنەچچە ئايال كىشى كېلىپ قېلىپ كۆڭلەكنى ماختاپ كېتىشتى. بۇنىڭدىن ئۆمەرنىڭ دىلى سۆيۈندى، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

ــ رەھمەت،ــ دېدى ئۆمەر يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ،ــ قانچە پۇل بولدى؟

گۈزەل چوكان كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يېنىك ئىتتەردى:

— مەن سىزگە دېگەنغۇ. مۇشۇ نۇسخىنى پەقەت سىزگىلا تىكىپ بەرگۈم كەلدى، سىزگە شۇنداق ياراشتى. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم خۇش بولدى. سوۋغا قىلغان نەرسىگە پۇل ئالمايمەن.

ئۆمەر تۇرۇپلا قالدى.

— بۇنداق قىلساق سەت بولىدۇ.

ماھىرە ياش قىزلاردەك ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئۆمەرجان، ئۆزۈم سوۋغا قىلغان نەرسىگە پۇل ئالسام سەت بولار.

ئۆمەر مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈپ، گۈزەل چوكاننىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە قارىدى. ئۆمەر ئايرىم كۆرۈشۈپ رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتتى. گۈزەل چوكان ساقلايدىغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن بىلدۈردى. ئۆمەر خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتتى. ئاپىسى ئۆمەرنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى.

— بالام، رابىيەنى ئەكېلىۋالساڭ بولاتتى.

— مەن نەچچە قېتىم باردىم، ئاپا. ئەمدى ئۆزى كېلەر.

— ئۇنداق قاتتىقلىق قىلما، بالام،— دېدى ئانا تولىمۇ تەستە غەيرەتكە كېلىپ،— مەن سېنى باشتا بىلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن. قارىغاندا، سەن بىخەۋەر ئوخشايسەن، رابىيەنىڭ بويىدا باردەك قىلىدۇ.

— نېمە؟ — ئۆمەر چۆچۈپ كەتتى، — مەن... مەن... مەن راستتىنلا ئۇقمايدىكەنمەن. نېمىشقا ماڭا دېمەيدىغاندۇ؟

— بالام، مۇنداق ۋاقىتتا ئايال كىشىنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قالىدۇ، شۇڭا ئېغىر - بېسىق بول، رابىيەگە كۆيۈنگىن.

ئۆمەر كەينى - كەينىدىن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە: «قارىغاندا، مەن ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قېلىپتىمەنمۇ نېمە؟» دەپ ئويلىدى.

ئەتىسى ئۆمەر رابىيەنى قايتۇرۇپ كەلدى. چۈشتىن كېيىنلىكى ئۇلار ئايرىم قالغان چاغدا ئۆمەر خۇشخۇي كۈلۈپ، بۇرۇنقىدەك رابىيەگە چاقچاق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر رابىيەنىڭ چىرايىنى ئاچتى.

ئۆمەر رابىيەنى قۇچاقلىدى:

— نېمىشقا ماڭا دېمەيسىز؟

رابىيە ئۆمەرنىڭ بۇرۇتىنى سىلىغاچە گەپ قىلمىدى.

— رابىيە، قاراڭ دۈتلۈكۈمنى. بالا يۈزى كۆرىدىغىنىمىزنى ئاپام تۇنۇگۈن دېمىسە ئۇقماي يۈرۈۋېرەركەنمەن. كەچۈرۈڭ، دىلىڭىزنى رەنجىتىپ قويدۇم. مەن...

— ئۇ بالا ئەمدى يوق.

— نېمە؟ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— بالىنى ئالدۇرۇۋەتتىم.

— قاچان؟

— ئۈچ كۈن بولدى.

— نېمىشقا... نېمىشقا ئالدۇرۇۋېتىسىز؟ — ئۆمەر كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا ۋارقىرىدى.

ئەمما، ئۇنىڭ ۋارقىرىشىنى رابىيە پەسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويمىدى:

— بىگۇناھ بالىنى تۇغۇپ بىر پارچە قەرزنىڭ بالاسىغا قويۇپ نېمە قىلىمەن؟ بالىنى جاپاغا قويغاندىن...

— نېمىشقا ماڭا دېمەيسىز؟

— سىزگە دېگەنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ شۇنچە قەرزىڭىز بىلەن بالىنى قاتارغا قوشۇش...

— سەن...

رابىيەنىڭ يۈزىگە «چاڭڭىدە» بىر شاپىلاق تەگدى. بۇنى كۈتمىگەن رابىيە يۈزىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۆمەر ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ مېڭىسى ۋاڭىلدايتتى، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولاتتى. «ياق، مەن ئۇنى خاتا چۈشەنمەپتىمەن. ئۇ بىزنى قەرزدار كۆرۈپ چانىدىغان تەرەپكە ئۆتۈپتۇ.»

شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تېلېفون كەلدى. تېلېفون رېستوراننىڭ باش مۇلازىمەت ئورنىدىن كەلگەنىدى.

— ئۆمەر ئاكا، باجخانىدىكى ئەركىن كېجاڭلار بىر ئۈستەل زاكاز قىلغانىدى. دېگەن ۋاقىتتىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ كەلمەيۋاتىدۇ، تېلېفون قىلساق ئېلىنمايۋاتىدۇ. بىرنەچچە كىشى «ئۈستەل بارمۇ» دەپ تېلېفون قىلىۋاتىدۇ.

ئۆمەر ئويلانمايلا كەسكىن ئېيتتى:
— باشقا بىرىگە بېرىۋېتىڭلار.
— ئەمدى، ئەركىن كېجالڭ يېقىن ئاغىنىڭىز بولغاندىكىن دەيمەن...
— بولدى، باشقىلارغا بېرىۋېتىڭلار!
ئۆمەر يان تېلېفونىنى ئۆزۈۋەتتى، ئاندىن بىرىگە تېلېفون قىلدى. ئاچ قورساققا بىرنەچچە رومكا ئىچكەن ئۆمەر قىينىلىپ كەتتى ۋە سورۇندا ئولتۇرغۇسى كەلمەي ئاستا سىرتقا چىقتى. كەچ كىرىپ قالغانىدى. ئۆمەر مەقسەتسىز هالدا كوچىدا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا بىرەرسىگە دەردىنى تۆكۈپ بەرگۈسى، رابىيەنى تىللاپ بەرگۈسى كېلىپ كەتتى. باراتلارغا دەرد تۆكەي دېسە بۇنىڭغا كۆڭلى تارتمىدى. ئەسەيدۇللاغا يىغلاپ بېرەي دېسە، ئۇنىڭغا ئاپىسىنىڭ كېسىلىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.
شۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا ماهىرە كەلدى. ئارتۇقچە ئويلاپ ئولتۇرمىغان ئۆمەر ئۇنىڭغا چاقىرغۇ قىلدى. نەچچە مىنۇت ئۆتمەي تېلېفون قايتتى.
گۈزەل چوكاننىڭ تاتلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ۋاي، ئۆمەرجان، قانداق ئەهۋالىڭىز؟
— كەيپىياتىم تازا ياخشى ئەمەس، سىز بىلەن پاراڭلىشاي دېگەن. كېلەلەرسىزمۇ؟
— ۋاي، ياخشى... ئۆمەرجان، ئۆيگىلا كېلەمسىز ـ يا؟
— ئەپلىشەرمۇ؟
— بالام يېزىغا تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كەتكەن، مەن يالغۇز.

— ئۆنداقتا مەن باراي.

— ئۆيۈم دوختۇرخانىنىڭ كەينىدە. بىر باسما زاۋۇت بار. شۇنىڭ يېنىدىكى دەرۋازىدىن كىرىپلا بايىقى نومۇرغا تېلېفون قىلسىڭىز مەن ئالدىڭىزغا چىقىمەن.

— ماقۇل.

ئۆمەر ئىككىلىنىپ مېڭىپ كەتتى. دەرۋازىدىن كىرىپ تېلېفون قىلدى. ماھىرە كۆلۈمسىرىگىنىچە خۇش ھىد تارقىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ئۆينىڭ ئەپچىل سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشى ماھىرەنىڭ قولى چېۋەر ئايال ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. كىچىك شىرەگە مېۋە - چېۋە ۋە ئىككى تەخسە سوغۇق سەي تىزىلغانىدى. ئۆمەر خۇش پۇراق چاي خۇرۇجى بىلەن دەملەنگەن چاينى ھوزۇرلىنىپ ئىچىپ تۇرۇۋىدى، ماھىرە بىر لېگەن گۆشنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

بۇنىڭدىن ئۆمەر ھەيران قالدى:

— ھوي، نېمانچە تېز؟

— سىزنىڭ تېلېفونىڭىزنى ئېلىپلا كەچلىك بازاردىكى گۆشچى تونۇشۇمغا خەۋەر قىلىۋەتكەنىدىم. تېخى ئالدىڭىزدىلا يەتكۈزۈپ بەردى. قېنى ئېلىڭ.

ماھىرەنىڭ مېھماندوستلۇقىدىن تەسىرلەنگەن ئۆمەرنىڭ يۈرىكىگە ئىسسىق ئېقىم تارىغاندەك بولدى ۋە گۆشتىن بىر پارچە ئالدى.

ماھىرە بېرىپ سولياۋ خالتىدىكى ھاراقنى ئەكەلدى.

— ئەر كىشى بولغاندىكىن، بۇنى قىلمىسىڭىز پۇخادىن چىقالمايسىز. شۇنداقراق ئويلاپ ئۆينىڭ ئالدىدىكى دۇكاندىن ئەكىردىم.

ئۆمەر مىننەتدار بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماي هاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ پىيالىگە يېرىم قۇيدى.

— نېمانچە جىق قۇيىسىز؟

— كۆڭلۈمنى شۇنچە ئىزدىگىنىڭىزگە رەھمەت.

ئۆمەر بىر كۆتۈرۈپ هاراقنى ئىچىۋەتتى. ماهىرە ئۇنىڭ تەخسىسىگە گۆشتىن يەنە بىر پارچە سېلىپ قويدى.

— ماهىرە، ئاياللار نېمىشقا هازازۇل كېلىدىغاندۇ؟

ماهىرە دەرهال ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇستىلىق بىلەن تۈزەتتى:

— شۇنداق، بەزى ئاياللار هازازۇل كېلىدۇ.

— نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟

— مەن سىزگە دېسەم، ئۆمەرجان، ئەگەر قايسى خوتۇن ئېرىدىن ئۇستۇنلۈك تالىشىدىكەن، ئۇ ئايال هازازۇل بولىدۇ، ئىشتىن چاتاق چىقىدۇ. خوتۇن كىشى دېگەن بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتتىمۇ بولدى، ئۇ خوتۇن پادىشاھ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەرنىڭ ئاغزىغا قارىشى، ئېرىنىڭ سىزغان سىزىقى بويىچە مېڭىشى كېرەك. ئەر تىلەمچى بولسىمۇ ئەر دېگەن ئەر. شۇڭا بىزدە «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ ياخشى، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ ياخشى» دېگەن گەپ بار.

ئۆمەر ماهىرەنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى: «توغرا، رابىيە شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى بولغاچقا مېنىڭدىن ئۇستۇنلۈك تالىشىۋېتىپتۇ. ئۆزىنى ئۇستۇن ئورۇنغا قويۇپتۇ» دەپ ئويلاپ كەتتى.

— ھە دېسە ئەر بىلەن گەپ تالىشىپ ئەرنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ ئۆتىدىغان خوتۇن ياخشى خوتۇن ئەمەس. ئۇنداق خوتۇن خورلۇق كېلىدۇ. ھە دېسە خويلىنىپ ئەرنى ئېگىمەن دەيدۇ. ئەر كىشى دېگەن خەلقئالەم ئالدىدا خوتۇنى بىلەن ئېتىشىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. ئاساسەن «خەپ!» دەپ بولدى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇن خويىدىن يانمايدىغان بولىدۇ. كېيىن ئەر ئۇنىڭ خويىغا كىرمىسە بۇ خوتۇننىڭ نىيىتى بۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭ نېرىسىغا خۇدايىم بار.

«رابىيەمۇ ھە دېسىلا ئۆيگە بېرىۋېلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا مېنى يەرگە قارىتىۋاتامدۇ» دەپ ئويلىغان ئۆمەر:

— ماھىرە، سىز كۆڭلۈمدىكى تۈگۈنىنى يېشىۋەتتىڭىز، — دېدى.

— بۇلار مېنىڭ مۇشۇ يېشىمدا ئويلىغانلىرىم. ھەممە ئادەمگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ؟ بىلمەيمەن.

— «مۇشۇ يېشىمدا» دەپ قانچە ياشقا كىردىڭىز.

— ئوتتۇز بەشتىن سەل ئاشتىم. سىزچۇ؟

— ئوتتۇزغا يېقىنلىشىپ قالدىم.

— سىز قالتىس يىگىت ئىكەنسىز. كىچىك تۇرۇپلا شۇنچە چوڭ ئىگىلىك تىكلىدىڭىز. سىزدەك ئەرلەرنى باشقا ئېلىپ كۆتۈرسە بولىدۇ.

«سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن رابىيە مېنى يەرگە ئۇرىمەن دەۋاتىدۇ» دەپ ئويلىغان ئۆمەر ئىچىدىكىنى دەۋەتتى:

— ھەي، تۇرمۇشتا تەڭسىز ئىشلار جىق ئىكەن.

بۇنداق دېسەم كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن. سىزدەك شۇنداق كاتتا ئايالنىڭ ئاشۇنداق بىر ئەرگە تېگىپ قالغىنىڭىزنى دەيمەن.

— قانداق قىلىسىز، تەڭسىزلىكنى كېچىكىپ بىلدىغان ئىش ئىكەن، — ماھىرە شۇنداق دەپ ئۆمەرنىڭ كۆزىگە ئىنتىلىش بىلەن تىكىلدى. ئۆمەر يەنە بىر پىيالە هاراق ئىچتى.

— ئۆمەرجان، بۇ گەپلەر بىلەن كۆڭلىمىزنى غەش قىلىپ ئولتۇرغۇچە، مەن سىزگە دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرەي.

— سىز بەك ياخشى ئىكەنسىز، ماھىرە، چېلىڭە.

دۇتار ئالغىلى ماڭغان گۈزەل چوكاننىڭ نازۇك بەدىنى ئۆمەرنىڭ كۆزىنى پارقىرىتىۋەتتى. گۈزەل چوكان ئۆمەرگە نازلىق بېقىپ دۇتار چېلىشقا باشلىدى:

كېلەر بولساڭ، بۈگۈن كەل يارىم،
ئەتە كەلسەڭ بۇ چىرايىم يوق.
ئۆمۈر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ،
ياشلىق دېگەن بىزدە دائىم يوق.

ئارىسىدا قىز ـ يىگىتلەرنىڭ،
بۈگۈن كەلگىن، ئەتە جايىم يوق.
تەنهالىقتا كۆنمەيمەن ئەمدى،
كەتتى كۈنلەر، ياندا يارىم يوق.

مەن تاقەتسىز تۇغۇلۇپتىمەن،
كۆپ تاقەتكە ئىقتىدارىم يوق.
بۇ جاھانغا سېنى دەپ كەلدىم،
سەن بولمىساڭ ئېتىبارىم يوق.

گۈزەل چوكان گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ كۆزى، ئاۋازى، دۇتار تارىدىن مۇڭ تارقىتىۋاتقان بارماقلىرى، خۇش ھىدقا پۈركەنگەن نازۇك بەدىنى ھارارەت تارقىتاتتى. ئۆمەرنىڭ ۋۇجۇدىمۇ ئوت بولۇپياندى، يۈرىكىدە پەيدا بولغان قىزىق ئېقىم تومۇرلىرىدىكى قاننى ئۆركەشلىتەتتى. ئۆيدىكى ئوت ھەممىنى يالمىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى.

تاڭلا كۆرسەڭ، تانارسەن بەلكىم،
ئۇندىن ئۆزگە مەندە ۋايىم يوق.
قانداق كىرەي باغلارغا يالغۇز،
جەننەتكىمۇ سەنسىز رايىم يوق.

ناخشا ئاخىرلاشتى. ئىككىسى بىر - بىرىگە تىكىلگەنچە جىممىدە ئولتۇرۇپ قېلىشتى. ئۆمەر ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— ماھىرە، مەن قايتاي، خوش.
— ماقۇل، ئۇنتۇپ قالماي تېلېفون قىلىپ تۇرۇڭ.
— سىزدەك ئېسىل جاناننى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي.
— ئەمىسە گېپىڭىزدە تۇرۇڭ جۇمۇ.

ئۆمەر گۈزەل چوكاننىڭ گۈلخانىدەك كۆيۈۋاتقان كۆز نۇرى ئىچىدە ئۆيدىن چىقتى. ئۆمەر چوڭ يولغا چىقتى. قەدىمى جايىغا مىخلاندى، يۈرىكى قىزىپ كەتتى، ئىچى قىزىپ كەتتى، كاللىسى قىزىپ كەتتى، قولى قىزىپ كەتتى. ئۆمەر ئىختىيارسىز ھالدا ئاشۇ قىزىپ كەتكەن قولى بىلەن يان تېلېفونىنى ئالدى:

— ۋەي، ماھىرە، مەن مەست بولغاندەك قىلىمەن - ھە؟

گۈزەل چوكان نازلىق شىۋىرلىدى:

— قايتىپ كىرىڭە...

ئۆمەر كەينىگە قايتتى. ئۆيگە ئوت كەتتى...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رابىيە بىلەن ئانچە ئېتىشمايدىغان، رابىيە ئۆيىگە بېرىپ نەچچە كۈن تۇرۇۋالسىمۇ خاپا بولۇپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. رابىيە نېمىنى ئويلاۋاتىدىكىن، ئۇمۇ جىمىپ كەتكەنىدى. ئۆمەرنىڭ ئاپىسى بولسا رابىيەنىڭ بالىنى ئالدۇرۇۋەتكەنلىكىدىن خاپا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ بۇرۇنقىدەك جېدەللەشمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن ئارام تېپىپ قالغانىدى.

روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئۆمەر رېستورانىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇراتتى - دە، بېزەپ كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن هاراق ئىچەتتى. كەيپى تۇشاي دېگەندە سورۇندىن غىپپىدە چىقاتتى. گۈزەل چوكاننىڭ ئۆيىدە ياكى مېھمانخانىنىڭ ياتىقىدا شېرىن دەملەردىن خاتىرە قالاتتى...

ئەمەلىيەتتە، رابىيە جىم ياتمىغانىدى. نەچچە كۈندىن بۇيان چوڭ ئۆيدە بىر ئىش توغرۇلۇق قاتتىق تالاش - تارتىش بولۇۋاتاتتى. رابىيە بىلەن سائادەت ئاجرىشىش تەرەپدارى ئىدى. جالال بولسا بۇنىڭغا قارشى ئىدى.

رابىيە: «مەن قورقتۇم. ئۇ ئۆيدە تۇرسام كېيىن بەك جاپا تارتىپ قالغۇدەكمەن. ئولتۇرسا - قوپسا قەرز. كۈنبويى قەرزنىڭ غېمى بىلەن ياشاشنى مەن خالىمايمەن» دەيتتى؛ سائادەت: «دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ، سۆلىتى خەقنىڭ ئاغزىغا بىر كەلگەن بىلەن يانچۇقىدا بىر تەڭگىسى بولمىسا نېمە پايدىسى؟ ئۇلار قەرزدىن باش كۆتۈرەلمەي يۈرسە، دوست - دۈشمەنلىرى ئالدىدا قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدۇ؟ بىر تالالا قىزىمىزنى شۇنچە جاپا ئىچىگە تاشلاپ قويۇشقا مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. قىزىم گەرچە بىر قېتىم توي قىلغان بولسىمۇ، يەنە نى - نى يەرلەردىن لايىق چىقىدۇ» دەيتتى؛ جالال بولسا: «باشتا ئۆمەرنى ماختاپ ھالىڭلار قالمىدى. بەك ئالدىراپ كەتمەڭلار دېسەم ئۇنىماي بۇ توينى قىلدىڭلار. ئەمدى بولغاندا ئۈنچىلىك قەرزى بارلىقىنى ئويلىماپتىمىز، دەپ يەنە ئۆزۈڭلارنىڭ گېپىڭلارنى قىلىۋاتىسىلەر. ئۇ بالا قەرز بولغان بىلەن پۇلنى ئۇچۇرۇۋەتكىنى يوققۇ. ھەممە ئىش ئاستا - ئاستا بولمامدۇ. ئالىمنىڭ ئىشىدىن ۋايىم يەپ يۈرسەك، ئەمدى رابىيە ئاجراشسا... بۇ شەھەردە بىزگىمۇ يۈز كېرەكتۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەكشۈرۈش ئىشى باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مۇشۇنداق جىددىي

ۋاقىتتا بىزنىڭ ئائىلىدىن مۇنداق ئىش چىقىۋەرسە جەمئىيەتكە قانداق تەسىر بېرىدۇ؟» دەپ خاپا بولاتتى. قارىغاندا، ئۇمۇ ئۆز غېمى بىلەن يۈرگەندەك قىلاتتى.
ئالىمنىڭ بولسا بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرغۇدەك ھالى يوق ئىدى.
شۇ سەۋەبلىك رابىيە ئۆمەرنىڭ ئۆيىدە جىم بولۇپ كەتكەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدا زىددىيەتلىك تەرەپلەرمۇ بار ئىدى. يالغۇز قالغاندا ئۆزىنى دەڭسەپ باقاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆمەرنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلىكى ئۇستىدە ئويلىناتتى، ئۆمەرنى باشقىلاردىن شۇنچە قىزغانغانلىقىغا ھەيران قالاتتى. يا ئۆمەرنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قېيىداپ مۇشۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟ «ئۇنداق بولسا ئۇنىڭدىن نېمىشقا كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى؟ ئۇنىڭ بىلەن ئەپ ئۆتەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم؟ ھەتتا مەندە ئۇنىڭدىن ئاجرىشىدىغان خىيال پەيدا بولدى؟» رابىيە قەرزىنىڭ گېپى چىققاندىن كېيىنلا مۇشۇنداق بولۇپ قالغانىدى. بۇنى يادىغا ئالغان رابىيە چۆچۈپ كەتتى. «مۇشۇمۇ ئورۇنلۇق سەۋەبمۇ؟ ئۇ بۇ ئەھۋالنى بۇرۇنلا دېيىشى كېرەك ئىدى، كاتتا پىلانلىرى ھەققىدە چوڭ كۆرسىتىپ پاراڭ قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. غەمسىز، باياشات بىر قىزدىن ئەمدى غەمدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان خوتۇنغا ئايلىنىپ قالسام... ياق، مەن قاراپ تۇرۇپ جاپا ــ مۇشەققەتكە ئۆزۈمنى ئۇرسام بولمايدۇ. مېنىڭ يەنىلا بەختىيار ياشاش

ھوقۇقۇم بار. مېنىڭ ئۇنداق شارائىتىممۇ بار تۇرسا...»
رابىيە مۇشۇنداق خىياللار بىلەن كۆڭۈللىرىنى كۆڭۈلسىزلىك، غەشلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۆمەرنىڭ كۈندە مەست يۈرۈشى، كەچكىچە ئۆيگە كىرمەسلىكى، ھەتتا تاڭ ئاتارغا يېقىن كىرىشلىرى بىلەنمۇ كارى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

تۇرمۇشىدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇپ، كۆڭۈل ئېلىشالمايدىغان كۈنلەرگە قېلىشنى ئۆمەرمۇ، رابىيەمۇ زىنھار كۈتمىگەن، ئويلىمىغانىدى. بىر ۋاقىتلاردا رابىيە ئۆزلىرىنى تاھىر - زۆھرەلەر قاتارىغا تىزىپ «رابىيە - ئۆمەر» دەپ يۈرمىگەنمىدى؟ ھەي، ساداقەتلىك ئىللاردا داستان بولۇۋاتقان ئۇ ئاشىق - مەشۇقلار قانداق ئىنسانلاردۇ؟ ياكى ئۇلارمۇ ۋىسالسىز بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالاشماي، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىپ توي قىلغان بولسا، ھامىنى بىر كۈنى رابىيەلەرگە ئوخشاش جېدەللىشىپ ئولتۇرار بولغىيدىمىكىن؟

بىر كۈنى چۈشتە ئۆمەر شېرىن خىيالى بىلەن، رابىيە بولسا سولغۇن ھالدا تاماق قىلىش بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. قورۇغا ھامۇت ھاجىم ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرگەن ئۆمەر بىر شۇملۇقنى سېزىپ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قالدى ۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئۆمەرجان ئۇكام، — ھامۇت ھاجىم يىغلىغۇدەك بولۇپ ئۆمەرنىڭ قولىغا ئېسىلدى، — ئۇ تۇزكور ئىكەن... ئۇ نائەھلى...

— ھاجىكا، نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى ئۆمەر ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ.

— ئۇكام، ئۆزۈمنىمۇ، سىزنىمۇ بالاغا تىقىپتىمەن. ئۇ بىزنى ئالداپ پۇلنى ئەپقېچىپتۇ...

«ئاھ!» ئۆمەرنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، يۈرىكىگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى. قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ پاراڭ تىڭشاۋاتقان رابىيەنىڭ قولىدىكى قىڭراق يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ھامۇت ھاجىم سالاپىتىگە ماس كەلمىگەن ھالدا شۈكۈر ھاجىمنى تىللاپ ـ قارغاپ كەتتى.

— شۈكۈر ھاجىم راستلا بىزنى ئالداپ كەتكەندىمۇ؟ — دېدى ئۆمەر ئارانلا.

— ئۇنىڭ ھاجىملىقى يالغان ئىكەن، ئۇكام. باشقىلارنىڭ كۆزىنى بوياپ ئۆزىنى «ھاجى» دەۋالغان مۇناپىقنىڭ قولىدىن نېمە بالا كەلمەيدۇ دەيسىز؟

قارىغاندا، ھامۇت ھاجىم بۇ پالاكەتچىلىكنىڭ ئۇچۇرى كەلگەندىن باشلاپ بۇ ئىشقا جىددىي قاراپ ئەھۋال ئۇققۇشقان بولسا كېرەك، شۈكۈر دېگەن ناكەسنىڭ تارىخىنى تۆكۈۋەتتى:

شۈكۈر يېشى قىرىققا تاقاپ قالغان بولسىمۇ، يا قولىغا تۈزۈك كەتمەن ئالالمىغان، يا توي قىلىپ بىر ئۆيگە ئاتا بولالمىغان بولۇمسىز كىشى ئىدى. ئۇ قۇرۇق خىياللارغا گول بولۇپ يېزىسىدا توپىغا مىلىنىپ يۈرگەندە تەقدىر ئۇنىڭغا ئوڭ كۆزىدە قاراپ قويىدى. بۇ يېزىدىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئالىي مەكتەپلەردە تىل ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ يۈرگەن ئەلى ئىسىملىك

بىرەيلەنگە ئادەم لازىم بولۇپ يېزىسىغا كېلىدۇ. ئۇ شۈكۈرنىڭ ھالىنى بىلگەندىن كېيىن «شۇ بەندىنى بىر ئادەم قىلىپ قوياي» دەپ ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىشنىڭ يولىنى ئۆگىتىدۇ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە تونۇشتۇرىدۇ. ئىشلار يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئەلى مۇقىم ئورۇننى ئىجارىگە ئېلىپ تەربىيەلەش مەركىزى ئاچىدۇ. كېيىن ئۈرۈمچىدە بالىلار يەسلىسىنىڭ كەملىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەھەر ئەتراپىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بۇرۇن ياتاق قىلىنغان ئورنىغا بىر بالىلار يەسلىسى ئاچماقچى بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەلى بېيجىڭغا چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتىغا يېڭى ئۇقۇم ئىنگلىز تىلىنىڭ ئىشىنى مەسلىھەتلەشكىلى كېتىدۇ. ئۇ يېرىم ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ قېلىپ، ئىشىنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندە شۈكۈرنىڭ ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى بىلىدۇ. شۈكۈر: «بىر ھېساباتى دەپتىرى يىتىپ كەتتى» دېگەننى باھانە قىلىپ، نۇرغۇن چىقىمنى قارا ھۆججەت شەكلىدە خاتىرىلەپ قويغاندىن باشقا، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزى قانۇنىي ئىگە بولۇپ، «ئەركەم بالىلار يەسلىسى»نى ئاچقان ئىدى. مەكتەپ مۇدىرىمۇ ئازراق نەپنى دەپ ئاق ـ قارىنى ئايرىپ ئولتۇرمىغان ئىدى. بۇنىڭغا ئەلى ئاچچىقلانغاندا، شۈكۈر: «نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كەينىڭدە يۈرۈپتىمەن. ھەرقانداق شاگىرتنىڭ دۇكان ئايرىيدىغان ۋاقتى بولىدۇ. مەن دۇكان ئايرىيدىغان ۋاقىتتا سەل ئالاھىدە يول تۇتتۇم شۇ» دەپ

بېزىرىپ تۇرغان. يامان ئىشنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارغان ئەمەس. يېرىم يىلغا بارماي شۇكۇر بىلەن مەكتەپ مۇدىرى پېتىشالماي يەسلىنى تاقاشقا مەجبۇر بولغان. كېيىن شۇكۇر ساغلاملىق دورىلىرىنى زەنجىرسىمان ساتىدىغان شىركەتكە كىرىپ يىگىرمە نەچچە ئادەمنىڭ پۇلىنى ئالداپ قېچىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ رەزىل پىلانىنى پىلانلاپ، ئەلى بۇرۇن هازىرلاپ بەرگەن مۇناسىۋەت تورىغا تايىنىپ، يەنە ئەلنىڭ نامىنى سېتىپ كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى هەل قىلىپ بېرىپ ئوتتۇرىدىن نەپ ئۇندۇرۇپ يۈرگەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئۇنۋان ئىشىدا خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىهانىنىڭ دەرىجە كىنىشكىسى قاتتىق كۆرسەتكۈچ قىلىپ بېكىتىلگەندە، ئۇ ئۈچ يېزىدىن ئوتتۇز ئوقۇتقۇچىغا شۇ كىنىشكىنى هەل قىلىپ بېرىمەن، دەپ نۇرغۇن پۇل ئالغان. كېيىن شۇكۇرنىڭ «هەل» قىلىپ بەرگىنى ساختا كىنىشكا بولۇپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى قانۇن تارازىسىغا سېلىنىپ، تۆلەم تۆلىگەندىن سىرت ئالتە ئايلىق قاماق جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغان. بىراق، شۇكۇر تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆزگەرمەكتە يوق، كۆڭلىدە ئادەملەرگە ئورۇنسىز ئۆچمەنلىك ساقلاپ، قويمىچىلىق يولىغا ماڭغانىدى. بىرنەچچە قېتىم يىگىرمە تۈمەن كوينى «مۇۋەپپەقىيەتلىك» قويۇۋالغان بۇ قويمىچى ئۇزۇندىن بۇيان هامۇت هاجىنى كۆزلەپ تۇرغان ئىدى. تونۇشۇش، ئىزدەش، تۇنجى سودىلارنىڭ هەممىسى

مەقسەتلىك بولغان بولۇپ، قويمىچى شۇكۇر ئاخىرى مەقسىتىگە يەتكەندى.

هامۇت هاجىم كارىۋاتتا پۇكلىنىپ قالغانچە نىدا قىلدى:

— ئاھ، خۇدا! ئۇ مۇناپىقنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانسەن! كۆرۈۋاتقان بولساڭ، يا بۇ ئالەمدە، يا ئۇ ئالەمدە ئۇ مۇناپىققا جازا بەر!

ئاخىر هامۇت هاجىم بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ياشانغان ئادەمنىڭ يىغىسىغا چىدىماق نېمانچە تەس ـ ھە!

بايا ئۆيدىن چىقىپ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان ئۆمەرنىڭ ئايىسى هامۇت هاجىمغا تەسەللى بەردى:

— هاجىم، بەك ئاچچىق قىلمىسىلا، كېسىلىپ قالىلا. ياشنىپ قالدىلا، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا.

— دەپ باقسىلىچۇ، ئۇ مۇناپىققا نېمىشقا جازا يوق؟

— خۇدايىمنىڭ ئۇنى شۇنچە كۆپ ياخشى كىشىلەر ئارىسىدا مۇناپىق هالدا ياشاشقا بۇيرۇغىنىنىڭ ئۆزىلا جازا. ناۋادا ئۇنىڭ مۇناپىقلىقىنى ئاتا ـ ئانىسى، هالال جۇپتى ۋە بىغۇبار يۈرەك پارىسى بىلسە ئۇ تېخىمۇ ئېغىر جازا.

هامۇت هاجىم كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش تۆككىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۆمەرنىڭ كاللىسى قۇيۇقۇرۇق بولۇپ قالدى. مانا ئەمدى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك ئىش بولدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش بۇزۇلدى. ئارانلا تۇرغان رابىيە هېچكىمنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي ئۇنىڭ

بىلەن ئاجراشتى. ئۇلار «قويۇلۇپ» كەتكەن ئىشنى مەخپىي تۇتۇپ كەلگەندى. ئەمما، هامۇت هاجىمنىڭ ئاچچىق يۇتۇپ تۇگەپ كېتىشى بىلەن بۇ مەخپىيەتلىكمۇ بىر ئايغا بارماي ئاشكارا بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بانكىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ ئەھۋال ئىگىلىگىلى تۇردى. كېيىن نۇرغۇن تالاش - تارتىش، بولۇپمۇ مەسىلە هەل بولمىغاندىن كېيىن، بانكا تەرەپ سوتلىشىش ئارقىلىق مەسىلىنى هەل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاقىۋەتتە، رېستوران قەرز هېسابىغا بانكا تەرەپكە بۇيرۇپ بېرىلدى.

ئۆمەر ئىككى قولىنى قورۇق ساڭگىلاتقانچە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ روھى چىقىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدى. ئاپىسى يەنە ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— روھىڭنى چۈشۈرمە، بالام، رىزقىمىز بولسا يەنە ياشارمىز.

— ئاپا، سېنى باققۇچىلىكىم بار. ئايرىم ئېلىپ قويغان ئازراق پۇل بار.

— بولمىسا، شۇ پۇلۇڭ بىلەن قايتىدىن بىرەر ئىش قىلارسەن.

ئۆمەر بېشىنى لىڭشىتىپ ئاپىسىنى خاتىرجەم قىلدى.

بىراق، «ئۆمەر قايتىدىن ئىش باشلايدىغان» ئۇ پۇل بىلەن كەيپ هۇزۇرى، كۆڭۈل خۇشلۇقى ئىزدەپ يۇرۇۋەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇل دۇتار تارىغا ئايلىنىپ تۈگەشكە باشلىدى. ئۆمەر دەسلەپ يىگىتلىكىگە ئېلىپ گۈزەل چوكانغا: «باشقا ئىش قىلاي دەپ رېستوراننى

ئۆتكۈزۈۋەتتىم» دەپ يۈردى. كېيىن بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايدىغان بولۇپ قالدى. گۈزەل چوكانمۇ كېيىن بىر نەرسىنى سەزگەن بولسىمۇ، ئۆمەرنىڭ يانچۇقىدىكى پۇللار بۇرۇنقىدەكلا تاراقلاۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمىدى.

بىر كۈنى ئۆمەر گۈزەل چوكاننىڭ يېنىغا بارغۇسى كەلمەي باراتقا تېلېفون قىلدى.

— كىمۇ؟ — بارات خۇشىياقمىغاندەك سورىدى بۇرۇنلاردا بىرلا قاراپ ئۇنىڭ نومۇرىنى بىلىۋالىدىغان ئادەم...

— مەن، مەن ئۆمەر، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر...

— ئاغىنىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان...

— زېرىكىپ قالدىم. نەدە سىلەر؟ ھازىر باراي.

— خالىساڭ كەل.

بۇنىڭدىن ئۆمەرنىڭ كۆڭلى باشقىچە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ ماشىنىغا چىقتى.

بىرئاز مېڭىپ ئۇنىڭغا تېلېفون كەلدى. ئۇ بۇرۇن ئۆمەر بىلەن ئېلىم - بېرىم قىلىشىۋاتقان بىر ئاغىنىسى ئىدى.

— ئۆمەر، قانداق ئەھۋالىڭ ئاداش؟

— خېلى ياخشى.

— ياخشى بولسا ھېلىقى بىر تۈمەن كوينى... جىددىي بىر سودا چىقىپ قالغانىدى. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ مېنى، بولمىسا، سېنىڭ ئالدىڭدا ئۇ پۇلنى تىلىغا ئېلىپ يۈرەمدىم. ئالدىڭدا دېيىشكە خىجىل بولۇپ تېلېفون ئۇرۇپ ئولتۇرۇپتىمەن.

— چاتاق يوق، ئاداش، بىر ـ ئىككى كۆڭگچە تېلېفون قىلاي.
— چاققانراق بولارسەن، بولمىسا...

«ئۆنىڭغىمۇ چاتاق يوق دېدىم. قەرز ئالغان قالغان ئاغىنىلەرگە نېمە دەرمەن ئەمدى؟» يەنە ئۆمەرنى غەم باستى.

ئۇ ئاغىنىلىرىنىڭ يېنىغا بارغاندا سورۇن ئەمدىلا باشلانغانىدى. ئۆمەر ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئەمما، ئوتتۇز مىڭ يۈەن قەرز ئالغان ئاغىنىسى ئابدۇللانى كۆرۈپ كۆڭلى پاراكەندە بولدى: «ئابدۇللا بۇلار بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. ئەجەبا بۇگۈن...»

— ئۆمەر ئاداش، تۆرگە ئۆت،— دېدى ئەسەيدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بولدى، ئاداش، مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرۇۋېرەي.

— شۇ يەردە ئولتۇرسۇن،— دېدى بارات كېرىلىپ ئولتۇرغىنىچە،— تۆرگە ئۆتمەن دېسە شۇنچە ئاغىنىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان ئىش، بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك.

بۇ گەپتىن ئولتۇرغانلار بىرقىسما بولۇپ قالدى، بىراق باراتنىڭ بۇلار بىلەن كارى بولماي هاراق قۇيۇپ قولىغا ئالدى:

— ئاغىنىلەر، بايا چاقىرسام نېمە ئىشلىقىنى بىلمەي ئىچىڭلار پۇشتى. ئۆتكەندە سىلەرگە بىر ئۇزۇملۇكنىڭ گېپىنى قىلغانىدىم. تىرىشقىنىمغا تۇشلۇق بىرنېمە بوپتۇ. شۇڭا بۇگۈن شۇنىڭ قەنتىنى بىللە چاقامدىكىن،

دەپ چاقىرىشىم. قېنى خالىغىنىڭچە بۇيرۇتۇڭلار.
— بەك ياخشى بوپتۇ.
— مۇبارەك بولسۇن!
— ئىشلىرىڭ تېخىمۇ ئوڭغا تارتقاي.
سورۇندا رومكا بىر - ئىككى ئايلىنىپ سورۇن جانلانغاندىن كېيىن ئۆمەر رۇخسەت سوراپ ئابدۇللانى سىرتقا چاقىردى.
— ئاداش ئابدۇللا، ئالدىڭدا بەك خىجىلمەن. ھەممە ئەھۋالنى ئۆزۈڭمۇ بىلدىڭ...
— بۇ گەپنى قىلما، ئاداش. ئۆز ۋاقتىدا ئەھۋالىڭ ياخشى ۋاقتىدا بىزگىمۇ قولۇڭدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدىڭ. ئەمدى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە «ھالىڭ نىچۇك؟» دېيىشنىڭ ئورنىغا... ئاغىنە، دوستلۇقىمىزنىڭ ئالدىدا ئۇنچىلىك پۇل نېمىتى؟ كۈن تېخى ئۇزۇنغۇ.
— يۈزۈمنى قىلغىنىڭغا رەھمەت، ئاداش.
— بۇ گەپلەرنى قوي، يۈرە سورۇنغا كىرەيلى.
يەنە بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۆمەر باراتنى سىرتقا چاقىردى.
— ئاداش، قانچىلىك قىيىنچىلىقتا قالغىنىمنى بىلىسەن. پايدىمۇ ئاپسەن، ئەمدى خاپا بولمىساڭ ھېلىقى ئۈچ مىڭ كوينى...
— شۇ گەپمىدى؟ قولۇم ئەمدى پۇل كۆرسە قىستامسەن؟ سورۇننىڭ پەيزىنى ئۇچۇرىدىكەنسەن. بىز بۇگۈنلا ئۆلمىگەندىكىن، ئەته - ئۆگۈن كۆرۈشۈۋالساق بولىدىغۇ. ماڭ، ماڭ.

بارات ئۇنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك سورۇنغا ئەكىرىپ كەتتى.

ئۇلار سورۇنغا كىرىشكىلى ھە دەپ چاقچاق قىلىۋاتقان باتۇر چاقچاقنى ئۆمەرگە بۇرىدى:

— ئۆمەر، ھەممىمىزنى بىر - بىرلەپ سىرتقا چاقىرىپ قەرز سوراۋاتامسەن نېمە؟

چاقچاق نازۇك يەرگە تاقالغان بولغاچقا، بارات بىلەن باتۇردىن باشقىلار كۈلمىدى. باتۇر تەن بەرمەي چاقچاقنى يەنە ئۇلىدى:

— مەن ئۆمەرنىڭ بىر قىزىق ئىشىنى دەپ بېرەي: بۇ ئاداشمۇ ئۇزاقتىن بۇيان خېلى ئىچىدىغان بولۇپ قالغاندى. بىر قېتىم ئۇ خېلى قاتتىق كەيپ بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. يېرىم يولدا سىيگۈسى كېلىپ كېتىپ يول بويىدىكى دەرەخلىككە كىرىپتۇ. سىيىپ بولۇپ ماڭسا بىرەيلەن ئۇنى تۇتۇۋالغۇدەك. ئۆمەر: «بولدى، مەن ئىچمەيمەن، مەن قايتىمەن» دېسىمۇ قويۇپ بەرمىگۈدەك. ئۆمەر: «بەك كەچ بولۇپ كەتتى. مەن قايتاي» دېسىمۇ يەنە قويۇپ بەرمىگۈدەك، ئۆمەر ئاچچىقى كېلىپ قارىسا ھېچكىم يوق. ئەسلىدە ئۆمەر بەلبېغىنى باغلىغاندا مەستلىكتە بىر كۆچەتنىمۇ ئىشتىنىغا قوشۇپ باغلىۋاپتۇ.

بۇ چاقچاققا ھەممەيلەن قاتتىق كۈلۈشتى.

شۇ چاقچاقتىن باشلاپ سورۇن ئاخىرلاشقۇچە ئۆمەر ھەققىدە تۈرلۈك گەپلەر توقۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزى قەرز ئالغان ئاغىنىلىرىدىن قاچسا، باتۇر قاتارلىق

ئاغىنىلىرى ئۇنىڭدىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆمەر ئۇلارغا قاراپ بېقىپ نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە مۇھىم رول ئوينىۋاتقان نەرسىنىڭ ئاساسلىقى پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەسرەتلەندى.

پەقەت ئەسەيدۇللا گەرچە كىچىك ئاشخانىسىغا تايىنىپ ئاپىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىپ جان بېقىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆمەرگە دوستلۇق قولىنى سۇنۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى، ئىلھام بەردى، باشقىدىن ئىش باشلاشقا دەۋەت قىلدى. زېرىكىپ قالسا كەچلىك بازاردا پۇرچاق سۈيۈقئېشى ۋە كاۋاپ بىلەن مېھمان قىلدى، ھاراق قۇيۇپ بەردى. ھاراقنى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئانچە ـ مۇنچە ئىچىش، ھەرگىزمۇ بۇنداق بېرىلىپ كەتمەسلىك ھەققىدە بۇرۇنقىدەكلا نەسىھەت قىلدى... ئۆمەر ئۇنىسىز بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلغان بولسىمۇ، ئۇمىدسىزلىك كەيپىياتىدىن قۇتۇلالماي، گۈزەل چوكاننىڭ ئىللىق قۇچىقىغا بېشىنى تىقىپ يېتىۋالدى...

بىر كۈنى ئۇ ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلىرىنى ئىچى ئاچچىق بولغان ھالدا ئەسلەپ ئولتۇرۇپ ساۋۇتنى يادىغا ئالدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇمچىدە «ئوردام رېستورانى»دا ئۇلار ئۆمەرنىڭ تېرە سودىسى پۇتسىلا ھەمكارلىشىش توغرۇلۇق كۆرۈشمەكچى بولغان ئىدىغۇ؟

جانلىنىپ كەتكەن ئۆمەر تاشلىنىپ قالغىلى ئۇزاق بولغان كىچىك «لاۋبەن سومكىسى»نى ئاختۇرۇپ

ساۋۇتنىڭ ئىسىم كارتوچكىسىنى تاپتى ۋە ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى. ساۋۇت ئۇنى ئۇنتۇپ قالماپتىكەن. ئۇنى دەرھاللا يادىغا ئالدى.

— ساۋۇت ئاكا، سىلى دېگەن ئىشنى مەسلىھەت قىلغىلى بولارمۇ، دەپ تېلېفون قىلىشىم، — دېدى ئۆمەر تۆۋەنچىلىك بىلەن.

— مەسلىھەت قىلىشقىلى بولمايدۇ، — دېدى ساۋۇت كېسىپلا.

— نېمىشقا؟

— ئۆمەرجان، مەن سىلىنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىدىم، بەك بىپەرۋا ئىكەنلا، سىلىنى پالاكەت بېسىپتۇ.

— يەنە ئىش تەۋرىتىشكە كۆزۈم يېتىدۇ.

— ئۇكام، پۇل بولمىسا نېمىمۇ قىلغىلى بولسۇن؟ يا سىلىمۇ مېنى قويۇپ ئۆچلىرىنى ئالاي دەۋاتامدىلا. ھا، ھا، ھا... ئۇكام، بولدى ئاۋارە بولمىسىلا، خوش.

باشتا بىر ئوبدان گەپ قىلغان ئادەم ئاخىر مەسخىرىلىك كۇلۇپ ئۆمەرنىڭ جېنىنى ئالدى. ساۋۇت گېپىنى تۈگىتىپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئۆمەرنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى.

ئۆمەر گېلىگە كەپلىشىپ قالغان يىغىنى تەستە يۇتۇۋېتىپ ئاپىسىنىڭ يېنىغا چىقتى. ئەمما بايىلا: «گېپىم بار، بالام» دەپ ساپساقلا قالغان ئاپىسى خارقىراپ يېتىپ قالغانىدى. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر «ئاپا، ئاپا» دەپ چاقىرىپ بېقىپ جىددىيلىشىپ قالدى،

ئاندىن دوختۇرخانىغا چاپتى. دوختۇرلارمۇ ئامال قىلالمىدى، تەكشۈرۈپ سەۋەبىنىمۇ تاپالمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاپىسىنى دەرد ـ ئەلەم يەپ كەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر ئۆزىنى تاشلاپلىۋەتتى. كۆندە هاراق ئىچىدىغان بولدى، مەست بولۇپ دەرد ـ ئەلىمىنى ئۇنتۇشنى خالايدىغان بولۇپ قالدى.

بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ چۇشكە ئوخشاش غۇۋا سايىسىلا قالغانىدى.

※ ※ ※

ئۆمەرنىڭ هېكايىسى ئاخىرلاشتى. ئۆمەر هېكايىسىدە ئەلۋەتتە گۈزەل چوكان ھەققىدىكى بايانلاردىن ئەگىپ ئۆتتى.

— بىلگەنسىز، گۈلپەرى، مەن هازىر مۇشۇنداق ئادەم بولۇپ قالدىم.

— ئۆمەرجان، بۇنداق ئۈمىدسىزلەنمەڭ، جاهاندا سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەندىنمۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالغان ئادەملەر بار. شۇلارمۇ ئۈمىد بىلەن ياشاۋاتىدۇ، ئۈمىد بىلەن ياشاڭ.

ئۆمەر ئەلەملىك كۈلدى:

— قۇرۇق ئۈمىدنىڭ نېمە كېرىكى؟

— ئۇنداق دېمەڭ، يەنە ئىش تەۋرىتىسىز تېخى.

— كۆڭلۈمنى ياساپ قويغىنىڭىزغا رەھمەت.

ئەمما، باياتىندىن بېرى گۈلپەرى بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بولغانىدى.

— ئەگەر قايتا بىر ئىش تەۋرىتىدىغان پۈرسەت كەلسە قانداق قىلىسىز؟

— ناۋادا شۇنداق پۇرسەت كېلىدىغان بولسا، بۇرنۇمغا بىر قېتىم سۇ كىردى... ھەي بولدىلا، تۇغۇلمىغان موزايغا ئېگەر توقۇپ يۈرمەي...

— لېكىن، مۇنداق ھاراق ئىچىپ يۈرسىڭىز ئۇ پۇرسەتنى قانداق تۇتالايسىز؟

— سىز مېنى بىلمەيسىز، گۈلپەرى، مەن بىرەر ئىشقا كىرىشىپ كەتسەم ھەرقانداق جاپاغا چىدايمەن، راھەت ـ پارغەت قوغلىشىپ كەتمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، سىز ھاراقتىن قول ئۈزۈڭ. مەن سىزنى يەنە ئىزدەپ كېلىمەن. سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار.

گۈلپەرى مېڭىپ كەتتى. ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەن ئۆمەر: «ياخشى كۆڭلىڭىز ماڭا تېگىمىل بولدى، ماڭا يالغاندىن بولسىمۇ شۇنچىلىك تەسەللى بېرىدىغانمۇ ئادەم چىقمىغانىدى. رەھمەت، گۈلپەرى» دېگىنىچە ھاراقنى قولىغا ئالدى.

# ئون يەتتىنچى باب

## گۈل پەسلى

گۈلپەرى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆمەرنى تۇنجى قېتىم كوچىدا مەست كۆرگەنده «ئۇنىڭغا چوقۇم بىر ئىش بولغان» دەپ ئويلىغان تۇيغۇسى توغرا چىققانىدى. ئەگەر باشقا بىرەيلەن ئۆمەرنىڭ كەچۈرمىشىنى ئاڭلىمىغاندا ئىدى، ئۆمەرنى ئۇستەلمۇ ـ ئۇستەل ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر رومكا هاراق تىلەيدىغان، نەچچىسى بىرلىشىپ بىر بوتۇلكا هاراق تەييار قىلىۋالسا شۇنى تالىشىپ كۈننى كەچ قىلىدىغان ۋە شۇ كۈنى مەست بولۇۋېلىشقىنى ئۇچۇن ئۆزىنى بەختلىك سانايدىغان زابويلارنىڭ بىرى دەپ ئويلىشى مۇقەررەر ئىدى.

ئۆمەرنىڭ كەچۈرمىشى گۈلپەرىنى ئېچىندۇردى. «تۇۋا! نىيىتى يامان، ئوسال ئادەملەر ئىشلىرى بىر ئوبدان ئوڭغا تارتىپ كېتىۋاتقان ئادەمنى ۋەيران قىلىپ ئاخىر مۇشۇنچىلىك تۈگىشىپ كەتكەن هالغا چۈشۈرۈپ قويسا، بۇنى ئادەملەردىن كۆرۈش كېرەكمۇ ياكى تەقدىردىن كۆرۈش كېرەكمۇ؟ تۇرمۇش هەقىقەتەن رەهىمسىز ئىكەن، بىرىمىزنى ئۇنداق بولغىنىمىز ئۇچۇن

يىغلاتسا، يەنە بىر ىمىزنى مۇنداق بولغىنىمىز ئۈچۈن يىغلىتىدىكەن. ئەسلىي ئۆمەرجان مۇنداق ۋەيرانە ھالەتتە يۇرمەسلىكى، تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ، ياشلارغا ئۈلگە ۋە مەدەت بولۇشى كېرەك ئىدى. ياق، ئۆمەرجاننىڭ تېخى تۈگەشكىنى يوق. بۇ — ھاياتنىڭ ئۇنىڭغا تاشلىغان بىر سىنىقى. ئۇنىڭدا چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان ئەقىل - پاراسەت، جاسارەت، تەۋەككۇلچىلىك يەنە بار!» گۈلپەرى يەنىلا ئۆمەرگە ئىشەندى. ئەمما... گۈلپەرىنىڭ خىيالى بۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى. «ئۇنداقتا، مەن ئارامگاھ ئىچىشقا ئۆمەرجاننى سايە قىلسام بولارمۇ؟ ئۇ كۈتكەن يېرىمدىن چىقارمۇ؟ ياكى ھازىرقى تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغان بولسا قولىدىكى مەبلەغنى بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتەرمۇ؟ مەن ئۆمەرجانغا ھېسداشلىق قىلىپلا ئالدىراپ يەكۈن چىقارسام بولمايدۇ. چوقۇم ئۇنى ئوبدان دەڭسىشىم كېرەك...»

گۈلپەرىنىڭ خىيالى ئەمدى ئىككى بولدى: بىرى، ئارامگاھ ئىچىشقا رەسمىي بىر قارارغا كېلىش؛ يەنە بىرى، ئۆمەرنى بۇ ئىشقا ياردەمگە چاقىرىش.

شۇنداق قىلىپ، گۈلپەرى ئۆيىگە كېلىپىمۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. ئۇ كەلگىچە خەلچەم ئۇنىڭ ھۇجرىسىنى ئىسسىتىپ قويۇپتىكەن. تولا ئويلاپ بېشى قېتىپ، ئىچى پۇشۇپ كەتكەن گۈلپەرى دېرىزىنى قىيا ئېچىپ قويدى. دېرىزىدىن كىرگەن سوغۇق شامالدا گۈلپەرى ئوبدانلا سەگىدى، ئاستىرتىن غىدىقلاۋاتقان ئۇيقۇسىمۇ نېرى قاچتى. ئەمدى تۇرلۇك ئويلار رەت - رېتى بىلەن

گۈلپەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ ئويلارنىڭ بەزىلىرى شۇنداق ئەقىلگە ئۇيغۇن، بەزىلىرى مۇرەككەپ، بەزىلىرىگە قايناق ھېسسىيات ئارىلاشقان، بەزىلىرىدە ئىككىلىنىش بار، بەزىلىرى كۈلكىلىك، يەنە بەزىلىرى بولسا بەكلا بىمەنە... ئىشقىلىپ، تاڭ سەھەر سائەت ئۈچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، گۈلپەرى خىيالدىن، پىلاندىن بىرى بولالمىدى... سائەت تۆتكە يېقىنلاشقاندا خىيالى ۋە پىلانىنى يىغىپ بىر يەرگە كەلگەن گۈلپەرى دېرىزىنى ئەتتى. ھېچكىم كۈتمىگەن پىلانىنى كۆڭلىگە پۈككەن گۈلپەرى خاتىرجەم ئۇخلاپ قالدى: بىرىنچىدىن، گۈلپەرى ئارامگاھ ئىچىش قارارىغا كەلدى؛ ئىككىنچىدىن، گۈلپەرى ئۆمەر بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلدى!

بۇنى ئاڭلىغان خەلچەمنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى:

— قىزىم، نېمە دەۋاتىسىز؟ ئېشىپ ـ تېشىپ شۇنىڭغا قالدىڭىزمۇ؟ ئۇ دېگەن بىر قېتىم توي قىلغان، ھازىرقى ئەھۋالى شۇ تۇرسا.

خەلچەمنىڭ گۈلپەرىگە تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ۋارقىرىشى ئىدى.

— ئاپا، نېمىشقا سىز ئۆمەرجاننىڭ بۇرۇنقى ئىشىغا ئېسىلىۋالىسىز. بىزچۇ؟ بىز بۇرۇن قانداق ئىدۇق؟

— سىز...

— ئاپا، بىز ئوبدان بىلىمىز، قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشىماق ناھايىتى تەس. قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىمەك تېخىمۇ تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆمەرجان ئۆزى خالاپ

قەستەنگە بۇنداق بولۇۋالغىنى يوق. ئەگەر باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكى بولمايدىغان بولسا، ئۇ ھازىر كىم بولۇپ كېتەر؟

— مەن تۇرمۇش ئىشىڭىزنى بۇرۇنلا ئويلاشقانىدىم. «خىزمىتى مۇقىملىشىپ كۆڭلى خاتىرجەم بولسۇن» دەپ ساقلاپتىمەن. مەن بۇ ئىشتا ئازراق كېچىكىپ قېلىپتىمەن، بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ قويىتىڭىز.

— ئاپا، مەن كۆپ ئويلىنىپ مۇشۇ ئويغا كەلدىم...

— «ئارامگاھ ئاچىمەن» دېسىڭىز مەيلى، لېكىن ئۇ بالا بىلەن توي قىلىشىڭىزغا قوشۇلمايمەن.

— ئارامگاھ ئاچقان بىلەن ئۇنى يۇرۇشتۇرۇشقا مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيدۇ. يەنە ئۆمەرجانغا ئوخشاش شۇ ئىشنىڭ ئەھلىلىرى بولمىسا بولمايدۇ.

— يەنە شۇ گەپمۇ؟ ئۇنداق بولسا، بولدى، ئارامگاھنىمۇ ئاچماي قويۇڭ. توۋا! شۇنداق بولۇپ قالسا خەق بىزنى نېمە دەر؟

— ئاپا، بىر نەرسە دەيدىغان خەق بىر ئىش قىلسىڭىزمۇ دەيدۇ، ھېچ ئىش قىلمىسىڭىزمۇ دەيدۇ.

خەلچەم بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى:

— شۇنچە جاپالارنى تارتىپ، ئەمدى چىرايىمىزغا كۈلكە يۈگۈرگەندە نېمە كەلگۈلۈك بۇ ئەمدى؟

گۈلپەرى ئاپىسىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. يا ئۆزىنى ئەيىبلەشنى، يا ئاپىسىغا تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. «يا مەن خاتا قىلدىممۇ؟» گۈلپەرى ھارغىنلىق ئىچىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. يىغلىغانچە ئۆزىنى

بىسىۋالالماي قالغان خەلچەم گۈلنۇرنى دوست تارتتى:
— گۈلنۇر، سىز دەپ بېقىڭە، ئاچىڭىز ئاشۇنداق بىر ئادەم بىلەن توي قىلسا بولامدۇ؟

گۈلنۇر تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ جاۋاب بېرىدىغىنى ئۇنداق يول بىلەن ئىشلىسە جاۋابى توغرا چىقمىسا مۇنداق يول بىلەن توغرا جاۋابىنى تاپىدىغان ماتېماتىكىلىق مەسىلە ئەمەس ـ تە!

ئاپىسى بىلەن ئاچىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالغان گۈلنۇر:
— سىلەر مېنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن جىق جاپا چېكىۋاتىسىلەر. جاپا تارتساڭلارمۇ ھازىرغىچە بىلىندۇرمەي كېلىۋاتىسىلەر. ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ قالدۇق. شۇڭا مەن ھەممىمىزنىڭ ئىشى ياخشى بولسۇنلا دېيەلەيمەن، — دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— ئاپا، بولدى يىغلىماڭ. بايىقى گەپلەرنى مەن قىلمىغان بولاي. مەن خاتا ئويلاپ قالغان ئوخشايمەن.

گۈلپەرىنىڭمۇ كۆزىگە ياش كەلدى. ئۇ ئاخشام قانچىلىك گۈزەل ئارزۇلار ۋە ئەندىشە بىلەن بۇ خىيالغا كەلگەن ـ ھە! گۈزەل ئارزۇسىنىڭمۇ ئاپىسىغا دېگىلى بولار. ئەمما، ئۆزىنىڭ ئالىم قالدۇرغان داغلىق تارىخىدىن بولغان ئەندىشىسىنى ئاپىسىغا قانداقمۇ دېيەلەيدۇ؟!

گۈلپەرى ھۇجرىسىغا كىرىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ھەممە ئىشتىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلگەندى. يىغلاپ بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەن گۈلپەرى سىرتقا چىقتى. لاسىدە بولۇپ قالغان گۈلپەرى

ئويلىدى: «بۇ دۇنيادا بىر ئىش قىلماق ھەقىقەتەن تەس ئىكەن.» ئۇ دوستى ئامىنەنى ئويلىدى، ئۇنىڭ مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئورۇنلۇق، قايىل قىلارلىق گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يول بويىدىكى تېلېفونخانىغا كىرىپ ئامىنەگە تېلېفون قىلدى.

— گۈلپەرى، ئاخىر بىر قارارغا كەلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇنداق بولسا، مەن تاغامغا تېلېفون قىلاي.

— ئامىنە، يەنە بىر ئىش بار ئىدى.

گۈلپەرى ئۆمەر ھەققىدىكى ئويىنى ئېيتتى.

— مېنىڭچىمۇ ئۆمەرجان بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى قانداق بولار؟ يەنە كېلىپ، سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى... مېنىڭچە، بۇ سەل ئېشىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر قېتىم توي قىلىپ بولغان ئادەم. بۇنىڭغۇ مەيلى دەيلى، ئۇ ۋەيران بولغان ئادەم ئىكەن. سىزمۇ پاتقاققا پېتىپ قالماڭ دەيمەنا.

— بەلكىم گېپىڭىز ئورۇنلۇقتۇ؟ سىز ئويلاپ بېقىڭ، ئامىنە، بىر ئادەم ۋەيران بولسا، ئازسا، ئۇنى قۇتقۇزماقتا يوق، قولىنى تارتماقتا يوق، «جازايىڭنى تارت» دەپ قاراپ ئولتۇرساق بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ قايتا ئادەم بولۇشى تەس بولسا، قايتا قەد كۆتۈرۈش ئىقتىدارى بولمىسا قاراپ تۇرساق مەيلىدى، ئەمما ئۆمەرجان ئۇنداق بولمىسا...

— گۈلپەرى، سىز بۇنى ئىدىيەڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ راستلا شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز، بۇنىڭغا باشقا پىكرىم يوق. ئاپىڭىز بىلەن بىرلىككە كېلىپ بولغاندىن كېيىن ماڭا خەۋەر قىلىڭ. ئەگەر ئاپىڭىز پەقەت قوشۇلمىسا باشقا بىرەر ئىشنى ئويلىشىپ باقارمىز.

گەپتىن ئېنىق بولدىكى، ئامىنەمۇ گۈلپەرىنىڭ ئۆمەر بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلمايدىكەن. ئەمدى ھەممە ئىش تۈگىگەندەك ئىدى. گۈلپەرى ئۈمىدسىزلەندى. «بەزى ئالاھىدە ئىشلاردا ئادەملەرنىڭ ئويى نېمىشقا ئوخشاشتۇ؟ بىر ئادەم گۈللىنىپ تازا روناق تاپقاندا ئېزىپ، خوتۇن - بالىلىرىدىن چېنىپ كېتىدۇ. ئاخىر ھەممىلا نېمىسىدىن ئايرىلىپ خار بولۇپ، كىرەرگە تۆشۈك تاپالمايدۇ. تولا خورلانغان، ئەقىدىسى دەپسەندە قىلىنغان خوتۇنى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ، يىرگىنىدۇ، بالىلىرى بولسا ئېچىنىدۇ، باشقىلارمۇ خوپ بولدى دېيىشىدۇ. ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنىدىغان، ئۇنى قايتا قەد كۆتۈرۈش يۇرسىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم بىر قېتىملىق خاتالىقى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا چېكىدۇ، لەنەتكە قالىدۇ. كىنودىمۇ شۇ، كىتابتىمۇ شۇ. ئەمدى رېئاللىقتىمۇ شۇ بولۇۋاتىدۇ. نېمىشقا بىز ئۇلارغا ياردەم قىلىپ بىر قېتىم يۇرسەت بەرمەيمىز؟ توغرا، ئۆمەرجانمۇ ۋەيران بولدى. لېكىن ئۇنىڭ ئېزىپ، باشقىلارغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ، باشقىلارنى خورلاپ بۇ ھالغا قالغىنى يوققۇ؟ ئەمدى بۇنىمۇ بىر تاياقتا ھەيدەيمىزمۇ؟...»

گۆلپەری شۇنداق ئويلار بىلەن ئۆيگە كىرىپ هارغىنلىق يەتكەنچە ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ئۇ بىشى ناھايىتى ئىغىر ھالدا قوپتى. گۆلپەری مىھمانخانا ئۆيگە چىقىپ كۆردىكى، ئاپىسى ناشتا تەييارلاپ قويغان بىلەن كىچىك شىرە يىنىدا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپتۇ. دىمەك، ئاپىسىمۇ خىيال قىيناقلىرىنىڭ دەردىنى تارتىپتۇ.

گۆلپەری ئاستا شىرە قىشىغا بىرىپ ئولتۇردى ۋە چايدىن بىر ئوتلىدى.

— قىزىم، — دىدى خەلچەم تىترەك ئاۋازدا، — ئارتۇقچە گەپنى قىلىشمايلى. ئارامگاھ ئاچىسىڭىز ئىچىڭ، ئۆمەر دىگەن بالىنى ياردەمگە چاقىرىسىڭىزمۇ مەيلى، لىكىن باشقا گەپنى قىلماڭ.

گۆلپەری بىشىنى لىڭشىتتى ۋە: «باشتا نىمىلا بولسا ئارامگاھنىڭ ئىشىنى باشلىۋالاي، قالغان ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرمەيمەنمۇ» دەپ ئويلىدى.

※ ※ ※

گۆلپەری: «ئىتىك بولۇپ قالمىسىدى» دەپ قورقۇۋىدى، تەلىيىگە ئۆمەرنىڭ يان تىلىفونى ئوچۇق بولۇپ چىقتى. «دىمىدىمىمۇ، — دەپ ئويلىدى گۆلپەری خۇشلۇق ئىچىدە، — ئۆمەرجان زابوي ئەمەس، ئەنە ئۇ يەنە ئىناۋىتىنى ساقلاشنى بىلىدۇ. ھەرقانچە ئىچەرمەن بولۇپ كەتسىمۇ يان تىلىفوننى ساقلاپ كەپتۇ.»

— ئۆمەرجان، سىز بىلەن كۆرۈشەي دېۋىدىم، چۈشتىن كېيىن ۋاقتىڭىز بارمۇ؟

— سىزگە قاچانلا دېسىڭىز ۋاقتىم بار.

— ئۇنداق بولسا، چۈشتىن كېيىن ئۆيىڭىزگە باراي.

— ماقۇل.

چۈشتىن كېيىن گۈلپەرى روھلۇق هالدا ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ كۆردىكى، هويلا سۈپۈرۈلگەن، نەرسە ـ كېرەكلەر رەتلەنگەنىدى. ئۆيگە كىرىۋىدى، مەشتە ئوت گۇرۇلداپ كۆيۈۋېتىپتۇ، ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر جاي ـ جايىغا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۆيدىن ئىللىقلىق چىقىپ تۇراتتى.

— كەلدىڭىزمۇ؟

گۈلپەرى كەينىگە قاراپ، كۈلۈپ تۇرغان ئۆمەرنى كۆردى. ئۇنىڭ قولىدا كۆمۈر ئېلىنغان چېلەك بار ئىدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ.

گۈلپەرى پاكىز سۈرتۈلۈپلا قالماي، ياپقۇچلىرىمۇ يېپىلغان سافاغا كېلىپ ئولتۇردى. گۈلپەرى كۆرمەكچى بولغان ئۆمەر ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۆمەر رەتلىك كىينگەن، ئاياغلىرى مايلىنىپتۇ، چېچىغا چاچ قاتۇرۇش سۇيۇقلۇقى چېچىپتۇ، يۈزلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ، بۇرۇتى كۆكۈل قويۇپ ياسالغان...

گۈلپەرى رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— نېمە تاماق قىلىپ بېرەي؟ — دېدى ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بولدى، ئولتۇرۇڭ، مەن سىز بىلەن جىددىي پاراڭلاشماقچى.

ئۆمەر ئولتۇردى ۋە چىنىلەرگە چاي جىقلاپ قويدى.

— ئۆتكەن قېتىم كېلىپ ـ كەتكىنىمدە بەلكىم سىز مېنى تەكەللۇپ قىلىپ قويۇپ كەتتى، دەپ ئويلىغانسىز.

ئۆمەر خىجىللىق ئىچىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمەلىيەتتە، مەن سىز بىلەن بىر چوڭ ئىشنى قىلماقچى.

بۇ گەپكە ئۆمەر ھەيران قالدى. شۇنىڭ بىلەن گۈلپەرى ئارامگاھ ئېچىش ئىشىنى، بۇنىڭغا كېتىدىغان مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئاڭلىغانچە ئۆمەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى.

— شەھەردە ئارامگاھ ئېچىش ئاجايىپ تەسەۋۋۇر ئىكەن، — دېدى ئۆمەر قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، — مەن پەقەت ئويلاپ باقماپتىمەن، ئورۇنمۇ بەك جايىدا تاللىنىپتۇ. سىزدە ھەقىقىي سودا سەزگۈرلۈكى بار ئىكەن.

گۈلپەرى بۇ گەپكە ئىنئاھات بېرىپ ئولتۇرمىدى:

— قانداق، مەن بىلەن بۇ ئىشنى قىلامسىز؟

— بۇغۇ مەن ئۈچۈن بەك كاتتا پۇرسەت ئىكەن، لېكىن... ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەندە ھازىر ھېچقانداق مەبلەغ يوق.

— مەن تېخى سىزنى پۇل چىقىرىڭ دېمىدىم. پۇل مەندىن، ئەقىل، كۈچ سىزدىن. بىلدىڭىزمۇ؟ قالغان گەپ ماۋۇ خەتتە.

— نېمە خەت بۇ؟
— بۇ گەپنى قويۇپ ماڭا جاۋاب بېرىڭ.
— مەن قوشۇلدۇم. مۇنداق ئوبدان پۇرسەتنى ئەمدى تاپالماسمەن. شۇنداقلا ئەمدى پۇرسەت كېلەر، دەپ ئويلىمىغانىدىم. ماڭا ئەمدى مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ، بەك قورقۇنچ ئىچىدە قالغانىدىم. رەھمەت، بۇ ئىشقا ئۆزۈمنى ئاتىدىم.
— ئۇنداق بولسا، بۇ ئىشنى باشلىغۇالغۇچە قاتتىق مەخپىي تۇتۇڭ، ئاندىن بۇ خەتنى كۆرۈپ بولۇپ يەنە بىر قېتىم جاۋاب بېرىڭ، لېكىن... — گۇلپەرى بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئاۋازىمۇ پەسلەپ كەتتى،— خەتتىكى ئىشقا قوشۇلغۇڭىز بولمىسىمۇ، ھەمكارلىشىپ سودا قىلىشنى داۋام قىلىۋېرىمىز.
گۇلپەرىنىڭ ئاخىرقى گېپى ئۆمەرگە بەك غەلىتە تۇيۇلدى.
— ئەمىسە ماڭا تېلېفون قىلىڭ،— گۇلپەرى ئۇنىڭغا بىر پارچە خەتنى بېرىپ كېتىپ قالدى.
ئۆمەر گۇلپەرىنىڭ تەكلىپىدىن بەك خۇش بولدى: «مەن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتاي. ئۇھ! ئۇ دەرد ـ ئەلەملەردىن ئاخىر قۇتۇلىدىغان بولدۇم. مېنىڭ يەنىلا ئادەم ئىكەنلىكىمنى باشقىلار كۆرسۇن. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، دېگەن شۇ ـ دە. يەنە بىر تىرىشاي...»
ئۆمەر شۇ خۇشلۇق ئىچىدە خەتنى ئاچتى. گۇلپەرىنىڭ خېتى مۇنداق باشلانغانىدى: «ئۆمەرجان، بىر گەپنى ئۇدۇللا سوراي: ھېلىمۇ مېنى ياخشى

كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن.» بۇ قۇرلارنى ئوقۇغان ئۆمەر: «ئەينى ۋاقىتتا تەكلىپىمنى رەت قىلغان ئادەمگە ئەمدى بۇ ھالىم بىلەن ياخشى كۆرىمەن دېگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟» دەپ خەتنى ئوقۇشنى داۋام قىلدى.

گۈلپەرى خېتىدە توي قىلىش ئويى بارلىقىنى، بىللە ئىگىلىك تىكلەپ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلىش پىلانىدا ئىكەنلىكىنى يازغانىدى. بۇ مەزمۇننى ئوقۇغان ئۆمەر: «مەندەك بىر ئادەم بىلەن توي قىلىدىغانغا بۇ گۈلپەرى نېمە بولغاندۇ؟ چاقچاقتەكلا... ئارامگاھ ئېچىشتىمغۇ ئىقتىدارىمنى ئويلاشقاندۇ...» دەپ بەك ھەيران قالدى. ئۆمەر خەتنى داۋاملىق ئوقۇدى. گۈلپەرى كېيىنكى قۇرلاردا ئۆزىنىڭ ئالىم بىلەن بولغان ئىشىنى، شۇنداقلا ئالىم بىلەن ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتا ئىشىنى ئېنىق يېزىپ، بۇنى ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزەلەمدۇ، يوق؟ ئۇبدان ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۆتۈنگەنىدى.

خەتنىڭ ئاخىرى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا يوغان بىر سوراق بەلگىسىنى تاشلىدى. ئۆمەر خەتنى تۈتقانچە ئولتۇرۇپ كەتتى. «نېمىشقا مەن بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ قالدىكىن دېسەم، ئارقىسىدا گەپ بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ توغرا، ئۇنى ياخشى كۆرگىنىم راست، ھېلىمۇ ئۇنى ئۇنتۇغىنىم يوق. لېكىن، ئۇ... بولدىلا، سودىسىنى قىلاي، ئۆزى بىلەن بولغان ئىشنى... ئۇنىڭغا بۇنى قانداق دەرمەن؟ ئېغىز ئاچماي تۇرۇۋالساملا ئۆزى بىلىپ قالار...» شۇ خىيالغا كەلگەن ئۆمەر خەتنى مىجىقلاپ

كۆمۈر چىلىكىگە تاشلىنىۋەتتى، ئاندىن ھويلىغا چىقىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇردى. ئۇ ھاراقنى بىرىلگەندىن كېيىن تاماكا چېكىدىغان بولدى، لېكىن خۇمارى يوق ئىدى. چەككۈسى كېلىپ قالسا قاپلىق تاماكا بولامدۇ، موخوركا بولامدۇ، چېكىۋېرەتتى.

ئۆمەر تاماكىسىنى بىر تارتىپ قويۇپ يەنە خىيالغا پاتتى: «توختا، مەن ئاچچىقلانماي ئويدان ئويلىنىپ باقاي. ئۇنى نېمىشقا رەت قىلىمەن؟ پاكلىقىنى ساقلىيالمىغان دەپمۇ؟ ئۇنىڭمۇ خەقكە ئىشىنىپ قالغان ئاقىۋىتىغۇ بۇ؟ مەنچۇ؟ مەنمۇ رابىيەنىڭ ماڭا جېنىنى سېلىپ بەرگۈدەك قىلىپ كەتكەنلىرىگە ئىشەنگەن ئىدىمغۇ. ئاقىۋەتتە نېمە بولدى؟ توغرا، گۈلپەرى توي قىلالماي زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. مەن بولسام توي قىلىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدىم. مەن تېخى بۇزۇقچىلىققا بېرىلىپ، ھازىرغىچە شۇ يولدا يۈرىمەن. بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭدىن يوشۇردۇم. ئۇ بولسا بولغان ئەھۋالنى ماڭا ئېنىق دېدى، ھەرگىزمۇ يوشۇرۇپ، ئەپلەپ - سەپلەپ ماڭا تېگىشىۋالاي دېمىدى. ئۇنىڭدا يامان نىيەت يوقتەك قىلىدۇ. چۈنكى، مېنى ئالداپ ماڭا تەگكەن بىلەن نېمە پايدىسى؟ ھازىر مەن بىر يالاڭ تۆش تۇرسام. مېنى ئالدايمەن دېسە، ھازىرقى ئەھۋالدا ھەر تەرەپتىن ئۆزىگىلا زىيان بولمامدۇ؟... ئەستا، بۇ ئىشنى قانداق قىلغۇلۇق...»

ئۆمەرنىڭ بېشى قاتتى...

ئىككى كۈنگىچە ئۆمەردىن خەۋەر بولمىغاندىن كېيىن

گۆلپەرى ئۇ گەپنى ئۆمەرگە دېگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «ھەممە گەپنى ئۆمەرگە ئوچۇق دېسەم چوقۇم توغرا چۈشىنىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. مەلۇمكى، ئۆمەر قوشۇلماپتۇ، توغرا چۈشەنمەپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا كىشىلەرنىڭ مۇنداق ئىشلارنى توغرا چۈشەنمىكى تەس ئوخشايدۇ. بۇنداق ئىشنىمۇ توغرا چۈشەنمەيدىكەن، بىر قېتىم توي قىلغان يىگىتكە توي قىلمىغان قىزنىڭ «تېگىمەن» دېيىشىنىمۇ توغرا چۈشەنمەيدىكەن، قوبۇل قىلالمايدىكەن.

تاقەت قىلالمىغان گۆلپەرى پەقەت ھەمكارلىشىش ھەققىدە ئۆمەرنىڭ جاۋابىنى ئېلىش ئۈچۈن تېلېفون بېرىشكە تەييارلاندى. ئۇ ئۆزىنى جۈرئەتكە ئۈندەپ تۇرۇۋىدى، ئاۋازى ساز يېڭى يان تېلېفونى سايراپ كەتتى. تېلېفوننى ئۆمەر ئۇرغانىدى.

گۆلپەرى يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھالدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈندەپ، يان تېلېفونىنىڭ يېشىل كۇنۇپكىسىنى باستى:

— ۋەي، ئۆمەرجان، قانداق ئەھۋال...

گۆلپەرىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىققۇچە ئۆمەرنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— گۆلپەرى، مەن ھەممە تەلەپكە قوشۇلدۇم!

— رەھمەت، ئۆمەرجان، — گۆلپەرى يىغلىۋەتتى، — بۇ... بۇنىمۇ ۋاقتىنچە... ئۇقتۇرماي تۇرايلى...

گۆلپەرى يىغىدىن ئۆزىنى باسالماي سۆزىنى داۋام قىلالماي قالدى.

— پۇشايمان قىلىپ يىغلاۋاتامسىز؟ — چاقچاق قىلدى ئۆمەر.
— خۇشال بولۇپ...
— ئەمدى بولسىمۇ خۇشال بولايلى، گۈلپەرى.
تېلېفوننى ياپقان ئۆمەر ئۆزىنى يېنىك سەزدى: «بۇرۇنقى ھەممە ئىشنى ئۇنتۇپ قايتىدىن باش كۆتۈرىدىغانغا تىرىشاي. گۈلپەرىگە رەھمەت، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ مەندەك ئادەم بىلەن توي قىلسا ئۇنى چۈشەنمەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ تۇرلۇك بېسىمىغا ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق. ئۇمۇ شۇ بېسىملارنى يېڭىشى كېرەك. بولدى، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئاتىدىم. ھاياتىمىزغا مۇشۇ يول پۈتۈلگەن بولسا مۇشۇ يولدا تىرىشچانلىق كۆرسىتەي... »
ئۆمەر يەنە يان تېلېفوننى ئېلىپ دەپتەردىكى تىزىملىكتىن گۈزەل چوكاننىڭ ئىسمىنى، تېلېفون نومۇرىنى ئۆچۈردى.

※ ※ ※

ئۇلار كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىچىدە بىلىشىپ، كۆزلىرى بىلەن ئىپادە قىلىشىپ، ئارامگاھ ئىچىشقا جىددىي تۇتۇش قىلدى. ئامىنەنىڭ تاغىسى كەنت رەھبەرلىرى بىلەن بۇرۇن بىر قېتىم سۆزلىشىپ قويغان بولغاچقا، شۇ كىشىنىڭ پىلانى بىلەن كېتىۋاتقان بۇ ئىشنىڭ سۈرئىتى تېز بولدى. كەنت رەھبەرلىرىمۇ بۇرۇنقى

توختام مەزمۇنى ئاساسىدا يېڭىدىن بىر توختام تەييارلىدى.

ئەمدى ئىككى تەرەپ «پىكىر يوق» دەپ ئىمزا قويۇشسىلا ئىش پۈتەتتى، شۇڭا ئىككى تەرەپ يەنىمۇ ئويلىشىپ بېقىش ئۈچۈن توختامنى بىر نۇسخىدىن ئېلىپ كېتىشتى.

گۈلپەرىلەر بۇ ئىشنى ھەرقانچە مەخپىي تۇتقان بىلەن توختامنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى پۈتۈپلا ئەتىسى بۇ ئىش ئاشكارىلاندى. «ۋەيران بولغان ئۆمەر خوجايىن بىلەن گۈلپەرى دېگەن بىر قىز شەھەر ئىچىدە ئارامگاھ ئاچقۇدەك» دېگەن خەۋەر شەھەرگە تارقالدى.

بۇ خەۋەر «جىق تۆلەمگە ئېرىشكەن قىزنىڭ ۋەيران بولغان خوجايىن بىلەن بىرلەشكەنلىكى» ۋە « يازدا ئىسسىقتىن قايناپ كېتىدىغان شەھەردە ئارامگاھ ئاچسا قانداق بولىدىغانلىقى» دىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىدىن كىشىلەرنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان بولسا، رابىيەنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. بىر خىل چىدىماسلىق تۇيغۇسى سەۋەبلىك قاتتىق ئاچچىقلانغان رابىيە ئۆيىگە چاپتى.

ئۆيىدە جالال بىلەن سائادەت پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— بۇ قېتىمقى تەڭشەش بەك چوڭ ئوخشايدۇ. كاتتىباشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزى چىڭ، بۇ ئىشنىڭ بىر يېرى سىرلىق.

— قاسىم ۋالىي بىرنېمە دېمىدىمۇ؟

— «خاتىرجەم بولۇڭ» دەۋاتىدۇ.

— قاسىم ۋالىي ئۇنداق دېگەندىكىن...

— ئۇ دېگەن مۇئاۋىن ۋالىي، شۇڭا تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن.

شۇ ۋاقىتتا ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ رابىيە ھۆكۈرەك ئېتىپ يىغلاپ كىرىپ كەلدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ جالال بىزارلىق بىلەن چىرايىنى تۈردى. سائادەت بولسا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىنىڭ ھالىغا يېتىشكە تىرىشتى.

— نېمە بولدى، قىزىم؟ يەنە كىم دىلىڭىزنى رەنجىتتى؟

— ئاپا، ئۆمەر شەھەردە ئارامگاھ ئاچقۇدەك.

سائادەت بۇ گەپكە نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئاچسا ئاچمامدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ؟— دېدى جالال قوپال ئاۋازدا.

— ئۇلار بىرلىشىۋاپتۇ.

— كىم بىلەن؟

— گۈلپەرى بىلەن.

— گۈلپەرى؟

— بىر چاغدا ئاكام «ئالىمەن» دېگەن گۈلپەرىچۇ. ئىككىسى ئارامگاھ ئاچقۇدەك، ئاندىن توي قىلغۇدەك.

— قارا، بۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى،— دېدى سائادەت تەرىنى تۇرۇپ.

جالالنىڭ زەردىسى قاينىدى:

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، ئادەمنى بىسەرەمجان قىلىپ...

— سىز ئۇقمايسىز، بۇرۇن ئالىم «ئالىمەن» دەپ يۈرگەن بىر قىز بار ئىدى. ئەمدى ھېلىقى ئۆمەر دېگەن بىرنېمە بىلەن ئىككىسى بىرلىشىپ...
— بىرلەشسە سىلەرگە نېمە دەز كەتتى؟
— كاللىڭىزنى ئۆيگىمۇ ئىشلىتىپ قويۇڭ. ئۇ ئىككى دۈيۈز بىرلىشىپ بىزگە ئۆزىنى كۆرسىتىمىز دەۋاتقىنى ئۇ. ئالىم ئۇ بىكار تەلەپ قىزنى ئالمىغاندىكىن، رابىيە ئۆمەر دېگەن دىۋانىنى تاشلاپ قايتىپ كەلگەندىكىن، ئۆزلىرىچە ئەمدى بىز بىلەن پۇت ئېتىشقىنى ئۇ! پەس دېگەن ھامىنى پەسلىكىنى قىلىدۇ.
— شۇنداق، ئاتا، ئۇلارنىڭ بىزگە كۆرسىتىپ قويىمىز دەۋاتقىنى ئۇ. ئەگەر ئۇلار توي قىلسا ئائىلىمىزگە سەت بولىدۇ.
— راست، بۇ ئۇلارنىڭ قەستەنگە قىلىۋاتقىنى ئىكەن، — دېدى سائادەت قاينىپ، — ئەگەر ھە دەپ بەرسەك ئەتە - ئۆگۈن بىز بىلەن ئوچۇق قارشىلىشىدۇ، قېرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئائىلىمىزنىڭ يۈزىنى تۆكمەكچى...
— ئاپا، ئۇ گۇلپەرىنىڭ بۇرۇنلا ئۆمەرگە تەگكۈسى بار ئىدى. ئەمدى شۇنداق بولۇپ قالسا، دوستلىرىمىزنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟
— راست ئېيتىسىز، قىزىم، ئۇلار ئارامگاھ ئىچىپ ھەممە خەقنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئاندىن توي قىلىپ، بىزنى چىشلەپ ئوتتۇرىغا چىقماقچى. ئۇ چاغدا ئائىلىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەممە ئادەم

بىلىپ كېتىدۇ... ئەگەر ئۇلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالمىسا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ.

— ئاپا، مېنىڭ ئۆيلەنگىنىمۇ شۇ...

— بولدى قىلىڭلار،— دەپ ئۇلارنى باستى جالال،— سىلەر نېمە دېمەكچى، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ يا قانۇنغا خىلاپ ئىش بولمىسا...

※ ※ ※

ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە ئىككى ساقچى كىرىپ كەلدى. ساقچىنى كۆرۈپ گۈلپەرى ھەيران بولدى. ئۆمەر بولسا: «نېمە ئىش قىلىپ قويغاندىمەن؟ يا مەست بولۇپ قالغانلاردا بىرەر ئىشقا چېتىلىپ قالغاندىمەنمۇ؟» دەپ بەك قورقۇپ كەتتى.

— ئۆمەر ھوشۇر سىز بولامسىز؟ «مىڭئۆي رېستورانى»نىڭ بۇرۇنقى خوجايىنى.

ئۆمەر ئارانلا بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ بوش ھالىدىن ساقچى گۇمانلىنىپ قالدىمۇ:

— كىملىكىڭىزنى كۆرۈپ باقساق،— دېدى. «راست چاتاق چىقىپتۇ» دەپ ئويلىغان ئۆمەر ئاستا كىملىكىنى چىقاردى. ساقچى شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ كىملىكنى قايتۇرۇپ بەردى.

— مۇنداق ئىش،— دېدى ساقچى،— بىز بىر جىنايەت گۇماندارىنى نۇرغۇن نەق پۇل ۋە ئالداپ ئېلىپ ماڭغان

بىر ماشىنا پاختا بىلەن قولغا چۈشۈرگەنىدۇق. ئۇنىڭ ئىسمى شۈكۈر ئىكەن. ئۇ سىزنىڭ پۇلىڭىزنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى.

ــ ھە؟ ئۇ خۇمسى تۇتۇلدىمۇ؟ ئاخىرى جاجىسىنى يەيدىغان بوپتۇ.

تويۇقسىز ئېيتىلغان بۇ خەۋەردىن ئۆمەر ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. گۈلپەرىمۇ بۇ تويۇقسىز ئىشقا قارىتا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

ــ بىز بىلەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە بارغان بولسىڭىز.

ئۇلار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن خۇشال ھالدا چىقتى. ئۇ ھېلىقى شۈكۈر دېگەن مۇناپىق شۇ ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم بىر پاختا زاۋۇتىنىڭ خوجايىنىنىڭ بىر ماشىنا پاختىسىنى ئالداپ ئېلىپ، نورغۇن نەق پۇل بىلەن مېڭىپتىكەن، يېرىم يولدا تۇتۇلۇپتۇ. ئۇ شۇنچە كۆپ پۇلدىن ئۆمەر قاتارلىق بىرنەچچە كىشىدىنلا ئالداپ ئېلىۋالغان پۇلنى ئېيتىپ بېرەلىدى. قالغان پۇلنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمىدى.

ئۆمەرنىڭ پۇلىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق بولدى. بۇ ئۇلارغا، بولۇپمۇ ئۆمەرگە زور خۇشاللىق بېغىشلىدى.

ــ ئەمدى قورقماي ئىش تەۋرىتەيلى، گۈلپەرى، ــ دېدى ئۆمەر ھاياجىنىنى باسالماي، ــ ئەمدى ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدىغان ئوخشايدۇ. قارىغاندا، ماڭا سىزنىڭ ئايىغىڭىز يارىشىپتۇ.

— يەنە نېمە ئىش قىلاي دەيسىز؟
— مەن دېمەكچى، ئارامگاھقا قورقماي مەبلەغ سالايلى، پىلاننى كېڭەيتەيلى.
ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، شۈجى گۈلپەرىگە تېلېفون قىلدى:
— نەدە، سىڭلىم؟ ھە، چاققان كەنت ئىشخانىسىغا كېلىڭ، توختامغا ئىمزا قويۇۋېتەيلى.
ئارامگاھتا جىددىي ئىش باشلاندى. ۋاقىت قىستاپ قالغاچقا، ھەممە ئىشنى بىرلا شىركەتكە بېرىدىغان بولۇنقى پىلاننى ئۆزگەرتىپ، ئىشنى يەر ئالاھىدىلىكى بويىچە بۆلۈپ، ئوخشاش ئىسخېما بويىچە ئىشلەشكە بىر نەچچە شىركەتكە ھۆددىگە بەردى.
زەھەر تاشلىغۇچىلارنىڭ ئاتىشى بويىچە ئالىم چوڭ ۋەدىلەر بىلەن «ئاقساراي»دىن قايتىپ كەلگىلى نەچچە كۈن بولغان بولسىمۇ، ئۆيدە تۈزۈك تۇرمايۋاتاتتى.
ئۆزىنىڭ تەڭشەلگەن ئورنىدىن رازى بولماي، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكتىن خاپا بولۇپ ئولتۇرغان جالال يەنە سىرتقا ماڭغان ئالىمنى تۇتۇۋالدى.
— ئولتۇر، نەگە بارىسەن؟ دوختۇر سېنى سىرتقا چىقمىسۇن دېگەنچە، نېمە سىرتتىن كىرەلمەيسەن؟
— مەن شۇنداق دەپ ئاغىنىلەر بىلەن كۆرۈشمەيۋاتىمەن، سىرتلارنى ئايلىنىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىۋاتىمەن.
— نەچچە كۈندىن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ساڭا قارايدىغانغا چولام تەگمىدى، ئەمدى بوش ۋاقتىم

كۆپىيىپ قالدى، شۇڭا مەن ساڭا كۆپرەك ھەمراھ بولاي.

ئېرىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشىغا ئېرىدىن كۆپرەك قورسىقى كۆيۈپ كەتكەن سائادەت بىر چەتتە مىچىلداپ ئولتۇراتتى.

— بولدى قىلىڭ. ئەمدى كۆپرەك مۇنۇ بالا بىلەن بولايلى.

شۇ چاغدا رابىيە ئاچچىقتىن چىرايى تاتارغان ھالدا كىرىپ كەلدى:

— ئاتا، ھېلىقى پەسلەر ئارامگاھتا يەنە ئىش باشلاپتۇ.

ئالىم بۇ ئىشلارنى ئاخشام ئاڭلىغانىدى، شۇڭا ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى.

— مېنىڭ ياخشى ئامالىم بار.

— قانداق ئامالىڭ بار؟

— شۇنچە يامان بولسا ئۇلار ئارامگاھنى ئېچىۋەرسۇن. مەن ئۇلارنىڭ تويىنى بۇزۇۋەتسەملا بولمامدۇ؟!

— جېدەل تېرىما جۇمۇ.

— ياق، جېدەل تېرىمىسامىمۇ، مېنىڭ شۇنداق ياخشى ئامالىم بار.

شۇ جىددىي پەيتتە: «بېرىپ ئۆمەر دېگەن يۇمشاقباشنى تېپىپ گۇلپەرىنىڭ قانداقلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى، ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتكىنىمىزنى دېسەملا ھەممە ئىش پۈتمەمدۇ؟ بولسا، ئادەم بار يەردە دەيمۇ - يە؟ توغرا، ئاغىنىلىرى بار

يەردە دەي...» دېگەنلەرنى ئويلىغان ئالىم ئۆيدىن ئالدىراپ چىقتى.

— كۆڭلۈم خاتىرجەم بولالمايۋاتىدۇ. مېنىڭ، قىزىم، ئاكىڭىزنى چاقىرتىۋېلىڭچۇ.

رابىيە ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

ئالىم چوڭ قورۇدىن چىقىشىغىلا ئىككى ساقچى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى ۋە بىرەرىنىڭ ئۆيىنى سورايدىغاندەك قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئالىممۇ ئالدىراپ تۇرغان بولغاچقا، ئۇلارغا ئانچە دىققەت قىلماي كەتمىدى.

بىر ساقچى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— مۇشۇ قورۇدىكى بىرەيلەنگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئامانەت بار ئىدى، شۇ ئاداشنى بىلەمسىزكىن؟ ئىسمى ئالىم جالال.

— مەن شۇ...

گەپنىڭ ئاخىرى چىققۇچە ئىككى ساقچى چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ ئالىمنىڭ قولىغا كويزا سالدى. شۇ پەيتتە رابىيە چىقىپ كەلدى ۋە ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرھال ئۆيگە قاراپ چاپتى.

— ئاپا، ئاپا، ئاكامنى ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى!

ئۇلار يۈگۈرۈپ چوڭ قورۇغا چىققاندا ساقچى ماشىنىسى سىگنال بەرگىنىچە يۈرۈپ كەتتى. كىشىلەر بولسا تېخىچە گۇڭگۇرلىشىۋاتاتتى:

— شەھەر باشلىقى جالالنىڭ ئوغلى ئالىم شۇ ـ ھە؟

— ئاشۇ شۇ، ئۇنى خىروئىن سېتىپتۇ دەمدۇ نېمە؟

— ساقچىلار يامان ئىكەن، ئۇ بالىنىڭ قولىغا شۇنداق ئىتتىك كويزا سېلىۋىدى، قاراپ تۇرۇپمۇ بىلەلمەي قاپتىمەن.
— نۇرغۇن خىرىدىن ساتقانىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جالال غالىلداپ تىترەپ كەتتى. سائادەت بولىسا كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ جايىغىلا يىقىلىپ چۈشتى.
— ئىسىت، شۇنچە يۇزلۇك ئادەملەرنىڭ بالىلىرىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى.
— ئۆزلىرى بىلەنلا بولدى قىلماي، يەنە قانچىلىغان ياشلىرىمىزنى كاردىن چىقارغاندۇ بۇ؟
— توۋا دېدىم بەزى ئىشلارغا...
— لەنەت ئۇنىڭغا!
— ئىسىت، مۇشۇلارغا بېرىلگەن ياشلىقىقا!
... ...

خۇددى دەريا ئىدىڭغۇ ئېقىۋاتقان شاۋقۇنلۇق،
قېنى ياشلىق سەندىكى، قېنى ئوتلار يالقۇنلۇق؟
ۋۇجۇدا نېمىشقا باش كۆتۈردى مەلئۇنلۇق؟
تاپقانلىرىڭ پۇل خەجلەپ قىلدى گۆرگە مەھكۇملۇق،
يارالغانمۇ زەھەرگە ئىنسان تېنى، چېكەرمەن؟
...
ئۇلار سېنىڭ ئىبلىسنى سۆيگىنىڭنى كەچۈرمەس،
ئۆز - ئۆزۈڭنى ئەخلەتكە كۆمگىنىڭنى كەچۈرمەس،
دۈشمەن مىنسە، ماقۇل دەپ كۆنگىنىڭنى كەچۈرمەس،

جىنلار بىلەن يالىشىپ يۈرگىنىڭنى كەچۈرمەس،
سۆرەپ ماڭدى ئۆلۈمگە شۇنىڭ كىرى چىكەرمەن.

※ ※ ※

ھاياتنىڭ قىزىقى ۋە مۇرەككەپلىكى — راۋان يول ئازراق داۋاملىشىپ بىر داۋانغا دۇچ كېلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن راۋان يولغا چۈشۈش، ئەمما بىر مەزگىل خاتىرجەم ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر داۋانغا دۇچ كېلىش سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. راۋان يولدا بەختىيار ھالدا ماڭغۇڭ كېلىدۇ، داۋانغا دۇچ كەلگەندە بولسا تىرىشىپ - تىرمىشىپ داۋاندىن ئاشقۇڭ كېلىدۇ.

ئىشلار ئالدىراش ئىدى، پىلانلار بىر - بىرلەپ ئورۇنلىنىۋاتاتتى، شۇنىڭغا ئۇلىشىپ يېڭى - يېڭى پىلانلار پەيدا بولۇۋاتاتتى. ئۆمەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پۇلى ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن ئۇ جانلىنىپ كەتتى. ئارامگاھ ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىغا گۈلپەرى ئويلىنىپ يېتىشەلمەي قالدى. ئەگەر ئۆمەرنىڭ دېگىنىدەك بولىدىغان بولسا ئەتە - ئۆگۈن بۇ يەردە ئۆزگىچە ھالدىكى بىر ئارامگاھ قەد كۆتۈرەتتى.

شۇڭا، گۈلپەرى ئۆمەردىن ئىنتايىن رازى بولدى. بۇ ئىشتا ئۆمەرنى تاللىغىنىغا، ئۆمەرگە ئىشەنگىنىگە مەمنۇن بولدى.

بۇگۈن ئۇلار سەھنە دېكىراتسىيەسىنىڭ رەڭگى ۋە تاللىنىدىغان سۈرەتلەر ھەققىدە پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ئارامگاھقا يارىشىملىق كىيىنگەن چىرايلىق بىر چوكان كىرىپ كەلدى. گۈلپەرى بۇ يەرگە ئاشپەز، كۆتكۆچىلەر باشلىقى، كۆتكۆچى... قاتارلىقلارنى ئالدىغانغا ئىلان چىقىرىۋەتكەن بولغاچقا، ئۇ ئايالنى ئىش ئۈقۇشۇپ باققىلى كەلگەن بىرەيلەن ئوخشايدۇ، دەپ ئۇ قىزغىن مۇئامىلە بىلەن كۈتۈۋالدى. بىراق، ھەربىر ئىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆمەر نېمىشقىدۇر كەينىگە داجىپ، كىچىكلەپ كەتتى.

ئۇ چوكان ماھىرە ئىدى. ئۆمەر گۈلپەرىنىڭ «سەگىتىشى» بىلەن «ئويغانغان»دىن كېيىن ماھىرە بىلەن ئالاقە قىلماسلىققا تىرىشىپ كېلىۋاتاتتى. گەرچە ئارىدا ماھىرە ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم تېلېفون قىلغان بولسىمۇ، ئۆمەر تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىمىغانىدى.

ماھىرە ئاخىرقى قېتىم تېلېفون قىلغاندا:

— ئۆمەرجان، ھەر ئىش بولسا چىرايلىق بولسۇن. ئۆزىڭىزنى ئۇنداق ئەپقاچماڭ. مەنمۇ غەرەز ئۇقمىدىغان ئايال. يېنىمغا بىر كېلىڭ. ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ سىزمۇ ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىدىغان، مەن بىلەنمۇ سىردىشىپ تۇرىدىغان بىر ئامال تاپمايمىزمۇ؟ — دېدى.

— ماھىرە، مەن ھازىر راستىلا ئالدىراش. نۇرغۇن ئىشلار ماڭىلا قاراشلىق، — دېدى ئۆمەر گەپنى تۈگىتىشكە ئالدىراپ.

— كېچە - كۈندۈز ئىشلەمسىز؟ ئۇنداق قىلماي، كەچتە بىر كېلىڭ.

— كېيىنچە باراي.

— بۈگۈن ساقلايمەن، ئەگەر كەلمىسىڭىز مېنىڭدىن ئاغرىنىماڭ.

شۇ ئاخشىمى ئۆمەر كۆپ ئويلىنىپ، «بىرەرسى كۆرۈپ قالسا گۈلپەرىنىڭ يۈزىگە قارىيالماي يۈرمەي» دەپ يەنىلا بارماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى.

مانا ئەمدى ئۇ خوتۇن ئۆلۈمنى ئاشكارا قىلىپ بۇ يەردە يۈرىدۇ.

گۈلپەرى: «ئىشلىگىلى كەلگەنمىدىڭىز؟» دەپ سوراي دەپ تۇرۇشىغا ماھىرە ئالدى بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— سىز گۈلپەرى بولامسىز؟

— ھەئە...

شۇ چاغدا گۈلپەرىگە تېلېفون كېلىپ قالدى. كەلگەن تېلېفون ئۇرۇمچىنىڭ تېلېفونى بولۇپ، ئۇلار ئۇستەل - ئورۇندۇق زاكاز قىلىپ قويغان بولغاچقا، گۈلپەرى تېلېفوننى ئالماقچى بولدى ۋە:

— ئۆمەرجان، سىز سۆزلەشكەچ تۇرۇڭە، — دەپ نېرى ماڭدى.

— ئەمدىغۇ ۋاقتىڭىز چىقار، — دېدى ماھىرە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. بۇ خوتۇننىڭ مۇشۇ يېرى يامان. ھەرقانچە ئاچچىقى كەلسىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

— بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭىز؟

— سىز بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىم.
— نېمىنى سۆزلىشىسىز؟
— ئارىمىزدا سۆزلىشىدىغان ئىشلار شۇنچە جىققۇ!
— گەپ بولسا چاقچان دەڭ.
— ياش خېنىمدىن قورقۇۋاتامسىز؟
ئۆمەر تىتىلداپ كەتتى.
— ئالدىراشلىقىمنى كۆرمەيۋاتامسىز؟
— ئۆمەرجان، شۇ كۈنى كەلگەن بولسىڭىز ئىش چىرايلىق بولاتتى. سىز بىلەن بىرنەچچە ۋاقىت شۇنداق ياخشى ئارىلىشىپتىمىز. ئەمدى ئىشىڭىز ئوڭغا تارتقاندا، قولىڭىزغا پۇل كىرگەندە، ياش قىزدىن بىرى بىرمۇنچە مال ـ دۇنياسى بىلەن قۇچىقىڭىزغا ئۆزىنى ئاتقاندا مېنى شۇنداقلا تاشلىۋەتسىڭىز بولماس.
— سىز...
— ئالدىرىماڭ، دۇنيادا نەدىمۇ مۇنداق قائىدىگە سىغمايدىغان ئىش بار ئىكەن؟ سىز بىر ئادەم تۇرۇپ چىرايلىقچە خوش دېيىشىنىمۇ بىلمەمسىز؟
— سىز... سىز نېمە دېمەكچى؟ نېمىلا گەپ بولسا كەچتە كۆرۈشكەندە دېيىشەيلى.
— ياق، هازىر دەيمەن، كىم بىلىدۇ، كەچتە يەنە ئىشىڭىز چىقىپ...
— هە، نېمە گەپ؟ دەڭە.
گۈلپەرى تېلېفوننى ئالدى:
— ۋەي، كېپىنەك مۇئەللىم، قانداق ئەهۋالىڭىز؟
— ياخشى، سىز؟...

— مەن ھەسەن مۇئەللىم.
— ۋاي، بارمۇسىز؟ يوقاپلا كەتتىڭىزغۇ؟
— مېنى سىز يوقىتىۋەتتىڭىز.
— ئۇنداق دەپ مېنى گۇناھكار قىلماڭە.
— گۈلپەرى، مەن ھازىر شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتىمەن. قوش تىللىق ئوقۇتۇش بويىچە تەربىيەلىنىشكە چىقتىم.
— مۇبارەك بولسۇن!
— ئاتامنىڭ يىل نەزىرىنى بېرىپ بولۇپ، سىزنى ئىزدەپ مەكتەپكە بارسام خوشمۇ دەپ قويماي كېتىپ قاپسىز. سىز شەھەرگە كەتكەن تۇرسىڭىز مەن قانداق سىزگە يېتىشەلەيمەن؟ كېيىن ئىزدەپ بېرىپ ئاڭلىسام بىر دوستىڭىز بىلەن چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلىۋېتىپسىز. شۇڭا سىزنى ئىزدەپ مالال قىلىشنى خالىماي قايتىپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن ئاۋازىڭىزنى بولسىمۇ ئاڭلىۋالاي، دەپ تېلېفون قىلىشىم.
گۈلپەرى بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى:
— ھەسەنجان، تۇرمۇشنىڭ ئىشلىرىغا بىرنېمە دەپ بولمايدىكەن، مېنى كەچۈرۈڭ.
— ئۇنداق دېمەڭ، گۈلپەرى، قارىغاندا، سىز ماڭا نېسىپ بولماپتىكەنسىز.
گۈلپەرىنىڭ: «ئۇنداق دېمەڭ، مېنىڭمۇ سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلغۇم بار ئىدى، بىراق ئارىدا سىزگە چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ئىش بار. ئۇنىڭ

ئۈستىگە مۇسىبەتلىك بولۇپ قالدىڭىز» دېيىشى مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا گۈلپەرى:
— سىز چوقۇم بەختىڭىزنى تاپىسىز، — دېدى.
— رەھمەت، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن. گۈلپەرى، مەن سوۋغا قىلغان ئاتكرىتكا ھېلىمۇ بارمۇ؟
— بار، ساقلاۋاتىمەن.
— ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ياخشى يىگىتكە ئۇچراپسىز، بەختلىك بولۇڭ.
— رەھمەت، دەم ئالغانلاردا ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئويناپ كېلەرسىز.
گۈلپەرى سۆيۈنۈشلۈك ھېسسىيات ئىچىدە كەينىگە قايتىپ ئۆمەر بىلەن بايىقى چوكاننىڭ نېرىدا جىددىي بىرنېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا بارماقچى بولدى، بىراق ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىر چەتتە قاراپ تۇردى.
ماھىرەنىڭ كۆزىدىن سوغۇق نۇر چاقنىدى:
— دەيمەن، بۇگۈن سىزگە دېگىلى كەلدىم. سىز مەن بىلەن كارىڭىز يوق يۈرگىنىڭىز بىلەن دەردىڭىزنى مەن تارتىۋاتىمەن.
— دەردىڭىزنى؟ نېمە دەرد؟
— بويۇمدا قاپتۇ.
ئۆمەر چۆچۈپ كەتتى:
— ئەمدى بولغاندا بۇ گەپنى دەپ يۈرگىنىنى.
— «ۋاقتىدا دەيمەن» دېسەم كەلمىگەن ئۆزىڭىز.

— ئۆز ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىغانمۇ؟
— ئالدىنى ئالغان. ئۆزىڭىز مەست...
ماھىرەنىڭ نازلىق گېپى بۇرۇن ئۇنىڭغا تازا خۇشياققان بولسا، بۈگۈن ئەكسىچە جېنىغا تەگدى.
— ئالدىرىۋېتىڭ!
— نېمە، ئالدىرىۋېتىڭ؟ تېنىمنى بىرمۇنچە ئۇپرىتىپ ئالدىرىۋېتىمەنما؟ بۇ تېنىمنىڭ ئەمدى سىزگە كېرىكى بولمىغان بىلەن ئۆزۈمگە كېرىكى بار.
— مەقسەت نېمە؟
— داۋالىنىپ ئەسلىمگە كېلىۋالىدىغانغا پۇل لازىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىنى ئۇرۇمچىگە چىقىپ ئالدۇرىمەن.
— قانچە پۇل لازىم؟
— يەتتە تۈمەن بېرىڭ.
بۇنى ئاڭلاپ ئۆمەرنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ئەمدى بىرنەرسە دەي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە نېرىدا قاراپ تۇرغان گۈلپەرىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى:
— چاتاق يوق، ماھىرە، سىز ھازىر قايتىپ تۇرۇڭ، مەن سەل تۇرۇپ تېلېفون قىلىمەن.
— غەم قىلماڭ، مەن ئۇنداق بىغەرەز خوتۇنلاردىن ئەمەس، چاندۇرماي قايتىمەن.
ماھىرە راستلا كەينىگە ياندى ۋە ئۆمەرگە ئۇنلۈك قىلىپ:
— ئۇنداق بولسا، كېيىن كېلەي،— دېدى.
ئۆمەر «ئۇھ» دەپ گۈلپەرىنىڭ قېشىغا باردى.

— نېمىشقا كەپتۇ؟— سورىدى گۈلپەرى.
— ئىش ئىزدەپ كەپتۇ،— دېدى ئۆمەر ۋە ئۆزىدىكى ھودۇقۇشنى تاماكا چەككەن بولۇپ يوشۇرماقچى بولدى.
گۈلپەرى ئۇنىڭغا سىرلىق تىكىلدى:
— ئۆمەرجان، ئۇنداق ئەمەستەك قىلىدىغۇ؟
ئۆمەر تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرغان بولۇپ بىر پەس تۇرۇۋالدى، ئاندىن «بەرىبىر چىنىنى قالغۇدەك» دەپ ئويلاپ:
— يۈرۈڭ،— دەپ گۈلپەرىنى ئارامگاھنىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ چىقتى.
— گۈلپەرى، مەن سىزدىن بىر ئىشنى يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم. ئەمدى دېمىسەم بولمىغۇدەك. مەن رابىيە بىلەن كۆڭۈلسىز بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە سىزگە دەپ بەرگىنىمدەك ھاراقـقا بېرىلىپ قالدىم. شۇ ئارىلىقتا ماھىرە بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. كېيىن ئىككىمىز ئارىلىشىپ قالدۇق، لېكىن سىز بىلەن قايتا ئۇچراشقاندىن بۇيان «ھەممىنى يېڭىباشتىن باشلايمەن» دەپ ئۆزۈمگە قاتتىق ۋەدە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىنىمۇ ئۈزگەنىدىم. بۈگۈن ئۆزى ئىزدەپ كەپتۇ.
بۇنى ئاڭلاپ گۈلپەرىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئاندىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.
— ھە، نېمىگە ئىزدەپ كەپتۇ؟
— نەچچە قېتىم تېلېفون قىلسا ئالمىغانىدىم، شۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ ئىزدەپ كەپتۇ.

— ئۇنداق خوتۇنلار ئۇنچىلىك ئىشلارغا بۇنداق ئىزدەپ يۈرمەيدۇ.

ئۆمەر: «گەپ بۇنچىلىك يەرگە كېلىپ قالغاندا يوشۇرۇپ نېمە قىلاي» دەپ ئويلاپ، بايا ماھىرە بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى دەپ بەردى.

كۆزىگە غىللىدە ياش كېلىپ، لېۋىنى چىڭ چىشلىگەن گۈلپەرى بۇرۇلۇپلا ماڭدى.

— گۈلپەرى، مەن سىزگە راست ئېيتتىم، سىز بىلەن ئۇچراشقاندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىممۇ كۆرۈشۈپ باقمىدىم. ماڭا ئىشىنىڭ...

گۈلپەرى توختىدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— بۇرۇنقى ئىشلىرىڭىز ئەمدىغۇ تۈگىگەندۇ؟ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سىز ئىشلەۋېرىڭ. مەن ئۆيگە بېرىپ ئارام ئېلىپ كېلەي، — دېدى ۋە كۆزىنى سۈرتكىنىچە كېتىپ قالدى.

ئۆمەر جايىدا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن: «بىر قەدەمنى خاتا بېسىۋىدىم، ئەمدى ماڭا پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان ئىش تۈگىمەيۋاتىدۇ. ‹ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ› دەپ خاتا يولغا ھەرگىز بىر قەدەممۇ ئالماسلىقى كېرەككەن. ئەمدى گۈلپەرى نېمىلا دېسە ھەقلىق، مېنىڭ ئۇنىڭ يۈزىگە قارايدىغان يېرىم قالمىدى» دەپ ئويلاپ ئارامگاھقا كىرىپ كەتتى.

گۈلپەرىنىڭ بايىقى ئەلەملىك ھالىتىنى كۆز ئالدىدىن نېرى قىلالمىغان ئۆمەر ئاچچىقى بىلەن تېلېفونىنى قولىغا ئالدى ۋە: «يەتتە تۈمەن ئاز پۇلمۇ؟ توغرا، ھازىر

قولىمىزغا پۇل كىردى. ئەمما، ئۇ پۇللار قانچىلىك ئاچچىق قىسمەتلىرىمىز بەدىلىگە كەلگەن ـ ھە؟ ئەمدى كېلىپ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزۈڭ باشتا نايناقلاپ، ئۆزۈڭمۇ تەڭ ھۇزۇرلىنىپ تۇرۇپ، شۇنچە پۇلنى ئاسانلا ئېلىۋالمەن، دەمسەنا. بۇ ئۇخلاپ چۈشۈڭ!» دەپ ئويلىدى.

تېلېفون ئۇلاندى:

ــ ۋەي، ماھىرەمۇ؟

ــ ئۆمەرجان، كۆرۈشۈپ پاراڭلىشايلى...

ــ مەن ئۇنچىلىك پۇلنى بېرەلمىگۈدەكمەن، يېنىڭىزغىمۇ بارالمايمەن.

ــ راستلا كېلەلمەمسىز؟

ــ ياق!

ــ ئۇنداق يېرى بولسا بوپتۇ، كېيىن كۆرۈشەيلى.

ماھىرە تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

چاتاق يېرى، ئەتىسى چۈشكىچىلا گۈلپەرىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. تېلېفون قىلىۋىدى، ئالمىدى. بۇنىڭدىن ئۆمەر چىۋىن يەۋالغاندەك بىئارام بولدى. ئىشچىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، بۇرۇنقىدەك ئىش بېشىدا قاتتىق نازارەت قىلىپ تۇرغۇسىمۇ كەلمىدى. بەلكى تاماكا چېكىپ بىر چەتتە جىمىدە ئولتۇردى.

چۈشتىن كېيىنلىكى گۈلپەرى ئاستا قەدەملەر بىلەن ئارامگاھقا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، تۈزۈك ئۇخلىمىغانلىقى، كۆز يېشى قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئۇلار سۇسلا سالاملاشتى. ئۆمەر نىمە دەپ سۆز باشلاشنى بىلەلمەي قىينالدى. شۇ چاغدا گۇلپەرى تۆۋەن ئاۋازدا دېدى:

— سىز بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ، ئۇ خوتۇن تۇغماس ئىكەن.

ئۆمەر بۇ گەپكە ھەيران قالدى ۋە تەستە:

— ئۇنىڭ يەتتە - سەككىز ياشلىق ئوغلىنى مەن كۆرگەن تۇرسام، — دېدى. بۇ گەپ گۇلپەرىنىمۇ ھەيران قالدۇردى.

— ماڭا ئېيتقانلار خاتا بىلىپ قالمىغاندۇ - ھە؟ — دېدى گۇلپەرى ئويلىنىپ قېلىپ.

شۇ چاغدا سوت مەھكىمىسىنىڭ فورمىسىنى كىيگەن بىرەيلەن ئارامگاھقا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشچىلارنىڭ بىرسىدىن گەپ سورىۋىدى، ئۇ ئىشچى ئۆمەرنى كۆرسىتىپ قويدى.

بۇنى كۆرگەن ئۆمەر: «يەنە نىمە چاتىقىم چىققاندۇ؟» دەپ ئويلاپ يەر تېگىدىن گۇلپەرىگە قارىدى. گۇلپەرى چىرايىنى ئۆزگەرتمىگەن ھالدا ئۇ كىشىگە قاراپ تۇرۇۋەردى.

ئۇ كىشى يېتىپ كېلىپ گۇلپەرىگە قاراپ قويۇپ ئۆمەردىن سورىدى:

— سىز ئۆمەر بولامسىز؟

— ھەئە.

ئۇ كىشى يەنە گۇلپەرىگە قاراپ قويدى، ئاندىن ئۆمەرگە:

— بۇياققا كەلسىڭىز، سىز بىلەن دېيىشىدىغان گەپ بار ئىدى،— دېدى.

ئۆمەر غەيرەتكە كەلدى:

— مۇشۇ يەردە دەۋېرىڭ.

— سەل ئەپسىز بولارمىكىن.

— ئەپسىز بولمايدۇ.

ئۇ كىشى يەنە گۈلپەرىگە قارىدى، ئاندىن ئۆمەرگە ئىشارەت قىلىپ:

— يەنىلا ئايرىم سۆزلەشسەك،— دېدى.

— دەۋېرىڭ، ئۇ مېنىڭ ئايالىم.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈلپەرى «لەپپىدە» ئۆمەرگە قارىدى.

— شۇڭا، ئايرىم سۆزلەشسەك دېگىنىم. سەل باشقىچە ئىش ئىدى.

— نېمىلا گەپ بولسا دەۋېرىڭ.

— مەن ماھىرەنىڭ ئىشى توغرۇلۇق كەلگەنىدىم.

«ئۇھ،— دېدى ئۆمەر ئىچىدە،— شۇ ئىشمىدى. يەنە نېمە ئىشتۇ دەپتىمەن؟»

— ماھىرەنىڭ ئىشىدىن گۈلپەرى ئىككىمىز خەۋەردار. گەپ بولسا ئوچۇق دەۋەرسىڭىز بولىدۇ.

ئۇ كىشى ھەيران بولغان ھالدا ھىجىيىپ قويدى.

— مەن شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىدىن كەلدىم، لېكىن بۇ يەرگە ئىدارە نامىدىن ئەمەس، شەخسىي نامىمدىن كەلدىم. تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ماھىرە ئىدارىگە بېرىپتۇ. قارىسام قولىدا سىز توغرۇلۇق ئەرز

بار ئىكەن. بىز سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزدىن خەۋەردار، سىز كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى شەخس. ئەگەر ماھىرە مۇشۇ سەۋەبلىك دەۋا - دەستۇر قىلىپ قالسا خەقنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ قالىسىز. ئۇ چاغدىكى ئاقىۋەت سىزلەرگە ئايان، شۇڭا مەن كۆپ ئويلىنىپ ئۇ ئەرزنى باستۇرۇپ قويۇپ يېنىڭىزغا كېلىشىم. بۇ ئىشنى تۆلەم بېرىپ ئاستىرتىن تۇگەتسىڭىز بولمامدۇ؟

— مەن ئۇنچىلىك پۇلنى چىقىرالمايمەن.

— شۇڭا مەن ئالدىنئالا يېنىڭىزغا كەلدىمغۇ، ئۆمەر، ئويدان ئويلىنىپ بېقىڭ. نام - ئابرۇي ئۇنداق خوتۇنلارغا لازىم بولمىغان بىلەن سىزگە بەك زۆرۈر. سىز بۇ نۇقتىغا ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىشىڭىز كېرەك. مۇۋاپىق يېرىگە مەن كېلىشتۇرۇپ قويسام تۆلەم بېرىپلا جىمىدە قۇتۇلامسىز.

— بولدى، كېلىشتۇرۇپ قويۇڭ.

گۇلپەرىنىڭ بۇ گېپى ئۆمەرنى چوڭقۇر ھاڭغا تاشلىۋەتكەندەك بولدى. ئۆمەر ئۆزىگە كۆتۈرۈپ - قويىقۇسىز ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

چىرايىدا رازىمەنلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولغان سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىمى يېنىدىن قەغەز ئېلىپ بىر نەرسە يېزىپ گۇلپەرگە بەردى:

— بۇ مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇم، كەچقۇرۇن كۆرۈشەيلى.

شۇ چاغدا گۇلپەرى ئۆزگە ئارام بەرمەيۋاتقان،

ھازىرغىچە ئۆزىدە يوقالمايۋاتقان گۇمانىنىڭ تۇرتكىسىدە سوراپ سالدى:

— توختاڭچۇ، «ماھىرەنى تۇغماس» دەپ ئاڭلىۋىدىم. ئەجەب بالىسى بار ئىكەن ـ ھە؟

— قىزىق ئىكەنسىز، — دېدى سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىمى، — تۇغماس بولسا يەتتە ـ سەككىز ياشلىق ئوغلى نەدىن كېلىدۇ؟

— شۇنداقمۇ؟

— ئۇنداق بولسا ئوغلىنى كۆرۈپ بېقىڭ، ئاپىسىدەكلا چىرايلىق.

«ئاپىسىدەكلا چىرايلىق» دېگەن گەپ گۈلپەرىنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە بولۇپ سانجىلدى. سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىمى مېڭىپ كەتتى. «مانا، يەنە مەن ئويلىغاندەك بولدى. ماھىرەنىڭ ئەنسىرەپ كەتكىنىنى. ئۆمەرنىڭ ئۇ ئىشنى قانۇن جەھەتتىن ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ، پەقەت ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئەيىبلەشكىلا بولىدۇ. شۇنچىلىك پۇل تاپقان بىلەن مۇشۇنچىلىك قانۇننى بىلمىنى بىلمەيدۇ، قورقۇپ كېتىدۇ... ھەي، ئەخمەقلەرەي، قانۇن كىتابلىرىنى ۋاراقلاپمۇ باقماي پۇلغىلا تايىنىمىز دېگەن... ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن نازۇك بىر بەدەنگە ئىگە بولدۇم. بۈگۈن كەچ تېخى يەنە بىرمۇنچە پۇل...» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ كۆلگىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

— سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — ئاستا سورىدى ئۆمەر.

— ئارامگاھنى ئاچە ـ ئاچمايلا سۆز ـ چۆچەك پەيدا بولسۇن دەمسىز؟

بۇ گەپكە ئۆمەر بىرنەرسە دېيەلمەي يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

كەچلىكى ئۆمەر بىلەن گۈلپەرى خۇددى ئۇرۇشۇپ قالغان ئەر ـ خوتۇنلاردەك بىر ـ بىرىگە گەپمۇ قىلىشماي مېڭىشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايىدىن ئېغىر غەم چىقىپ تۇراتتى. «ھەي، نېمانچە جىق كەلگۈلۈك بۇ؟ يا مەن ئۆمەرجاننى تاللاپ خاتا قىلدىممۇ؟ ئۇ نېمىشقا مۇشۇنچىلىك ئاۋارىچىلىك تاپىدۇ؟ ياكى ھايات مۇشۇنداق دىشۋارچىلىقلار بىلەن مېنى سىناۋاتقاندىمۇ؟ ھەي ئۆمەرجان، ھەي ئۆمەرجان! مۇشۇنداق ئىشلارغىمۇ سېپىلىپ يۈردىڭىزمۇ؟ مېنى ھارغۇزۇۋېتىدىغان بولدىڭىز. راست، مەن سىز بىلەن ھېرىپ قالغۇدەكمەن. قىلىدىغان ئىشىمىز ئازمىدى؟ مېنى بەك ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتتىڭىز... » گۈلپەرىنىڭ خىيالى ئېغىرلاشقانچە قەدەملىرىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۆزىگە ئەپۇ ۋە ئۆتۈنۈش بىلەن دەممۇ دەم قاراۋاتقان ئۆمەرگە گەپ قىلغۇسىمۇ كەلمىدى. بىرئازدىن كېيىن گۈلپەرى ئۆزىنى ئەيىبلىگىلى تۇردى: «مەن نېمىشقا ئۆمەرجاننى ئەيىبلەيمەن؟ ئىشلار ماڭا ئېغىر كېلىۋاتامدۇ ياكى مەن ئۆمەرجاندىن چېنىۋاتامدىمەن؟ مەن قانداق ئويلىغان، ئىككىمىز قانچىلىك كەڭ قورساقلىق بىلەن قايتا بىللە بولغان؟ ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات دېيىشمىدۇقمۇ؟ بۇ ئىشمۇ بۇرۇن بولغان ئىشقۇ. ئۆمەرجانمۇ شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا شۇنىڭغا مەجبۇرلىنىپتىغۇ. ئۆمەرجان مېنىڭ ئىشىمنى كەچۈرۈۋەتتىغۇ، كۆڭلىگە ئالمىدىغۇ؟ ھەي،

بولدىلا... بۇ ئىشمۇ تىنچ تۈگەپ باقسۇنچۇ...»
ئاخىرى شۇ ئۆيگە كەلگەن گۈلپەرى ئۆمەرنىڭ بەك ئىچىگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا:
— ئۆمەرجان، سەل تۇرۇپ ئۇلار بىلەن بەك تالىشىپ كەتمەڭ. ئارامگاھنىڭ ئىشىغا تەسىر يېتىدىغان ئىش بولمىسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىمىزدا پۇل بار بولغاندىكىن... سودىمىز ياخشى بولسا ئورنىغا كەلتۈرۈۋالارمىز،— دېدى. ئۆمەر بېشىنى لىڭشىتتى.
ئۇلار بايا تېلېفوندا دېيىشكىنى بويىچە چەترەك يەرگە جايلاشقان بىر خىلۋەت تاماقخانىغا كىرىشتى. تاماقخانىدا بىر كىشى تاماق يەۋاتقان بولۇپ بوشلا ئىدى. ئۇلار ئاددىيلا سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئايرىمخانىغا كىرىشتى.
ئۇلار ئىلمان بولۇپ قالغان چاينى زورغا ئىچىپ ئولتۇرغاندا سوت خادىمى بىلەن ماھىرە پەيدا بولدى. ئۆمەر كۆردىكى، ماھىرە ئۆمەر كۆرگەن ھېلىقى ئوغلىنى يېتىلەپ كەلگەنىدى. ئوغۇل بالىنى كۆرگەن گۈلپەرىمۇ ئۆزىدىكى «تۇغماس» دېگەن گۇماننى نېرى قىلىپ يېڭىلگىنىگە تەن بەردى.
— قېنى ئولتۇرۇپ بىر - بىرىمىزگە يول قويغان ئاساستا چىرايلىق سۆزلىشەيلى،— دېدى سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىمى.
دەل شۇ ۋاقىتتا ئۆيلىمىغانلا بىر ئىش يۈز بەردى. چوڭلار «قېنى ئۇياقتا... » دېيىشىپ تۇرۇۋاتقان قىلىشىۋاتقان

چاغدا ھېلىقى ئوغۇل بالا ئاستا سۇرۇلۇپ گۈلپەرىنىڭ يېنىغا باردى ۋە گۈلپەرىنى:
— كېپىنەك مۇئەللىم، — دەپ چاقىردى. بۇنىڭدىن باشقىلار مەڭدەپ قېلىشتى. گۈلپەرى بولسا خۇددى قۇتيار يېزىسىغا — ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. گۈلپەرى بالىغا سىنچىلاپ قارىدى. چىرايى تونۇشلا...
ھودۇقۇپ قالغان ماھىرە بالىنى يېنىغا تارتتى ۋە ئالدىراپ ـ تېنەپ بالىنى سىرتقا ئىتتەردى:
— بالام ئىلھامجان، مېڭىڭ، سىرتقا چىقىپ ئويناڭ، مەن بايا بەرگەن پۇلغا تەييار چۆپ ئېلىپ يەڭ.
— ماھىرە ئاپا، ئۇ بىزنىڭ كېپىنەك مۇئەللىمىمىز، — دېدى بالا ساددىلارچە.
«ماھىرە ئاپا؟» سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىمى بىلەن ئۆمەر ماھىرەگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. نەدە ئاپىسىنى ئاشۇنداق چاقىرغان بار؟
گۈلپەرى بولسا بالىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى: تونۇش ئاۋاز، ئىلھام... گۈلپەرىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاستا ـ ئاستا بالىلارچە تەلەپپۇزدا ئېيتىلغان «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن ناخشا ياڭراشقا باشلىدى:

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار، بولۇر ئۇ گاھىدا بار ـ يوق.

ئاخىر گۈلپەرىنىڭ يادىغا كەلدى: بۇ تۇنجى سائەتلىك

دەرستە مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ يۈز نومۇرنىڭ دەۋاسىنى قىلغان ھېلىقى تۇرگۇن بالا ئىدى.

— ئىلھامجانمۇ سىز؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ بىر مەۋسۇم ئوقۇپلا كەلمىدىڭىز، كېيىن سىزنى شەھەردە ئوقۇغۇدەك دەپ ئاڭلىدىم.

— مەن ماھىرە ئاپامنىڭ يېنىدا ئوقۇۋاتىمەن...

ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالغان ماھىرە بالىنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— بولدىلا، سىلەردەك نېمىلەر بىلەن دېيىشىدىغان گېپىم يوق، — دەپ سىرتقا ماڭدى.

تولىمۇ ئوسال ھالدا قالغان سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىمى دۇدۇقلىغىنىچە:

— نېمە... نېمە ئىش بۇ؟ مەن... چىقىپ باقاي، — دېگىنىچە بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي چىقىپ كەتتى.

ئۇ بالا ھەقىقەتەن ئاشۇ ئىلھام ئىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، ئۇ ئائىلە بىرنەچچە بالىسىنى ئوقۇتۇشتا بەك قىينالغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئىلھامنى ئوقۇتالمىغىلى ئارانلا تۇرغاندا گۇلپەرىلەر ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە بىرنەچچە قېتىم ئائىلە سۆھبىتىگە بارغانىدى. ئۇ ئائىلە ئىلھامنى مەكتەپكە ئىككى كۈن ئەۋەتسە، ئۈچ كۈن تۇتۇۋېلىپ دېگۈدەك بىر مەۋسۇمنى ئاران تۈگەتكۈزدى. كېيىنكى مەۋسۇمدە ئىلھام مەكتەپكە كەلمەيلا قويدى. ئۆيىگە سۆھبەتكە بېرىۋىدى، ئىلھامنىڭ شەھەردىكى تۇغقىنىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدە گەپ چىقتى. ئۆيدىكىلەر ئىلھامنىڭ شەھەردە

ئوقۇشى ئۇچۇن تونۇشتۇرۇش ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن گۇلپەرى ئىلھامنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنى ئاساسەن ئۇنتۇپ قالغانىدى.

ئەھۋال شۇنداق ئىدى. ئىلھامنى شەھەردە ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەتكەن كىشى دەل ماھىرە ئىدى. ماھىرەنىڭ ئۆمەرگە ئېيتقىنىغا ئوخشاش، ماھىرە نىرۋىسى ئاجىز ئېرىنىڭ كۆزىدىن نېرى بولۇپ مۇھىت ئالماشتۇرۇش ۋە قولىدىكى ھۈنىرىگە تايىنىپ ياخشى ياشاش ئۈچۈن شەھەرگە كەلگەنىدى. كۈتكىنىدەك، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كەتتى، لېكىن تۇغماس سەۋەبلىك كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان بالىسىمۇ بولمىغاچقا ھەمدە شەھەردە تېخى سىرداشقۇدەك تونۇشلىرى بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇ غېرىبسىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇرتىغا بېرىپ، قوشنا كەنتتىكى تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار تۇغقىنىنىڭ ئوغلى ئىلھامنى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇش شەرتى بىلەن يېنىغا ئەكېلىۋالغانىدى.

سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىمى سىرتقا چىققاندا ماھىرە ئىلھامنى سىلكىشلىگىنىچە كېتىپ باراتتى:

— نېمىشقا شۇنچە ئۆگەتسەم گېپىمنى قۇلىقىڭدا تۇتمايسەن ـ ھە؟ مېنى مۇنداق نەس باستۇرىدىغانلىقىڭنى ئەجەب ئويلىماپتىمەن. ئەستا! سېنى... سېنى...

— كېيىنەك مۇئەللىمنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن...

— قويە ئۇ جىنىمغا تاقاشقان كىپىنىكىڭنى!

سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىمى ئۇنىڭغا يىتىشىۋالدى:

— ماھىرە، نىمىشقا بۇ گەپنى يوشۇرىسىز؟ مۇشۇ ئىشىڭىز بولمىدى جۇمۇ سىزنىڭ، قانداق قىلىپ باققىنىڭىز بۇ...

— نىمە؟ چىلىپ بەرگەن دۇتىرىم ئەمدى سىلىنىڭمۇ كۆڭۈللىرىگە تېگىۋاتامدۇ؟ كۆڭۈللىرىگە تەگكەن بولسا قۇستۇرۇپ قوياي.

ماھىرە گىپىنى تۈگىتىپلا بىر تاكسىنى توسۇپ بالىنى ئېلىپ كىتىپ قالدى. ئۇ يول بويى: «بالىنى ئەكەلمىسەممۇ بوپتىكەن. كىم بىلىپتۇ. ھەي... » دەپ ئويلىغىنىچە بالىنى ئەكەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يىگۈدەك بولدى.

بۇ گەپنى كۈتمىگەن سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىمى:

— ياپىر، ماۋۇ خوتۇننىڭ يامانلىقىنى! كۈلۈپ جاننى ئالىدىكەن!— دىگىنىچە پىشانىسىگە شاپىلاقلىدى،— تاس قاپتۇ مىنىمۇ بالاغا تىققىلى.

ئارامخۇدا تاماق يەۋاتقان ئۆمەر كۈلۈۋەتتى.

— نىمىگە كۈلىسىز؟— دىدى چىرايى خىلىلا ئىچىلىپ قالغان گۈلپەرى.

— ناۋادا بالىنى ئەكەلمىگەن بولسا قاندىاق قىلاتتىڭىز؟

— سىزنىڭ دەردىڭىزنى تارتىپ پۇلنى بىرەتتۇق شۇ،— دىدى گۈلپەرى يالغان خاپا بولۇپ.

— ئەجەب ئىش بولدى دىسە بۇ.

— ياماﻥ ئىشىنىڭ جاجىسىنى خۇدايىم ئەگىتىپ يۈرۈپ بولسىمۇ بېرىدۇ.

※ ※ ※

ئادەمنى يىللارلا قېرىتمايدىكەن. ئاچچىق، دەردمۇ ئادەمنى ئاسانلا قېرىتىپ قويىدىكەن. ئوخشاشمايدىغان يېرى، ئاچچىق، دەرد ئادەمنىڭ جىسمىنىلا ئەمەس، روھىنىمۇ قېرىتىۋېتىدىكەن. جالالنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ: ئىككى پەرزەنتىنىڭ دەردى، كەلتۈرگەن خورلۇقى ئۇنى قېرىلىق بىلەن كېسەل بىرلىشىپ يانجىپ قويغان ئادەمگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. چىرايىدىكى قىزىللىق، كۆزلىرىدىكى نۇرانىلىك قالمىغان، ئەكسىچە ئۆلارنىڭ ئورنىنى پەرىشانلىق، قايغۇ ـ ھەسرەت ئىگىلىۋالغان بولۇپ، بىر كېچىدە كۆپىيىپ قالغان ئاق چاچلىرىنى چىڭ قاماللىغىنىچە ئېغىر خىيالغا ئەسىر بولۇپ ئولتۇرۇشى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىيدۇ.

جالال ئېغىر تىنىپ بېشىنى كۆتۈردى:

— ئىسسىق چاي بولسا بىر چىنە قۇيغىنە.

لەۋلىرى ئەلەملىك ئۈمچىيىپ قالغان سائادەت تەستە ئورنىدىن تۇردى. مۇشۇ كۈنلەردە «ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشكۈسى كەلمەي» يۈرگەن بۇ خوتۇن ئېرىگە نارازىلىق بىلەن قاراپ قويۇپ چەينەكنىڭ يېنىغا باردى. چەينەكنى تۇتۇپ بېقىپ چاينىڭ سوۋۇپ

قالغانلىقىنى بىلىپ، چەينەكنى ئېلىپ خۇشياقماسلىق بىلەن ئاشخانا ئۆيگە ماڭدى.

سائادەت ئېرىدىن خاپا. ئالىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن سائادەت يىغلاپ ئېقىپ كەتتى ۋە جالالغا: «نېمىلا قىلىپ بولسىمۇ ئالىمنى قۇتقۇزۇپ چىقىڭ، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سىزنىڭ شۇنچىلىكمۇ يۈزىڭىز يوقمۇ؟» دەپ يېپىشىۋالدى. جالال بولسا:

— مەن ئۇقۇشتۇم، ھەممە پاكىت تولۇق ئىكەن، شۇنداق تۇرسا مەن قانداق يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارىمەن؟ — دەپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— مۇنداق ۋاقىتتا «يۈز»نى ئويلاپ نېمە كەپتۇ؟ بالىمىز ئۈچۈن ئۇنچىلىك يەرلەرنى ئويلاپ نېمە ئىش قىلىمىز ئەمدى؟ بېرىڭ، بالىغا ئىشلىمىگەن «يۈز»نىڭ ئەمدى نېمىگە كېرىكى!

سائادەت ۋاتىلداپ توختىمىدى، ئەمما جالال ئۇنىڭ گېپىگە كىرمىدى. بەلكى: «ھەممىسى ئۆزىمىزدىن كېتىپتۇ. بالىلارنى كىچىكىدىنلا چىڭ تۇتماپتىمىز، ھوقۇقىمىز بار دەپ مەيدىمىزگە ئۇرۇپ، ئۇلارنى ھەممە ئىش قولىمىزدىن كېلىدىغانلىقىغا، شۇڭا نېمىلا قىلسا بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۇرۇپ قويۇپتىمىز، ئۇلارنى كىچىكىدىنلا راھەت تۇرمۇشقا كۆندۇرۇپ قويۇپتىمىز. ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇش مۇنداقلا كېتىۋەرمەيدىكەن، بىزمۇ ھوقۇقىمىزدا تۇرۇۋەرمەيدىكەنمىز. ھەي، بۇنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغان بولغىيتتىم؟ ئەينى ۋاقىتتا خۇددى بىر ئۆمۈر ھوقۇقنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ، پەيزىنى

سوروپ يۇرۇۋېرىدىغاندەك بىلىنىپ كەتكەن چېغى. لېكىن... بۇنى ياش بىر يەرگە بېرىپ، پەسكويغا چۈشۈشكە باشلىغىنىمىزدا بىلىدىكەنمىز، پۇشايمان قىلىدىكەنمىز» دەپ پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكتى.

سائادەت بولسا قايسى كۈنى:

— بالا ساڭا كېرەك بولمىسا ماڭا كېرەك،— دېگىنىچە سىرتقا ماڭدى،— ئۇ باشلىقلارنىچۇ مانا مەنمۇ تونۇيمەن. ئۇلارنىڭ ھېچبولمىسا گېپىمنى ئاڭلاپ باقىدىغان ۋاقتى چىقار.

جالال ئۇنىڭ كەينىدىن «هاي...» دېگىنىچە تۇرۇپ قالغانىدى. خوتۇن، بالا دېگەنلەر ئەقلى بىلەن ئىش قىلمىسا ئەمەلدارنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ ـ ھە؟

ئارىدىن نەچچە سائەت ئۆتۈپ سائادەت:

— قارا، ئۇ يۈزسىزلەرنى... ئەمدى بىزنىڭ گېپىمىز ئۆتمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ ئۇلارغا. خەپ، سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كېلەر!— دەپ قاقشىغىنىچە قايتىپ كەلگەنىدى.

مانا بۈگۈنمۇ سائادەت شۇ خاپىچىلىقى بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. ئىشتىن قايتىپ شۇ جىددىي كەيپىياتنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالغان رابىيە:

— مەن تاماق قىلاي،— دېگىنىچە كەينىگە ياندى.

— بىچارە قىزىم،— دەپ مىچىلدىدى سائادەت،— خەقنىڭ ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرەلمەي يۈرىدۇ، بىچارە قىزىم. قىزىمغا مۇشۇ زۇلۇملارنى سالغىنىغا ئۆمەر دېگەن

يېتىم ئوغلاقىقا خۇدايىم بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

— بىكاردىن - بىكار خەقنى قارغاپ... — دېدى جالال بۇ گەپتىن نارازى بولۇپ،— ئىش - ئوقەتتى بىر ئوبدان كېتىپ بارغان بالىنى «قەرزى بار ئىكەن» دەپ ياراتمىدىڭلار. ئاخىرى نېمە بولدى؟ قەرز بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۆمەر پۇلنى بىكارغا ئۇچۇرۇۋەتمىگەندىكىن؟ ئەمدى نېمە بولدى مانا؟ بىر ئائىلىنى بۇزدۇڭلار، رابىيە بولسا دەردىنى ئۆزى بىلىپ يۇرىدۇ.

— يەنە ئۇنىڭغا بولۇشۇۋاتىسىزغۇ؟

— بولدى قىل، مۇشۇ ھالىمىز بىلەن كىمدىن يامانلايمىز؟ بالىلارنى ياخشى تەربىيەلىمىگەن گۇناھ ئىككىمىزدە. قايسى كۈنى ئالىمنى يوقلاپ بارغاندا ئالىم دېگەن بەزى گەپلەرنى كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، دەپ ساڭا دېمىگەندىم. شۇ بالىمۇ خاتالىقىنى مانا ئەمدى بىلىپتۇ. شۇ بالا چېغىدا «ئاتا، بىز بەك ئەركىلەپ يامان ئۆگىنىپ قاپتىمىز، سىلەرمۇ بەك رايىمىزغا قاراپ يامان ئۆگىتىپ قويۇپسىلەر» دەۋاتىدۇ...

سائادەت چاچراپ ئورنىدىن تۇردى:

— ھە، توققۇزىنى تەل قىلىپ چوڭ قىلغىنىمىز ئەمدى بىزنىڭ گۇناھىمىز بولۇپ قاپتىمۇ؟ قارا، ئۇنىڭ دەۋاتقان گېپىنى! ئۇنداق بولسا «خىروئىن سات» دەپ ئۇنىڭغا بىز ئۆگىتىپتىمىز - دە؟

— سائادەت، نېمە دەۋاتىسەن، بۇ گەپكە تىلىڭ قانداق باردى؟

سائادەت مىچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان رابىيەنىڭمۇ كۆزىگە ياش كەلدى. بىر تۇتام كۇدىنى چىڭ قامالىلغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئائىلىسىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ئىشلار ئۇنى سوغۇققان بولۇشقا مەجبۇرلىدى. دوستلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆمەر بىلەن ياخشى ئۆتۈش توغرۇلۇق قىلغان تەۋسىيەلىرى يادىغا يەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خىزمەتنى ئالمىشىپ تۇيۇقسىزلا خىيالچان بولۇپ قالغان ئاتىسىمۇ يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىپ ئائىلە تۇرمۇشى ھەققىدە نۇرغۇن پىكىرلەشتى. بولۇپمۇ ئاتىسىنىڭ: «سىز ئۆمەرنىڭ قەرزدارلىقىدىن بەك قورقۇپ كېتىپسىز. بىر ئىگىلىك تىكلەۋاتقان ئادەمنىڭ ئۇ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشى مۇقەررەر. ئەسلى سىز ئۆمەرگە ھەمدەم بولۇپ، ئۇنىڭ قىيىنچىلىق مەزگىلىدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى. لېكىن مەنمۇ ئۇ چاغدا بۇنچىلىك ئويلاشماپتىمەن» دېگەن سۆزى ئۇنى چوڭقۇر ئويلارغا سالدى. گەرچە بۇ بىر پەيلاسوپنىڭ سۆزى بولمىسىمۇ، لېكىن بىر ئاتىنىڭ سۆزى بولۇش سۈپىتى بىلەن رابىيەنىڭ ئەقلىنى ئويغاتتى.

ئەمما، بۇ چاغدا ئۆمەرلەرنىڭ ئىشى پۈتۈپ قالغانىدى.

رابىيە ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى ۋە: «ئاپا، ئۇلارنى قارغىما. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئازاب ــ ئوقۇبەتلىرىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇلار بۇ خۇشال كۇنلىرىنى ئىرىشچانلىقىغا، ئۆز ئەجرىگە تايىنىپ قولغا

كەلتۈردى. بۇ خۇشال كۆنلەر ئۆلارنىڭ ياخشىلىقىغا بېرىلگەن مۇكاپات. بۇ مۇكاپاتنى نېرى - بېرى قىلىشقا بىزنىڭ ھەققىمىز يوق» دەپ پىچىرلىدى.

※ ※ ※

ئارامگاھنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، شەھەرنىڭ غول يول بويىدا مىللىيچە ئۇسلۇبتا بېزەلگەن، باراڭ ياسالغان، ئۈزۈم ئاساسىي كۆرۈنۈش قىلىنىپ يەرلىك ئالاھىدىلىك يارقىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن بىر مەنزىرە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. شۇڭا، يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر توختاپ بۇ مەنزىلگاھقا ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتىشتى. بۇ يەرنىڭ داڭقىمۇ تولۇق پۈتمەي تۇرۇپلا تېزلا ئۈرۈمچىگىچە تارقالدى.

— بەك كاتتا ئارامگاھ بوپتۇ، مەن بۇ يەرنى مەدھىيەلەپ بىر شېئىر يېزىپ بەرسەم مۇۋاپىق ئورۇنغا ئېسىپ قويارسىز، — دېدى پەرھات.

— رەھمەت، چىرايلىق، چوڭ قىلىپ رامكىلاپ، سەھنىنىڭ يېنىغا ئېسىپ قويىمەن، — دېدى گۈلپەرى خۇش بولۇپ.

پەرھات دوستى ئالىمنىڭ گۈلپەرىگە ۋاپاسىزلىق قىلغىنىغا ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەنىدى. شۇنداق چىرايلىق، ئاق كۆڭۈل قىزنى... پەرھات ئالىمنىڭ گۈلپەرىگە ئەۋەتكەن تۈنجى سۆيگۈ خېتىنى ئۆزى يېزىپ بەرگەنلىك سەۋەبى بىلەن گۈلپەرىنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقىغا

ئۆزىنىمۇ سەۋەبچى دەپ ھېسابلاپ، گۈلپەرى بىلەن كۆرۈشۈشكە خىجىل بولۇپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئۇ گۈلپەرىنىڭ ئىشىنى قوللاش، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن يېتىپ كەلگەنىدى.

— مېنىڭ يەنە شۇنداق ئېسىل بىر پىلانىم بار،— دېدى پەرھات.

— نېمە پىلان؟— دېدى ئۆمەر پەرھاتنىڭ ئوچۇق - يورۇق مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ.

— ھازىر ھەربىر سۈپىغا نومۇر قويۇلۇپتۇ. بۇ بەك كونا ئۇسۇل. مېنىڭچە، سۈپىلاردىمۇ بىرەر ئۆزگىچىلىكنى نامايان قىلايلى. مېنىڭ خىيالىم مۇنداق: دىيارىمىزدا — ھەربىر يۇرتتا كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان ساياھەت ئورۇنلىرى ناھايىتى كۆپ. شۇڭا، ھەربىر سۈپىغا شۇ ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ نامىنى قويۇپ ئاتىساق. مەسىلەن، «تۇرپان مۇنارى»، «ئاقتاش»، «سايرام»، «بۇيلۇق» دېگەندەك.

— ھوي، بۇ ھەقىقەتەن يېڭىلىق ئىكەن،— دېدى ئۆمەر. گۈلپەرى بولسا پەرھاتنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالغانىدى.

— ئاندىن شۇ ئورۇنلارنىڭ فوتو سۈرىتىنى ۋە قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشىنى تاختا قىلىپ، ھەربىر سۈپىنىڭ تۆرىگە ئورنىتىپ قويساق دېمەكچى.

— چىراغلىق تاختا قىلساق بولغۇدەك. كەچلىكى ياندۇرۇپ قويساق ھەم كۆرگىلى بولىدۇ، ھەم مەنزىرە بولغۇدەك،— دېدى گۈلپەرى.

— توغرا، بۇنىڭدا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.
— بۇنى دەرھال ئورۇنلاشتۇراي، گۈلپەرى، ھېلىقى كومپيۇتېرچى يالقۇن دېگەن بالىنىڭ تېلېفون نومۇرى قانچىدى؟
— مۇبارەك بولسۇن!
ئۆمەرنىڭ سوئالىنى بۆلگەن بۇ ئاۋاز بىلەن ھەممىسى كەينىگە بۇرۇلدى. بارات، باتۇر قاتارلىق بىر قانچەيلەن ئارامگاھنىڭ ئېسىل زىننەتلەنگەن دەرۋازىسىدىن كىرىۋاتاتتى. گۈلپەرى بىلەن پەرھات ئۆمەرگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.
— مېنىڭ بۇرۇنقى ئاغىنىلىرىم،— دېدى ئۆمەر كۈلۈپ.
ئۇلار كېلىپ ئۆمەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.
— ۋاھ، كارامەت يەر بوپتۇ بۇ،— دېدى بارات ئەتراپقا ھەيرانلىق ۋە ھەۋەس بىلەن قاراپ.
— ئۆمەر، زادى سېنى خىزىر يۆلەيدۇ جۇمۇ،— دېدى يەنە بىرى.
— ئۆمەرگە مۇنداق ئەقىللەر نەدىن كېلىدىكىنتاڭ، بۇنىڭغا ئەقلىم ھەيرانلا قالىدۇ،— دېدى باتۇر،— ئەكېلە، مۇشۇ شىپالىق قولۇڭنى يەنە بىر تۇتۇۋالاي. ھە، راست، ئىسمىنى نېمە قويدۇڭلار؟
— «دىلخۇش ئارامگاھى» دەپ قويدۇق،— دېدى ئۆمەر ۋە نېرىدا تۇرغان ھەيۋەتلىك ۋە ئېسىل ئىشلەنگەن ۋىۋىسكىنى كۆرسەتتى. ۋىۋىسكىنى كۆرگەن ئۆمەرنىڭ «بۇرۇنقى ئاغىنىلىرى» بەس - بەستە ماختىغىلى تۇردى:

— بۇ نام جايىدا قويۇلۇپتۇ.
— نەگە دېسە، «دىلخۇشقا» دېسەك، ۋاھ!
— دېمىسمۇ، چوڭ يولنىڭ مۇشۇ بۆلىكى بەك سالقىن ۋە ھاۋالىق. كۆڭۈل يايرىغۇدەك يەر.
ئۆمەر بۇ ماختاشلارغا كۆلۈپلا قويۇپ ئارتۇقچە ئىپادە بىلدۈرمىدى.
— قارا، ئۆمەر، مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار،— دېدى بارات ئالاھىدە قىلىپ،— بۇ يىل بىلگەندەكلا يەرلىرىمگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىپتىكەنمەن. مېھمانلارغا قوغۇن - تاۋۇزنى مەن تەمىنلەي.
لېكىن، ئۆمەر بۇ گەپكە ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىدى.
— ئۆمەر،— دېدى باتۇر كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا،— رېستوران دېگەننىڭ ئالاھىدە تامىقى بولمىسا بولمايدۇ. بۇنىڭغا قانداق پىلانىڭ بار؟
— بۇنىڭغا ئارامگاھىمىزنىڭ ئاشخانا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن دىرېكتورى مەسئۇل، بۇنى شۇنىڭدىن سورىساڭ بولىدۇ،— دېدى ئۆمەر سالقىن تەلەپپۇزدا.
— كىم ئۇ؟
— ئاۋۇ كېلىۋاتقان ئادەم شۇ.
باتۇر قاراپ تونۇش چىرايىنى كۆردى:
— ئەسەيدۇللا!
ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ:
— ھوي، سەن مۇشۇنداق چوڭ ئادەم بولۇپ كەتتىڭمۇ؟— دېيىشىپ ئەسەيدۇللانىڭ ئالدىغا مېڭىشتى.

ئۇلار يېنىدىن كېتىشىگە گۈلپەرى:
— يېقىن ئاغىنىلىرىم دەيسىز ـ يۇ، لېكىن ئۇلارغا نېمانچە سوغۇق مۇئامىلە قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى.
— بۇرۇن ھەقىقەتەن يېقىن ئاغىنىلىرىم ئىدى، لېكىن ئۇلار بېشىمغا كۈن چۈشكەندە يوقاپ كەتكەن، سايىۋەن بولماقتا يوق، بېشىمدىكى سايىۋەننىمۇ ئېلىۋەتكەن ئاغىنىلىرىم، — دېدى ئۆمەر تەئەددى بىلەن.
— مۇنداق دەڭ، — دېدى پەرھات ئۇلارغا ئەپسۇسلىنىپ قاراپ.

※ ※ ※

ھەق ئېلىش پونكىتىدىن ئۆتكەن ئۇرۇمچى نوپۇسىدىكى «نىسسان» ماركىلىق ماشىنا سۈرئىتىنى تېزلەتتى.
— دېرىزىنى چۈشۈرۈۋېتەي، بۇگۈن ھاۋا ئانچىمۇ ئىسسىق ئەمەسكەن، — دېدى رولدىكى ئادەم.
— مەيلى، بۇنداق ئىسسىق بىزگە دورا ئەمەسمۇ؟ — دېدى ياش يىگىت.
ماشىنا 312 ـ نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ ئۇجمە كۆچەتلىرى ئەمدىلا مېۋىگە كىرگەن بۆلىكىدە بىرنەرسىگە ئالدىرىغاندەك ئىتتىك كېتىۋاتاتتى. دېرىزىدىن ئازراق ئىسسىق شامال بىلەن بىللە پىشقان ئۇجمىلەرنىڭ پۇرىقىمۇ كىرىۋاتاتتى.
— ئۇجمىلەرمۇ مەي باغلاپ پىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى رولدىكى ئادەم.

— «دىلخۇش ئارامگاھى»نى بىر قىز ئېچىپتۇ دېدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ياش يىگىت ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ.

— ھەئە، ئۆمەر دېگەن بىرسى بىلەن ھەمكارلاشقانىكەنمۇ گېپى بار. بۇرۇنمۇ ئۆمەر دەپ بىرسى كىچىكلىكىگە باقماي ئىش تەۋرىتىپ، بۇ شەھەردە ئۇيغۇر رېستورانچىلىقىنى باشلاپ بەرگەنىدى. ئەمدى بۇ ئىشتىمۇ ئۆمەر دېگەن بىرسىنىڭ قولى بار ئىكەن. دېگەنىبىلەن كاللىسى بەك ئىشلەپتۇ. بۇ شەھەرنى ئىسسىق دەپلا شەھەردە ئارامگاھ ئېچىش خىيالىمىزغا كىرىپمۇ چىقمىغانىدى. ئۇلار ھەقىقەتەن يامان ئىكەن. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قوشئۆستەڭ جىلغىسىدا ئارامگاھ ئاچىمەن دەپ يۈرگۈچە، مۇشۇ ئىشنى ئويلىيالىغان بولسامچۇ، ئىسسىت!

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ، ئاكا، ھېلىمۇ كاتتا پىلانلار بىلەن كېتىۋاتىسىز، تېخى كېچىككىنىڭىز يوق.

— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، ئۇكام، قالغان ئىش سىزگە قالدى. سىز دېگەن خەلقىمىز ئېچىدە داڭ چىقارغان كاتتا ناخشىچى. سىزنى كۆرسە ئۇلارنىڭ ھالى قالمايدىغانلىقى ئېنىق. سىزمۇ ئىككىمىزنىڭ پىقىنلىقىنى، يېقىندا ئىشلىنىدىغان ناخشا لېنتىڭىز ئۈچۈن مەبلەغ سالىدىغانلىقىمنى دەپ ئۇلارنى قىزىتىسىز. شۇ ۋاقىتتا مەن تازا كەلتۈرۈپ ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئويۇمنى ۋە زور مەبلەغنىڭ گېپىنى قىلىمەن.

— ۋاي، ئاكا، بۇنىڭدا چاتاق يوق. لېكىنزە، سىزنىڭ كاتتا گەپلىرىڭىز ۋە جىق مەبلەغ سالىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىسا ھەر ئادەملەر بېشىنى ئەگمەي قالمايدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان «گەپكە ئۇستا ئادەم» قاقاھلاپ كۈلدى ۋە:

— ئەگەر ئۇلار ھەمكارلىششقا ئۇناپلا قالىدىغان بولسا، ئىككى يىل ئىچىدە ئۇ ئارامگاھنى قولۇمغا ئېلىپ شۇنداق بىر ئېسىل جاي قىلىۋېتىمەنكى، بىڭسىمنى شۇ ۋاقىتتا كۆرىدۇ ئۇلار،— دېدى.

ماشىنا «دىلخۇش ئارامگاھى»نىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ بارالىڭ ئاستىدىكى ماشىنا توختىتىش ئورنىدا توختىدى.

— ھوي، ئۇلار بۇ يەرگە خېلى ئىشلەپتۇ جۇمۇ،— دېدى «گەپكە ئۇستا ئادەم».

بۇگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، مېھمانلار خېلى بار ئىدى. ئۇلار «ئانار» دەپ نام قويۇلغان سۇپىغا بېرىپ ئولتۇردى.

كۈتكۈچى چەينەكنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى ۋە چاي قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن سورىدى:

— مېھمانلار نېمە يەيدىكىن؟

«گەپكە ئۇستا ئادەم» كۈتكۈچىگە قاراپمۇ قويماي دېدى:

— ئالدى بىلەن دىرېكتورىڭىزنى چاقىرىڭ.

— خاپا بولۇشمىسىلا، مېھمانلار، دىرېكتور ئۇرۇمچىگە كەتكەن.

داڭلىق ناخشىچى «قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك «گەپكە ئۇستا ئادەم»گە قارىدى.

ئۈنچىكە كۈتكۈچى:

— باش دىرېكتور بار، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان «گەپكە ئۇستا ئادەم» قاپىقىنى تۈردى:

— دىرېكتور - پىرېكتورىڭىزنى قويۇپ، باش دىرېكتورنى چاقىرىڭ.

— ئۆزلە بايا دىرېكتورنى سورىغاندىكىن...

— تېز بېرىڭ...

«گەپكە ئۇستا ئادەم» چىراغ بىلەن زىنىنەتلىنىپ يورۇتۇلغان تاختايدىكى ئانارنىڭ سۈرىتىنى ۋە چۈشەندۈرۈشنى كۆرۈشكە باشلىدى ۋە:

— سويىملارنىڭ بۇ ئىشىمۇ ماڭا ياردى، — دېدى.

شۇ چاغدا ئۆمەر مېھمانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئۆمەرنى كۆرگەن «گەپكە ئۇستا ئادەم» — ساۋۇت تاتىرىپ - بوزىرىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. داڭلىق ناخشىچى بولسا بۇ «گەپكە ئۇستا ئادەم»نىڭ نېمە ئۈچۈن تىلىنى چاينىپ قالغانلىقىنى پەقەت چۈشىنەلمىدى.

※ ※ ※

2006 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى «دىلخۇش ئارامگاھى»دا داغدۇغىلىق پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى.

سەھنىگە «مېھرىبان ئاتىلارنىڭ مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى» دېگەن خەت يېزىلغان پىلاكات ئېسىلغانىدى. سەھنىدە مېھرىبان ئاتىلارنىڭ ۋەكىلى قادىر دوختۇر سۆزلەۋاتاتتى:

— ... شۇنداق قىلىپ بىز خېلى يامان ئەمەس ئىقتىساد جۇغلىدۇق. بۇ جەرياندا مېھرىبان ئاتىلارنىڭ ئەزاسى ئۆمەر ئەپەندى ۋە خانىمى گۈلپەرى ئۆز ئارامگاھىدا بىزنى پائالىيەت سورۇنى بىلەن تەمىنلىدى. بىز ئۇلارغا قىزغىن چاۋاكلىرىمىز بىلەن رەھمەت ئېيتىمىز!

قىزغىن چاۋاكنى، خۇشال چىرايلارنى، مىننەتدارلىققا تولغان كۆز ياشلارنى كۆرگەن خەلچەم پەخىرلىك ھېسسىياتقا چۆمۈلدى ۋە شاگىخەي فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان، تېخى نەچچە كۈن بۇرۇن تەتىلى توشۇپ مېڭىپ كەتكەن قىزىغا تېلېفون بېرىپ:

— قىزىم، ئەجەبمۇ كاتتا پائالىيەت بولدى. مەن شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن. بىردەملىككە تېلېفون قىلىپ ئاچىڭىز بىلەن ئاكىڭىزنى مۇبارەكلەپ قويۇڭ، — دېدى.

پائالىيەتتە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن، ئەمما ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئون ئوقۇغۇچىنىڭ ھەربىرىگە تۆت مىڭ يۈەندىن ياردەم قىلىندى.

— ئەمدى بۇرۇنقى ۋەدىمىز بويىچە مەن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا چىقىپ ناخشا كەسپىدە بىرەر يىل

ئوقۇۋالسام بولاتتى، — دېدى گۈلپەرى گۈلدەك ئېچىلىپ.

— بولىدۇ، ئەتىلا شۇ ئىشىنىڭ يولىغا ماڭايلى، — دېدى ئۆمەر چىن كۆڭلى بىلەن.

— رەھمەت، ئارزۇيۇمغا يەتكەندەك بولدۇم، — دېدى گۈلپەرى كۈلۈپ، — مېنىڭ ۋاقتىم ئۆتتى. بۇنىڭ ئورنىغا مۇشۇنداق ئارزۇسى كۈچلۈك ئىقتىدارلىق ياش نوتىلار بولسا يۆلەيلى.

— چاتاق يوق.

ھاياتنىڭ مەنىلىك تەرىپى شۇ: ئەتراپىمىزدا گۈزەل ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بىلەن گۈزەل ئارزۇلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئۆزىنى ئاتىيالايدىغان چىن ئىنسانلار بار!

2008 - يىلى 6 - ئاي تۇرپاندا تاماملاندى، 7 - ئايدا تۈزىتىلدى.

**图书在版编目（CIP）数据**

万事开头难：维吾尔文/吾马尔·阿布都拉著．
-乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2011.7
ISBN 978-7-5371-9857-8

Ⅰ.①万… Ⅱ.①吾… Ⅲ.①长篇小说-中国-当代
-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①Ⅰ 247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2011）第 130191 号

责任编辑：**阿布里克木·艾山**
责任校对：**迪力亚尔·吐尔逊**
封面设计：**木拉丁·阿比提**

**万事开头难**（维吾尔文）
（长篇小说集）
（下册）
**吾买尔·阿布都拉** 著

---

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路 29 号　邮编：830012）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
880×1230 毫米　32 开本　11.25 印张
2012 年 6 月第 1 版　2012 年 6 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000

---

ISBN 978-7-5371-9857-8　　总定价：60.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇلانى




شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ISBN 978-7-5371-9857-8
9 787537 198578 >
ئومومىي باھاسى: 60.00 يۈەن